TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

2011 3

# مەملىكەتلىك ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە داستان كۆرىكى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

2011-يىلى 5-ئاينىڭ 5-، 6-كۈنلىرى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە داستانچىلىق كۆرىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئانتروپولوگىيە ۋە فولكلور تەتقىقات مەركىزى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ ساھەدە خېلى كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۈملىدىن بۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2007-، 2008-يىللىرى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋە «مەملىكەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى »نى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىق مەدەنىيىتى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۈچ نەپەر خەلق داستانچىسى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى-ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋارىسى» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى ۋە مۇۋاپىق تۇرمۇش راسخوتىدىن بەھرىمان بولدى. يىغىندا 11نەپەر خەلق داستانچىسىغا « مۇنەۋۋەر داستان ۋارىسى » دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئارسلان ئابدۇللا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەتقىقات، ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن 200دىن كۆپرەك تەتقىقاتچى ۋە ئىلمىي خادىم قاتناشتى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 11نەپەر خەلق داستانچىسى تەكلىپ قىلىندى، ھەرساھە يىغىن ئىشتىراكچىلىرى 500دىن ئېشىپ كەتتى.

يىغىندا فولكلور پەنلىرى دوكتورى راھىلە داۋۇت فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئانتروپولوگىيە ۋە فولكلور تەتقىقات مەركىزىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمىتىنى دوكلات قىلدى. يىغىن ئارىلىقىدا داستانچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ سېھرىي كۈچىنى كىشىلەرگە يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى ۋە يىغىن ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشتى. يىغىندا دوكتور ئوسمان ئىسمايىل تارىمى قاتارلىق 8 نەپەر تەتقىقاتچى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى ھەققىدە ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.




داستانچىلارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى



فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئارسلان ئابدۇللا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا



تەتقىقاتچىلار مۇھاكىمە يىغىنى ئاڭلىماقتا



تەتقىقات ماقالىلىرى ئوقۇلماقتا

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2011 ـ يىل 3 ـ سان
ئومۇمىي 112 ـ سان

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

2011 ـ يىللىق 3 ـ سان (ئومۇمىي 112 ـ سان)

باش مۇھەررىر: بەختىيار سايىتوف


## بۇ ساندا

### سىياسىي نەزەرىيە


ماركسىزملىق ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە................. ئىمىن قارى قەييۇم (5)
خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئاممىغا قولايلىق يارىتىش پارتىيە ـ ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى........مۇھەممەدئېلى تۇردى (8)


### پەلسەپىۋى تەپەككۇر


قەقنۇس ۋە ئۇنىڭ دىيالېكتىك گەردۇنراھ قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى تەھلىل ....... ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمى (11)


### تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە


تارىخىمىزدىكى تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە ................ تاھىرجان ئەركىن (43)


### مەدەنىيەت ـ مائارىپ


مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە .......................... ئابدۇقەييۇم مىجىت (51)
ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمى ھەققىدە ئىزدىنىش .......................... مۇتەللىپ ئىقبال(62)
ۋاقىت ۋە ھايات ........................................ گۈلمېھرە زۇنۇن (66)

## جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى


جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ...... زۇلپىقار بارات ئۆزباش (68)
قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى قىممىتى ...... شەرىپە ئابدۇغوپۇر (74)


## كىلاسسىك ئەدەبىيات، كىلاسسىك مۇزىكا


ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تەۋەررۈك ئەسەرلىرىنى قوتقۇزۇش — دەۋرىنىڭ تەقەززاسى ...... ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق (78)


## تىل ـ يېزىق، ئاخبارات ـ نەشرىيات


تەھرىرلىك خىزمىتىدە چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى ...... ئىمىر غىياس (89)
ژۇرنالچىلىقىمىز ھەققىدە ئۇمىدلىك ئويلار ...... ئابلىز ئوسمان (98)
كىتاب ۋە مۇھەررىر ...... مۇنارجان توختاخۇن (101)


## قامۇسچاق


سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ سەپىدىشىنى ئىزدىشى ...... دىلشات ئابلىز (104)
ئۇچۇر ۋە تېما تاللاش ...... شاكىرجان مۇرات (107)
نورۇز ۋە نورۇز مەدەنىيىتى توغرىسىدا ...... تۇرغۇن تالىپ (111)


※ ※ ※


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

تۇرسۇنئاي ئابلەت


※ ※ ※


تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى، ئازاد رەھمىتۇللاھ سۇلتان، ئابدۇغوپۇر ئىسمائىل، ئابدۇراخمان ئەبەي،
بەختىيار سايىتوف، رازاق تۇمۇر، مجىت ئابدۇرۇسۇل، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن،
ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى، يۈسۈپجان ئەخمىدى

بەت ياسىغۇچى: روشەنگۈل ھوشۇر

《新疆社科论坛》
（维吾尔文版）
新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊
2011年第3期
总第112期

编委

A.R.布其
A.司马依
B.沙依托夫
M.阿不都如苏力
O.祖农
A.苏里坦
A.艾拜
R.铁木尔
S.谢日甫
Y.艾合买德

主编

巴赫提亚·沙依托夫

本期责任编辑

吐尔逊娜依·阿布来提

## 政治理论

继续推进马克思主义学习型党组织建设……依明卡日·克尤木(5)
改善民生方便群众是党政工作的出发点……麦麦提艾力·吐尔地(8)

## 哲学思考

海合努斯及其论点分析……斯拉木江·谢日甫(11)

## 历史考古

浅谈历史上的无语言符号……塔依尔江·艾尔肯(43)

## 文化教育

浅析文化的变迁……阿布都克尤木·米吉提(51)
维吾尔丧服考……木塔力普·依克巴尔(62)
时间与生命……古力米热·祖农(66)

## 社会学研究

学习社会学是意味着什么……祖丽菲克尔·巴拉提(68)
邻里道德在构建和谐社会中的价值……谢日帕·吾甫尔(74)

## 古典文学 古典音乐

挖掘和整理维吾尔古籍是时代的要求……艾尔肯·依明尼亚孜(78)

## 语言文字 新闻出版

编辑工作的小议……依米尔·格亚斯(89)
办刊工作的几点思考……阿布里孜·吾斯曼(98)
关于图书编辑……木纳尔江·吐呼提(101)

## 小百科

赛福鼎同志寻友记……迪里夏提·阿布里孜(104)
信息与选题……夏克尔江·木拉提(107)
诺鲁孜节及诺鲁孜文化……吐鲁洪·塔里甫(111)

# ماركسىزملىق ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە

ئىمىن قارى قەييۇم

ج ك پ 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 12 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» دە: «ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» لازىملىقى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش — پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇش**

بىرىنچى، پارتىيىمىز ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىدا خۇ جىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۆگىنىش مەسىلىسى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ تەكىتلەپ: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تېخىمۇ ياخشى چىقىش ئۈچۈن بىز ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ: «تىرىشىپ ئۆگىنىشچان پارتىيە قۇرۇش» ۋەزىپىسى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆپ قېتىم: «پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چوقۇم دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. بولمىسا پارتىيە ئىلغارلىقىنى، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، 21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشچان پارتىيە قۇرۇشىدىكى زور يېڭىلىق يارىتىش ئەمەلىيىتى بولۇپ، ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىغا يېڭى دەۋر مەزمۇنىنى قوشتى. پارتىيە 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلمىسى بۇ تەجرىبىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشچان پارتىيە قۇرۇشنى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىدا «ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» لازىملىقىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئىككىنچى، ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر تەلىپى ۋە زور تەدبىرى. پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەلگەن. 60 يىل ئىلگىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيەۋى تەسىرىنى تۈگىتىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن پارتىيەلىك كادىرلار تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىپ، «دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان»، «سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش»، «خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى» دېگەندەك ماركسىزملىق ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئومۇملاشتۇرغانىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان

ئەمەلىيەت جەريانىدىكى يېڭىلىق يارىتىشتا ئېرىشكەن ھەربىر زور ئىلگىرىلەشلەر نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلمايدۇ. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سەنئىتى، شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە توپلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى. بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى ھازىرقى دۇنيا ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى ۋە پارتىيە ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە سەپەرۋەر قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە زور تەدبىرى. بۇ پارتىيە 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئاساسى.

**2. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش — تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىل**

بىرىنچى، ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىقلا پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلىغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. پارتىيە ئىلغارلىقىنى ساقلاشتا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، باشتىن - ئاخىر جۇڭگودىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە، جۇڭگودىكى ئەڭ كۆپ سانلىق خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىشتىن ئىبارەت. دېمەك، دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئىككىنچى، ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىقلا پارتىيەمىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى، بولۇپمۇ زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ماھارىتى ۋە سەنئىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەتتە زىددىيەت بولىدۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى زىددىيەت ھەرىكىتىدە تەرەققىي قىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە مەيلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ماس تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتا بولسۇن ۋە ياكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتا بولسۇن، ھامان ئىلگىرى يولۇقۇپ باقمىغان زىددىيەت ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. بۇ بىزدىن ئىلمىي تەرەققىيات تەلىپى بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئۇسۇلنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشكە ماھىر بولۇشنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، ئاممىۋى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەدە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىدىغان ئورتاق نىشاننى شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىقلا پارتىيە ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، پارتىيەنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە كەسكىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىقى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىنىقى، بازار ئىگىلىكى سىنىقى ۋە تاشقى مۇھىت سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيەمىز ئۈچۈن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشى كېرەك. ھازىرقى گەۋدىلىك مەسىلە پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش. بۇمۇ بىزدىن ئاڭلىق ھالدا ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت باش مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، ھىمايىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زېھنىنى ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە قارىتىش، ماھارىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى پارتىيە ئىچى - سىرتىدا مەركەزلەشتۈرۈشمۇ، دېموكراتىيەمۇ بولغان، ئىنتىزاممۇ، ئەركىنلىكمۇ بولغان، بىرلىككە كەلگەن ئىرادىمۇ، شەخسىي كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ياخشى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا بىز دەۋاتقان ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەنىڭ باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىشىدىكى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.

**3. يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر**

بىرىنچى، ئۆگىنىشكە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئالدى بىلەن ئىلغار، ئىلمىي ئىدىيە ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى ئىلمىي دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئاڭلىق ھالدا ئىلغار نەزەرىيەنى تەدبىقلاپ، دۇنيانى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇ بارلىق پارتىيە ئەزالىرىدىن ماركسىزمنى تەدبىقلاشقا، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئۆز رايونى، ئۆز ساھەسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاشقا ماھىر بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، پارتىيە ئەزالىرى ئاڭلىق ھالدا داۋاملىق ئۆگىنىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەقىقىي باراۋەر، كىشىلەر بەھۇزۇر پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان، ھەقىقىي ئېچىۋېتىلگەن تەشكىلىي مۇھىت يارىتىپ، ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىش تەشكىلاتىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، بىر - بىرىگە تۈرتكە بولۇش خاراكتېرلىك، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش خاراكتېرلىك ۋە ئېچىۋېتىش خاراكتېرلىك ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلىنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ئەزالىرى بىر - بىرىدىن ئۆگىنىدىغان دەرسخانا، ئىدىيە ئالماشتۇرىدىغان سورۇنغا ئايلاندۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆگىنىش، ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ھەر ساھەدىكى ئىلغارلارنى پارتىيە تەشكىلى ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيەمىز تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ۋە ئىلمىيلىققا ئىگە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈرلۈك سىستېمىلىق، ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيەدە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشكە، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈملۈك مېخانىزم، يەنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، تەربىيەلەش مېخانىزمى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە قارىتا تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئۆگىنىش مەزمۇنى، ئۆگىنىش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەردىن ھەرقايسىسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەندىزىنى تاللاش لازىم.

قىسقىسى، پارتىيەمىز ئۆگىنىشچان پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ، ياخشى تۇتقان ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن پارتىيەمىز خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈزەلەيدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدۇ.

---

**پايدىلانمىلار:**

ج ك پ 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 12 - بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇرچە، 2010 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانى

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى پەلسەپە ئوقۇتۇش - تەتقىقات بۆلۈمىدە

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتمىن

# خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئاممىغا قولايلىق يارىتىش پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى

مۇھەممەدئېلى تۇردى

نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە پارتىيە — ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ مەقسىتى — خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئاممىنىڭ ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قۇلايلىق يارىتىش ئىكەنلىكى دەۋر تەرەققىياتىغا ئاساسەن يېڭى تەلەپ، يېڭى ئۇسۇل ۋە يېڭى ئۆلچەم بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئەمەلىي ئىش باشلاندى. كىشىلەرنى كۈندىلىك يېمەك - كىيمەك، يېقىلغۇ، كۆكتات قاتارلىق ھاياتلىق لازىمەتلىرى بىلەن ئەرزان تەمىنلەش، قۇلايلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، توك، سۇ، گاز بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن كېرەكسىز سۇ يوللىرىنىڭ راۋانلىقى، ئەخلەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، يوللارنىڭ راۋانلىقىغىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاممىنىڭ خاتىرجەم، پاكىز ياشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىلىۋاتىدۇ، قاتناش ئىشلىرىنى ئەرزان، قۇلايلىق، راۋان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە كوچا چارلاپ مۇلازىمەت قىلىش ئاپتوموبىللىرىنى چىقىرىپ، كېسەل، مېيىپ، ئىگە - چاقىسىز، سوغۇقتا ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان كىشىلەرنى ھەقسىز ھالدا مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇشتەك خەلقنى خۇشال قىلىدىغان، خەلق ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولغان چوڭ - كىچىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ خەلقنى مەنپەئەتلەندۈرۈۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە ھەرقايسى جايلاردىن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، خەلق پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە پارتىيە - ھۆكۈمەتتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت يەنە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئادىل، ئاشكارا بولۇش، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىش بېجىرىشتە، كېسەل كۆرستىشتە، داۋالىنىش ئىشلىرىدا ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، دەۋا - ئەرزىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ھەل بولۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش قاتارلىق ئامما ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم ئىشلاردا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىقلارنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، بۇ ھەقتە زۆرۈرى سىياسەت ۋە پىرىنسىپلار بەلگىلىنىپ بولدى. يەنە ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىرمۇ ئادىمى ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئائىلىلەردىن بىر ئادەمنى 24 سائەت ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى جىددىي ھەل قىلىش، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە 100% كاپالەتلىك قىلىش، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى، شەھەر ئاھالىسى، دېھقان - چارۋىچىلارنى تۈرلۈك سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش، بولۇپمۇ داۋالىنىش سوغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇشنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈشنى 100% گە يەتكۈزۈپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى مەڭگۈ خاتىرجەم قىلىشتەك، خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇھىم ھەم زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىدى. بۇ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلمىي تەرەققىيات يولىغا سالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھەمدە كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان ھەقىقەت. پارتىيە - ھۆكۈمەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر بۇ مۇناسىۋەتنى تونۇپ يەتكەن ئەھۋال ئاستىدا پارتىيە ھۆكۈمەت خەلق ئالدىدىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى قانداق ئادا قىلىدۇ، ئۆز مەقسىتىگە قانداق يېتىدۇ، خەلق بولسا پارتىيە - ھۆكۈمەت تاپشۇرغان مەجبۇرىيەتنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى يىلىدا خەلقنى ماكانلاشتۇرۇپ بېيىتىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەقىقەتەن ھەرقانداق ئىشنى «ئېغىزدا دېمەك ئوڭاي، ئەمەلدە كۆرسەتمەك تەس»، پارتىيە - ھۆكۈمەت دۆلىتىمىزنىڭ جۈملىدىن رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ تۇرالغۇ ئۆي كاپالىتى قۇرۇلۇشى؛ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ يولنى راۋانلاشتۇرۇپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈپ بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ ئېچىش - يۆلەش ۋە چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇ-

سىياسىي نەزەرىيە

شى؛ ئاساسىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ئاساسىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا ياردەم ۋە غەمخورلۇق قىلىش قۇرۇلۇشى؛ كۆتۈنۈش، ياشانغانلار مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى؛ مائارىپقا كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشى؛ ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار قوش تىل مائارىپى قۇرۇلۇشى؛ كەسپىي مائارىپقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى؛ خەلقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىتىش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر - يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى؛ ناھىيە، يېزىلارنىڭ تەنھەرىكەت، بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ مال باھاسىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى؛ شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى؛ ئاساسىي كاپالەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 22 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا يىغىنچاقلاپ، بۇلارنى 2011 - يىلى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمدىكى مەسىلە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، بۇ پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنى بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئەقلىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئەستايىدىل ئويلىنىشنى، ئىلمىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى ئۇسۇل تېپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ 22 تۈرلۈك نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشى بولۇپ، خەلقنى بېيىتىش چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسەت قىلىنغان. نۆۋەتتىكى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپى — يۇقىرى نۇقتا، يۇقىرى تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بولۇپ، خەلقنى تۇرمۇشتىن ھەقىقىي ھوزۇرلاندۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە رازى قىلىش نىشان قىلىنغان.

**1. خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھمىيىتىگە بولغان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، قاتماللىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا «ئىدىيەدە ئازاد بولۇش» نى ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ تاكى ھازىرغىچە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى كونا قائىدە - تۈزۈمدىن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىلىرىدىن ئازاد بولمىدى ۋە بولمايۋاتىدۇ، تەرەققىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، خەلقنى بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، مۇھىت شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، بىز بۇرۇن ئاشۇنداق قارىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىياتنىڭ ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە پارتىيە - ھۆكۈمىتىمىزنى خەلق تۇرمۇشىنى قانداق قىلىپ «تېز سۈرئەتتە، ياخشىلىغىلى بولىدۇ» دېگەن قىيىن مەسىلىگە جاۋاب تېپىشقا مەجبۇر قىلدۇق. بىزدە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيەسى بولغاندىلا، پارتىيە - ھۆكۈمەت نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت يېڭىچە خىزمەت تەلىپىگە ماسلىشالايمىز.

**2. خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ھەم تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەك.** خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلق ئويلىغاننى ئويلاش، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراش، ئۇنى يۇقىرى نۇقتا، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش پارتىيە - ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەركىزى. بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشتىكى ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت خالاس. دۆلىتىمىزدە بۇ خىزمەت گەرچە ئوخشىمىغان سەۋىيەلەر تۈپەيلىدىن كېچىككەن بولسىمۇ، بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتۇق، ئەمدى يەنە ئارقىغا سۈرۈشكە، سۆكۈت قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى يۇقىرى تەلەپ بىلەن دادىل ھەرىكەتكە كېلىپ، سۈرۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا تىرىشىش كېرەك.

**3. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلاش ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك.** مەيلى خەلق رايى قۇرۇلۇشى ياكى مۇلازىمەت تىپىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇش بولسۇن بۇ مەركەزدىكى بىر قانچە رەھبەرلەرلا دېيىدىغان ھەم ئۇلار ئۆزلىرىلا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان خىزمەت ئەمەس، بەلكى مەركەز ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ئىلمىي ئوبيېكتىپ ھالدا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان، تۆۋەندىكىلەر جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدىغان سىياسەتچانلىقتا، پرىنسىپچانلىقتا ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە ئەمەلىي خىزمەت. شۇڭا ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردا خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ، قىيىنچىلىقلاردىن بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان جاسارەت، خەلقنى كۆڭلىگە پۈككەن غايە ۋە خەلقنى ئۆزىگە مايىل

قىلىدىغان ئىلغار باشقۇرۇش، تەشكىللەپ يېتەكلەش ئۇسۇلى بولمىسا، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى يىلىدىكى خىزمەتلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش تەس. ھەربىر رەھبىرىي كادىر بۇ نۇقتىدا ئالدى بىلەن تولۇق ئويلىنىشى ۋە بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

**4. خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي قۇرۇلۇشىنى ئۇتۇقلۇق ھەم سۈپەتلىك تاماملاش ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش كېرەك.** پارتىيە ـ ھۆكۈمەت خەلقنى تەشكىللەيدۇ، خەلق ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ. خەلق تەشكىللەنمىسە، خەلق ھەرىكەتكە كەلمىسە ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن سۆز ئاچماق قىيىن. شۇڭا خەلق رايى قۇرۇلۇشىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، تېز ئۈنۈمىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، خەلقنىڭ رايىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاللاپ، بارلىق تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى بەھرىمەن قىلىدىغان ۋەزىيەت يارىتىپ، پۈتۈن خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش كۆزلىگەن نىشانغا ئۈنۈملۈك ھەم ئوڭۇشلۇق يېتىشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا بۇنىڭدا پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى رەھبىرىي كادىرلار توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۈنۈملۈك ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇ ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق باشلاپ، ئۈنۈملۈك تاماملىغىلى بولىدۇ.

**5. مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە سىياسەت بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىشى كېرەك.** چۈنكى قانۇن، سىياسەتلەر بارلىق خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى. سىياسىي ئاساسى ۋە قانۇن كاپالىتى بولمىغان خىزمەتتىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. خىزمەت مەزمۇنى، مەقسىتى، ۋاسىتىسى، ئۇسۇلى ۋە ئۈنۈمىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەلىك ئورۇنلارنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. خىزمەتلىرىمىزنىڭ تازا ئۈنۈملۈك بولماي كېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنىڭ بىرى نازارەت خىزمىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى خەلق نازارىتىنىڭ كەم بولىشىدۇر. خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىدا نەپ ئالغۇچى خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمەت جەريانىنى خەلق ئۆزى نازارەت قىلغاندا خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

دېمەك، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە چىقىش نۇقتىسى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئامىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا قولايلىق يارىتىش ئىكەن، ئۇ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان خىزمەت مەجبۇرىيىتى ئىكەن، خەلق بولسا تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بىۋاسىتە نەپلەنگۈچى ئىكەن، ئۇ ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئوتتۇرا ۋە ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنى مۇستەھكەملىگەندىلا ئاندىن پۈتۈن خىزمەتنىڭ تەرەققىياتى ئالدىن كۆزلەنگەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ھالدا ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ، ئاندىن «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش» نى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئۆز خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغانلىقىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە ھەقىقىي ھېس قىلدۇرغىلى، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان رازىمەنلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىكى تەشەببۇسكارلىق، جانلىقلىق، ئاكتىپچانلىق، ئىجادچانلىق روھىنى قوزغاتقىلى ھەمدە تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بىزنىڭ گۈزەل ۋەتەن قۇرۇپ چىقىشتەك ۋە باياشات، بەختلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك ئۇلۇغۋار غايىلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاممىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ.

---

## پايدىلانمىلار:

1. 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ «2011 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان 22 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش» ھەققىدىكى قارارى.

2. مەركىزىي پارتىيە مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ساۋ لى: «خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ياخشىلاش خىزمەتلىرىمىزنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى»، خەلق تورى.

3. «خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلىنى تېزلىك بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى»، خېنەن ئىقتىساد گېزىتى، 2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سانى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى دوتسېنتى

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتمىن

# قەقنۇسنىڭ دىيالېكتىك گەردۇنراھ قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى تەھلىل

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېردەمى

«نۆلدىن باشلاش» دېگەن نېمە؟ ئەسلىدە سانلار ۋاقىت ئېقىمىدەك مەلۇم رەقەمدە توختاپ تۇرمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ نۆل قويۇش مۇمكىن؟ مەلۇم يەكۈنگە كەلگەندە جەمئىيەتتىن تەبىئەتكە چىقسەن، مەسىلەن، 2000 ـ يىلى بىر يىل، مەن بۇنىڭدىكى ئۈچ نۆلنى ئېلىپ بىرىنچى نۆل ئۇچۇن دۇنيانى، ئىككىنچى نۆل ئۇچۇن دۆلەتنى، ئۈچىنچى نۆل ئۇچۇن ماكانىمنى ئېلىپ ئالدىنقى زامانلار تەڭلىمىسىنى ھېسابلاپ كۆرمەكچى بولدۇم.

ـــ قەقنۇس

## 1. نۆل ۋە قەقنۇستىكى ئەقىدەت

ھۆرمەتلىك دوستلار، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەتقىقات مەزمۇنىنى ئىنفىگىراپىمىزدىكى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈپ، ئۈچ نۆلدىن ئىش باشلاۋاتقان بۇ دانىش بىز بىلەن چاغداش كىشى بولۇپ، ئۇ ئۈمۈرلۈك ئىزدىنىشلىرىدە يازغان نەچچە تاغارلاپ قول يازمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا «تەڭرى ئىرادەتلىرىسىز قىل تەۋرىمەس ـ يەنى تەبىئەت قانۇنى ھۆكۈم سۈرمەيدىغان ماتىرىيە ۋە ئانىرگىيە زامان ماكانى مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن ھەقىقەتكە ئەقىدە تىكلىگەندىن كېيىن، 2000 ـ يىلى چىقىپ كەتكەن «يېڭى ئىرا» دېگەن كاتتا باشلىنىش ئالدىدا شۇنداق يۇرەكلىك سۆزلىمەكتە. ئۇ ھازىر «مەيلى ئۆتمۈش بولسۇن، مەيلى ھازىرقى كۈرمۈش بولسۇن شۇ بويىچە كېتىۋاتىدۇ» دەيدۇ. كېلەچەكنىمۇ مۇشۇ ئىرادەت ئىچىگە قويىدۇ، ئۇ بۇنداق دېگەندە ئاللا قانداق خام ـ خىياللار دەرياسىغا چۆمۈلۈپ كۈندۈزدە چۈش كۆرمەستىن، جانلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئالەم بىلەن جىسمىمىزنى ئۇلايدۇكى، ھەممىنى چىنلىقتىن يېشىدۇ. مەسىلەن، بىز قەدەملەپ كېتىۋاتقان چاغدا، بىزدىكى نەزەر ئون، يۈز، ھەتتا مىڭ، مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەنزىرىنى كۆرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، ھەر قەدەمدىكى پۇت ئالماشقان، نۆۋەتلەشكەن چاغدىكى نەپەس تەڭپۇڭلىقىمىزنى ۋەزىن قىلىپ ھاياتلىقنى قوغداۋاتقان ئەمەلىيەتنى ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھوشيارلىقنىڭ ھەممىسى ئون قەۋەتلىك چەمبەر قارىشىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ قاراش مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياراتقۇچىنىڭ ئالەملىك كۈچ ئايلانمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلغان بىر خىل دۇنياغا قاراشتۇر. بىلىش ئىختىيارلىقى ياكى بايقاش ئىمز ـ چىللىقىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇنداق تەڭپۇڭلۇق قوغلىـ ـ شىشلىرىنى خۇددى تەقۋادارنىڭ مەھشەرگاھتىن تىنىچ ئامان ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تەڭرىلىك ئىرادەت (تەبىئەت قانۇنى) نى كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر مەشغۇلاتىدىكى تىگىشلىك ئىبادى ۋە ئىجادى تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇۋالغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىلغان كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلىرىمدە قىسقا ـ قىسقا سۆزلەشكەن ياكى دىيالوگ قىلىشقان بولسامۇ، ئەمما ئۇ قىسقا دىيالوگ ياكى سۆھبەتلەردىن ئۆمۈر بويى ئوقۇغان كىتابلاردا يوق ھەقىقەتلەرنى قىياس قىلىپ ئالغان ۋە بەزىلىرىنى ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى شۇنداق ئەستايىدىل ئادەم ھېسابلىدىم. بىراق ئۇنىڭ ئونلۇق دىيالېكتىكىسى ياكى دىيالېكتىك گەردۇنراھنى چۈشەنمىگەن ئۇكا ئاغىنىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ئۇنى ماڭا ھەر خىل چۈشەندۇرۇپ ۋاسىتىلىك ۋە بىۋاسىتە كۆيۈنچىلىرىنى بايان قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ كونكرېت ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىغاندا پەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ «دۇنيادا ئەيىبسىز ـ نۇقسانسىز ئادەم بولمايدۇ، ئەيىبنى تۈزىتىپ، پاكلىق مەرتىۋىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئەيىبنى تونۇش كېرەك. بىراۋنىڭ ئەيىبىڭنى يۈزۈڭگە سېلىشى ساڭا قىلىنىغان چوڭ ياردەمدۇر. بۇ سېنى زۇلمەتتىن نۇرغا باشلىغانغا باراۋەر. ئەيىبنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى سەن ئۈچۈن رەھنەما ـــ يول باشلىغۇچىدۇر، سەن ئۇنىڭغا جان، دىلىڭ بىلەن رەھمەت ئېيتىشىڭ كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن زامانىڭنىڭ پاراسەت ئىگىلىرىنى، ياخشى خۇلق ھەم ساڭا شۇ خىلقنى ئۆگەتكەن ياخشى خەلقىڭنىڭ قەدرىنى بىل» دېگەنلىرىنى كۆڭلۈمدىن كەچۈردۈم ـ دە، ئۆزۈمدىكى مۇرەككەپ نەزەردىيە مەسىلىلىرىگە تەمكىن بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردە يېڭى ـ يېڭى ھوشيارلىققا ئىگە بولدۇم، بىراق يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئالغان تەسىراتلار بويىچە ئۆزۈمنى ئاختۇرۇپ ئىچىمنىڭ ئىچىدىكىلەرگە قارىسام، خۇددى قەقنۇستەك بىر تەبىئىي سەزگۈمىنىمۇ بەند قىلىپ تۇرۇۋېتىمكى، گەرچە ئۇنىڭدىكى سەزگۈ ئەزالىرى ھەممە ئادەمدە بولسىمۇ، بايقاش تۈيغۇلىرىدا مەندىن چەندان ئۈستۈنلىكى بىلەن مېنى تەبىئەتلىك بايقاشلىرىغا جورا قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ گاھى گاھىدا ئۇ ـ

پەلسەپىۋى تېپەككۇر

زۇمنى تەبىئەتتىكى ھاۋا بىلەن، شامال بىلەن، ئاپتاپ بىلەن قار ـ يامغۇرلار بىلەن، ھەتتا پۈتۈن زېمىن بىلەن توتاشلىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمەن. ئۇلاردىن كۆڭلۈمگە بېشارەت بولغان پىكىرلەرنى تىزغاندا ئۆزۈمنى يەنە شۇ تەبىئەتتىن ئەمدىلا كۆكلەۋاتقان نوتا، بىخ سۈرۈۋاتقان ئۇرۇق، تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاق ... دېگەندەك ئاللاقانداق ئۇنسۇرلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ئىچىمدىن تۇغۇلۇۋاتقان بۇ مەنىۋى بوۋاقلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئەتراپىمدىكى دىلكەشلىرىمگە سۆزلەپ بەرسەم، كۆڭلۈم يايراپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتىمەن. بۇلاردىن بىلدىمكى، مەندىكى ئاشۇ سەزگۈلەر ئۇنىڭدىكى تەبىئەت دۇنياسىدا جىلۋە قىلىپ تۇرغان پاكىتلار بويىچە ھەممىگە يېشىم بېرىدىغان ئىلمىي تەقۋالىقتا قوشۇلۇپ جانلىنىۋېتىپتۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇنداق بىر تەبىئىي قوزغىتىش بار ئىكەنكى، مەن شۇنچە ئۇزاق تەھرىرلىك تارىخىمدا تەبىئەت، جەمئىيەت، تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى ئۆز جىسمى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىپ سۆزلەيدىغان بۇنداق ئاپتورنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەبىئىي تارازىلار بىلەن ئۆلچەيدىغان يېڭى ئەقىلگە ئىگە بولۇپتىمەن. ياراتقۇچى تەبىئەت ماڭا شۇ كىشىلەر چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بۇنداق ئادەملەرنى ھايات ۋاقتىدا تونۇپ ئالىدىغان ئەقىلنى بېرىپ، دوستلارغىمۇ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇيدىغان» تەقدىردىن قۇتۇلدۇرغاندا، ئېھتىمال مېنى مۇشۇنداق يېڭىدىن تۇغۇلغان پىكىرلەر بىلەن قوغداۋاتقان قىلغان بولسا كېرەك. كۆڭۈل كۆزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئۆز ئۆمرۈمنىڭ ئەمدىكى ئويغىنىشى ياكى ئىنسان ـ ئەقىدىسى ھەققىدىكى سۆز دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما، شۇ بىرلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ئۈچۈن بىر كاۋاك چالمىسى بولىدىغان ئەقىل دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، مەن شۇ كاۋاك چالمىسى بولىدىغان ئەقلىم بىلەن ئۇنىڭ «نۆل» دېگەن باشلىنىش نۇقتىسىنى ئەقىدىلىك ۋە تەقۋادار ئاتام رەھمىتىدىن ئاڭلىغان «نون» (ھالال)[①] بىلەن باغلىۋالدىم ـ دە، كاللامدا ئۇنى «بىز بىلمەيدىغان بىر جەۋھەرنى ئىچىدىن بايقىغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئاخشامدىلا تالاي گەپلەرنى تىزىق ئېتىۋېتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغان دانىش» دېگەن ئوي بىلەن سەزگۈرلىشىپ، ئۇنىڭدىكى بايقاش تەسىرلىرىنى زېرىكمەي ئىزدىدىمكى، ئاخىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن خۇددى دۇنياۋى پەيلاسوپلارنىڭ دۇنيانى دۇنيانىڭ ئۆزىدىن چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۇلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغان مىللىي سالاھىيەت بىلەن بوگۇنكى جۇڭخوا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ يېڭى گۈللىنىشىگە ماس جەۋلان قىلدۇرۇپلا قالماستىن، ئالەمنىڭ سىرىنى ماددا ياكى ئوبيېكتىپ چىنلىقتىن ئېچىپ بېرىۋاتقان ئىنتىلىشىنى، شۇنداقلا «ھەرقانداق نەزەرىيە ئىنساننى نېگىز قىلىدۇ، شۇڭا تېپىك ئىنسان قۇرۇلمىسىدىكى مەنتىقىنى يېشىپ بېرىشنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ دىققەت مەركىزى قىلىش لازىم» دېگەن قاراش بىلەن ئالەم ۋە ئادەمنىڭ سىرلىرىنى يېشىپ بېرىۋاتقان قۇرئى تەپەككۇر مېتودىنى بايقاپ ئېلىپ، تەتقىقات مەركەزىدىكى ئونلۇق ۋە بەشلىك دېگەن ئاددىي گېپىنىڭ تېگىدە خۇددى ماڭا ئۆمۈرلۈك ئىزدەنسەم يەتكىدەك پاراسەت غىزىنىسى يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىپ يەتتىم ـ دە، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن نەزەرىيەسىگە «دىيالېكتىك گەردۇنراھ» دېگەن نامنى بەردىم (بۇ نامدىكى «گەردۇن» ئالەملىك گەردىش ياكى ئۇن قۇۋۋەت ئاسمان، راھ، رەھىم ـ شەپقەت ياكى ئارامى خۇدالىق، ھورلەرچە راھەت مەنىسىدە) ھەمدە ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە، بولۇپمۇ بۇ ئىشقا ئىخلاس قىلغان باش تەھرىرىم بەختىيار سايىتوپقا بۇ ھەقتە تەكرار ئىزاھات بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىلمى تەرەققىياتقا زۆرۈر بولغان بۇ پەلسەپىۋى ئىدىيەنى ۋاقتىدا تېپىۋېلىشى ئۈچۈن دەمۇدەم دەۋەتچىلىك قىلدىم. مەن «دىيالېكتىك گەردۇنراھ» (گەردۇن ئاسترونومىيەلىك ئۇقۇم، ئۇن ماتېرماتىكىلىق ئۇقۇم، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەكس تاناسىپلىق بولسا دىيالېكتىك ئۇقۇم، شۇڭا، دىيالېكتىك گەردۇنراھ دېيىلمەكتە) دېگەن گەپنى ئۇنىڭغا شەخسىي ئامراقلىق ياكى مەلۇم بىلىمدانىنىڭ دەۋىتى تۈپەيلى دەۋاتىمەنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ماھىيان[②] ـــ گەردۇنراھ ياكى ئۇن قۇۋۋەت پەلەك تەسەۋۋۇرى، بىرىنچىدىن ئۇن تارىخى سۆيەت، ئىككىنچىدىن ئۇن ھازىرى ھەرىكەت بىلەن تۇرلىنىپ، ھەربىر ئىنساننى ئىلمىز جۇڭگو ۋە يەر شارى تەقدىرىگە كۆيۈنچى زېھنىيەت بىلەن ئىدرەككە ئىگە قىلغۇچى يېڭى مائارىپ مەرىپەت نېگىزى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ سۆز مېنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرۇم ياكى مەلۇم ھەۋەس بىلەن دوراشتىن كېلىپ چىقتىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەكرار ئېچىلغان گىياھسىمان ھەقىقەتلەر دەۋىتىدىن ۋە بۇ ھەقىقەتلەرگە قايىل بولغان يۈزلەپ ئوقۇرمەنلەرگە قوشۇلغان قايىللىقىمدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خۇددى چۆل ـ جەزىرىلەرگە ئۈنگەن گىياھلار تەبىئەتتە تۇرلۇك كىلىماتى ئۆزگىرىشلەر بولۇشى ۋە ئۈستىگە سەپەر كاۋانلىرىنىڭ دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، يارىتىلىشىدا تەبىئەتكە سىڭگەن ھاياتلىق خۇسۇسىيىتى بويىچە ھەر زېمىستاندىن كېيىن يەنە بىخ سۈرۈپ ئۈسۈپ چىققىنىغا ئوخشاش بىر تە-

بىئىلىك بىلەن ئەمەلىيەتكە يىلتىز تارتقانىكى، مانا ئۆرە تۇرغان گەۋدىمىزدىكى ئىككى قول، ئىككى پۇت ۋە تۇغما سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق تېنىمىزگە ئىچكىرىلەپ كىرسە، بەش قەۋەتلىك يارالمىشنىڭ چوققىسىدا تۇرغان ئادەمنىڭ زېھنى ئارقىلىق دۇنيانى ئەينەن شەيئىلەردىن ئېچىپ بەردى.

مانا ھازىرمۇ كاللامدا، ئۇنىڭدىكى «نۆل» دىن باشلىنىۋاتقان بۇ نۇقتىنىڭ قايسى مەزھەپ ياكى قايسى ئىلىمگە تەۋەلىكىنى سورىغان چاغدا، ئۇ بەرگەن جاۋابلار نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا شۇ چاغدا بەرگەن جاۋابىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تولۇق بىلىپ يەتكۈچى ئىرپان ئېرىشىدىغان دەرىجىگە چىقىپ — ھازىرقى زامان پىسخولوگلىرىمۇ بىلىپ يېتەلمىگەن بىر ساھەگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، ھاياتلىقنىڭ دىيالېكتىك ھەرىكىتىنى ئۆز جىسمىمىزدىن ئېچىپ بېرىۋاتقان ئالىمدەك ھېس قىلغان ئىدىم. قىسقارتىپ ئېيتسام، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنلۇق قارىشىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا ماڭا دەرسلىك بولغىدەك مۇنۇ ھېكمەتنى سۇزۇپ بەرگەن ئىدى:

مەن «ئۇن قەۋەت چەمبەر» گە مەنسۇپ. ئۇن سۇپەت ئىنسانلىقنى قۇتۇلدۇرغۇچى ئەقىدەت ـ «ئۇن خۇمايى يەزەل» نى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئىزتىراپ ئىچىدىكى مۇمكىنچىلىكىگى مىلڭ يىللار بولغان غايىۋى خىيالدىن تۇغۇلىدىغان مىھزان «ئۇن پۇخايى مەمنۇن» ئىزدىنىشلىرىنى، بولۇپمۇ پەيلاسوپ ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىشنى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن. ئەدىبلەر ئۈچۈن ئەھمىيىتى مەسىلىسىگە كەلسەك، مەيلى «ئۇن گۇناھى ئەزەل» بولسۇن، مەيلى «ئۇن خۇمايى مۇتلەق» بولسۇن، بۇ ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ يادروسىنى تۇتقانلىق بولىدۇ. ئادەتتە تەبىئەت پەنلىرىدە ماتېماتىكىنى تەپەككۇر ئاساسى دەيمىز. نامەلۇم تەڭلىمىلەرنى يەشمەك ئىلىمنىڭ نېگىزى بولغاندەك، پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتتىمۇ ئىنسان ھېسلىرى بىيو ئېلېكترون بولغان، بەدەنلىرى رەقەملىرىگە ئوخشاش مىقدار سۇپەت قانۇنى بويىچە تەڭپۇڭ بولىدىغان ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىيات تەڭلىمىلىرىنى ئېچىپ بەرمەك نېگىزلىك مەسىلىدۇر. بۇنداق نېگىزلىك مەسىلىنى ھەممىمىزنىڭ دەماللىققا چۈشىنىپ كېتىشىمىز ناتايىن. شۇڭا، ئۆزۈمدە شۇ شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلاش ئۈچۈن، سۈكۈتتە تۇرىمەن، سۈكۈتلىرىمدە ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە نەسىھەت قىلغۇچى «ئۆگلۈك» تىلىدىن:

سەن ھازىر بىر ئوتخور مەخلۇق، ئەمما، خىيالىڭدا گۆشخور مەخلۇقنى ئۇۋلىغۇچى «ئالىپ ئەرتەڭۇ» ئەۋلادى بولغىن. ئەشۇ خىيالىڭ شەرتلىرى بولغان بۇلۇت، يامغۇرنى تىزگىنلەش، نىشانلىق كۆچۈرۈش سىرلىرىنى، تاغلارنى، سايلارنى ئورمان يايلاق بىلەن قاپلاش، ئوتخورلارنى، ئاندىن گۆشخورلارنى مول قىلىش ئارزۇلىرىنى نەسر ۋە نەزىم قىلىپ تاشلاۋەرگىن. ھازىر يەۋاتقان ئوت ـ چۆپ ئوتخور ماتېرىياللىرىدىن بولغان يېمەكلىكلەرگە بەك ھېرىس قىلما. ئەلڭ بولمىغاندا بىمارلىق دەردىڭ ئازراق بولىدۇ، دەپ پىچىرلاپ تۇرىمەن.

مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قايىللىق بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدىم: راست ئېيتىسەن، سەن قىلىۋاتقان ئىشىڭنىڭ ئادىمى. گەردۇنراھ كۆڭلۈڭگە سالغان ھەقىقەتنىڭ ئەلچىسى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى نەپەس دەقىقىلىرىڭ بىلەن شۇ ئىشتا سەن، شۇ ھەقىقەتنى زىكرى قىلماقتىسەن. بۇنى كىشىلەر بىلمەيدۇ، شۇڭا، ئىسمىڭنى ھەم ئۆزلۈكۈڭنى ئۇنتۇلغان ئۆگلۈك تىلىدىن سۆزلەۋاتىسەن. سېنىڭ بۇ جاۋابىڭ ھەزرىتى رۇمچە بولدى. ئۇنى تۈركلەر كۇنيادا ياشىغانلىقى ۋە شۇ كۇنيا تۈركلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە پۈتۈكچى بولغانلىقى، ھەمدە تۈرك خانى ئۇنى پۈتۈكچىلىرى بىلەن ئاسرىغانلىقى، شۇنداقلا بۇ زاتنىڭ رازى ـ رىزالىغى بىلەن كۇنيادا قەبرە تۇتۇپ ياتقانلىقى بىلەن «تۈرك» دېسە، تاجىكلار ئۇنى ئەسەرلىرىنى پارسچە يازغانلىقى، ھەمدە ئەلڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «مەسنەۋى» نىلڭ «پەھلىۋى قۇرئان» ئاتالغانلىقى بىلەن پارس دېگەن ئىدى. ئەرەبلەرمۇ بۇ ئۇلۇغنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نەسەبىنى ھەزرىتى ئابابەكرىگە باغلاپ «ئەرەب» دېيىشكەن ئىدى. ئۇ بولسا شېئىرلىرى ئارقىلىق: «مەن خوراسانلىقمۇ، شەرقلىقمۇ، غەربلىكمۇ، خىرىستىيانلىقمۇ، زارا ئاستىراغىمۇ تەۋە ئەمەس، شۇنداقلا ئاۋام چۈشەنچىسىدىكى شەكىلدىن مۇسۇلمانمۇ ئەمەس، بەلكى، بىر ئاللانىڭ بەندىسىمەن» دېگەن ئىدى. سەنمۇ خۇددى شۇنىڭدەك گەپ قىلىپ، «مەن ھېچبىر كىم ۋە ھېچبىر مەزھەپكە مەنسۇپ ئەمەس» دېمىسەڭمۇ، «مەن ئۇن قەۋەت چەمبەرگە مەنسۇپ» دېدىڭ. بۇ چەمبەر ياراتقۇچى جەۋھەر (زات) دۇر. شۇ ئىلھامىڭ ۋە شىجائىتىڭ بىلەن ياراتقۇچى ئالدىدا بەندىچىلىك بىلەن كەمتەر بولدۇڭ. بۇ سەندىكى ھەقىقى ئالىملىق خىسلىتى. بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ ئىنسانىيەتكە بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى تونۇشتۇرىدىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرىمىزدەك بىر ئالىم يېتىلگەندىن باش كۆتۈرۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئىلاھىم!» مەن ھازىرمۇ ئۇنى ھەممە ئىشنى ئاشۇ چەمبەر بويىچە ئويلاش ۋە قىلىش ئۈچۈن ئىستىفراغدا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ پەرەز قىلىمەن ۋە ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغان «نۆل» نى بىلىشكە ئىنتىزار بولىمەن، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق شۇ ئۇنلۇقلارنى تۈنجى بولۇپ ئىشقا سالغان ئەجدادلاردىكى گەردۇنراھ ئىلىمنىڭ

تېگىگە يېتىش ئارزۇسىدا تۇرىمەن. ئى، قەدىردانلار، ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ ئۇنىڭ ئۆز گېپىگە كېلەيلى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۈچ قاتلامغا ۋەكىل قىلغان «نۆل» نىڭ مەزمۇنى نېمە؟

ئۇنىڭچە، بۇ «نۆل» ماكرو جەھەتتىن ئالەملىك بوشلۇق (يوقلۇق) بىلەن مىكرو جەھەتتىن ئاتومدىكى ۋاكۇئۇمنى ئىپادە قىلىشقىچە بولغان ئون قەۋەت چەمبەرلىك ئايلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى بويىچە لاھۇم (چەكسىز ئالەم) بىلەن ماھۇم (ئالەمچە كەڭلىككە سوزۇلغان زېمىن بوشلۇقى) ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا، بۇ دۇنيادا بۇ نۆل ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ھېچنىمە يوقتۇر ۋە تۆۋەندىكى سۆز ئۇنىڭ زىكرىدۇر: «سان سىپىر – رەقەملەر سۇبيېكتىپ ئەقلىي ھەرىكەت بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ بىۋاستە مىسالى نەپەستىكى كىرىم – چىقىمدىن ئىبارەت. ئەڭ تۇنجى خانە ئون رەقەم بويىچە ئون قېتىم نەپەس ئېلىپ بېقىڭ: بىرىنچى نەپەس كىرىم – چىقىم بالانىسلىقى بىر نۆل (بوشلۇق)، بىرىنچىدىن ئىككىنچى نەپەسكە ئۆتۈش ئارىسىدىمۇ بىر نۆل (بوشلۇق) بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئون نەپەسكىچە يىگىرمە «نۆل» نى ھېس قىلىش مۇمكىن. نەتىجىدە سىزدىكى تەسەۋۋۇر مىكرو (دەقىقە) دۇنياغا، خۇددى ئاتومدىن ئېلېكترونغا، ئېلېكتروندىن ئىپىرلىققا چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ. بىر ئىچىدە ئون، ھەتتا يۈز رەقەمنى بىلگەن تەقدىردە، بۇنى بىلگۈچى نەپەسلەر ئىچىدىكى، ئارىسىدىكى نۆل (بوشلۇق) جەريانىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەۋايى شۇنداق دېگەن: «تەڭلىك» دېگەن ئۇقۇمنى تەلەپپۇز قىلىشتىن بۇرۇن ئېغىزىڭنى نەچچە مىڭ قېتىم يۇيۇپ تازىلىغىن.»[3]

توغرا، نەپەس بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تەڭپۇڭلۇقنى تىلىمىزدا زىكر قىلىۋاتقاندا، ئېغىزىمىزنى چايقاپ گەپ قىلمىساق بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنى شۇنچە كۆپ يازمىلار بىلەن دۇنياغا چۈشەندۈرۈۋاتقان كىشىمۇ، تېگىگە يېتىپ بولالمىغان تەرەپلەردە يەنىلا سۈكۈتتە. ھەمدە تېخى بۇنى ئاشۇ بوۋىمىز بىلەن مۇشۇ قېرىنداشىمىزدىن باشقا ھېچكىم بۇنداق ئوچۇق ئېچىپ بېرەلىگىنى يوق. ئۇ تېخى تونۇگۈن ماڭا شۇنداق دېدى، ھەمدە ئۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز نەۋايىنىڭ مەنسۇر ھەللاجى، پەرىدوددىن ئەتتار، جالالىدىن رۇمىلار باسقان ئۆزىنى ۋە ياراتقۇچىنى بىلىش يولىنى داۋام قىلىپ ئالغان تەجرىبىسىنى شىپى كەلتۈردى. بۇنداق شىپى كەلتۈرۈشتە مۇقەددەس كىتابلار ۋە تەپسىرلەردىن ئۇزۇندىلەرنى كەلتۈرۈش، پەيغەمبەر ھېكمەتلىرى بىلەن ھەدىسلەرگە تايىنىش، ئەۋلىيا دەپ تونۇلغان ئۆلىمالارنىڭ نوپۇزلىرىغا تايىنىش بىلەن غايىۋى – سىياسىي كۆرەشكە قورال تەييارلايدىغان تەمەخور ئالىملاردا بولىدىغان شەيتان-

لىق يوق، بەلكى ئۆزى بوسۇپ كىرگەن بىزگە نامەلۇم دۇنيادىن خەۋەر بېرىش قىزغىنلىقى بار. شۇنداق ئىكەن، بۇ زادى قانداق قىزغىنلىق؟ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، بىز كۆنۈككەن مېخانىك بىلىش ئەندىزىسىنى يۈرەك ئىختىيارلىقى بىلەن ئەركىن بايقاش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىپ، چىنلىققا قايتىش قىزغىنلىقىدۇر. ئەگەر بۇ قىزغىنلىقنىڭ تېگىنى بىلىپ يەتسەك، بىزدە بىر پۈتۈن تارىخىمىزنى پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئېچىپ بېرىدىغان ۋە ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ يارىتىش ھەم يارىلىشىدىكى تەبىئىي ئايلانمىغا كىرىپ، چوڭ ئىجادىيەتلەردە بولۇشقا يول ئېچىلىدۇ، شۇنداقلا دۇنياۋى ئالىملارنىڭ كونا يېڭى تەلىماتلىرىنى ئۆز تەلىماتىمىز بىلەن تەمىنلەش (تارازىلاش، سىنتېزلەش) كىمۇ يول چىقىپ قالىدۇ. ئەمما، مۇنداق يېڭى دىيالېكتىكا بىلەن شۇنداق يولغا كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى بىلەيلىكى، ئادەم كۆنۈككەن ئادەتلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىغا مۇقابىل ھەرىكەت قىلغۇچى جاھىلدۇر، ھەمدە بۇرۇن بىلگەنلىرى بىلەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى شەرھلىگۈچى ئازغۇندۇر. شۇڭا، سىز ۋە ماڭا بۇ يول ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى يارىتىۋاتقان تەبىئەت مىجەزىگە — چىنلىقىغا قايتماق لازىمدۇر. مەن بۇنى فارابى باشچىلىقىدىكى ئىلمى بوۋىلارغا ئىزچىللىق يۈزىسىدىن «ياراتقۇچىغا فانا بولۇش» دەپ ئاتايمەن.

شۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىكى شۇنچە كۈچلۈك چىنلىق نېمە؟ ئۆز ئىچىڭىزدىكى مۆجىزىدار تۇيغۇ ياكى تەبىئىتىڭىزدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئۆگلۈكچە ھېكمەت ئىگىسىدۇر. بۇ ئىگە سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى ئوراپ تۇرغان شەيئىلەرنى شەكلەن كۆرىشىڭىز ياكى ئۆزىڭىزنى ئۆتمۈش كىتابلىرىدىن ياكى كېلەچەك خىياللىرىدىن ئىزدىشىڭىزنىڭ ئەكسىچە، دەل مۇشۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىڭىزدىن بايقىلىدۇ. قەقنۇس دەل مانا مۇشۇنداق بايقاش ئارقىلىق ئويغانغان كىشى ئۇنىڭدىكى بۇنداق ھېكمەتنىڭ نەلەرگىچە چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىكلىگەن «تەڭرى ئىرادەتلىرىسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن ئەقىدەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن 3 يىل بۇرۇن قەشقەردە ئۇنىڭ بىلەن قىلغان سۆھبىتىمىزنى بايان قىلاي.

## 2. ئون ئىرادەت ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت (دىيالوگ)

مەن دېدىم: مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، سېنىڭ بايقاشلىرىڭ بىزنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بىلىمسىزلىك ۋە «بىلىم-

لىك» ئاتالغان خۇراپىيلىقلىرىمىز ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆتمۈش كىتابلىرى بىلەن شۇ كىتابلار ئاساسىدا تىكلەنگەن خىياللاردىن ئىزدەش خۇراپىيلىقىمىز ئۇچۇن تەربىيە بولىدىغان «مانىخى ـ ھازىرىزم» قاراشلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، سېنىڭ «ئىرادەتسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن سۆزۈڭ بۇ ھازىرىمىزنى مىڭ يىللار بۇرۇنقى كۆمۈرۈس ئادەم بىلەن يەنە ئىرالاردىن كېيىنكى رەھمانى ئىرپانلارغا قەدەر سوزۇۋەتكەنلىك ئۇچۇن، كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر چۈشىنىش تەس مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۇنى ئەمەلىيەت قىلىش ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن؟

ئۇ دېدى: بۇنى چۈشىنەلمەسلىك ئالدى بىلەن بىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى تەلىم ـ تەربىيەدىكى خاتالىقتا باغلىنىپ كەتكەن مەسىلە بولۇپ، بۇنى چۈشىنىش مەن دېگەن ئەقىدەتنى چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. مەسىلەن، بىز قوغلىشىۋاتقان ئۆگلۈكچە ئەقىل ھۆرلىكى كۆرىنىدىغان جىسمىمىزنى ئالايلى، بالا ئانىدىن بىر پۈتۈن تۇغۇلىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ مېڭىسى ئىشلەپ باشقا يەرلىرى ئىشلىمەيدىغاندەك بىر چۈشەنچە بار. شۇڭا، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت بىيو كومپيۇتېر (بىلىمگ سايار) غا قىياس قىلىپ سۈنئىي كومپيۇتېر ئىشلەپچىقىرىلدى ۋە تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئادەم تېنىدىن ئىبارەت بىيودىۋگاتىل ئەزالىرىنى بىر پۈتۈن ئىشقا سېلىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر تۇتۇق تۇرۇۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق تەلىم ـ تەربىيە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىمۇ ئايرىۋەتكەنلىكتىن تۈرلۈك ئاپەتلەرگە قېلىپ، ئەمدى تېخى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىنسانلار تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولسىمۇ، بەزى ئىشلىرى تېخى گۆدەك بالىغا ئوخشايدۇ. بولۇپمۇ ئەقىل مەسىلىسىدە مېڭە بىلەن تەننى، تەن بىلەن تەبىئەتنى، تىرىكلىك بىلەن ئۆلۈكلۈكنى باشقا ـ باشقا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ چۈشىنىش بىز بىلەن چاغداش كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپلا قالماستىن، كېلەچەك ئەۋلادقىمۇ خاتا تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى مىراس قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىز شۇنچە سۆيۈنىدىغان قەدىناسلىرىمىزنىڭمۇ تەتۈرلۈك قىلىشى ئاساسەن مۇشۇنداق زور خاتالىقنى بايقاش ئىقتىدارى ياكى ئىختىيارى يوقلىقىدىندۇر. شۇڭا، مەن ئويلايمەنكى، مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىش ئۇچۇن، مېڭىنى ئېلىۋېلىپ تەننى تاشلىۋېتىدىغان، جىسمىمىزنى دەپ تەبىئەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان، بۈگۈنكى سۆزلۈكلەرنى دەپ، قەدىم ۋە ئوتتۇرا زامان سۆزلىرىمىزنى ياتنىڭ قېلىۋېتىدىغان خاتالىقلار تۈزىتىلمىگىچە تارتىنىش بولىۋېرىدۇ. شۇنداقلا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب تاپقاندىمۇ، سوئالنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

مەن دېدىم: مەنمۇ شۇنداق ئويلىدۇم. ئىلىمنىڭ باشلىنىشىدىكى پەيغەمبەرلەر ياكى ساكيامۇنى، سوقرات كەبى ھېكىملەر بىردەك ئۆزىنى بىلىشنى شەرت قىلغان، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلۈك ئىچىدىن چىقىش شەرتلىكىنى كۆرسەتكەن، ھەممە ساكيامۇنى ھەم سوقراتلارمۇ ھايات ۋاقتىدا بۇت تىكلىمىگەن. روسسو ئۆزىنى بىلىشنى «بارلىق ئەخلاقشۇناسلارنىڭ بارلىق كاتتا ئەسەرلىرىدىن تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ھېكمەتلىك» دېگەن. ھازىرقى كۈنگىچە بىز بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدۇق. بۇنىڭدىكى سەۋەب سەن دېگەن ئاشۇنداق ئايرىلىشتىندۇر. بۇنداق ئايرىلىشتىكى سەۋەب مەۋقەنى ئۆزىمىزنى بىلىشكە قاراتماي، شۇ زاماندىكى بۇت تىكلىگەن شەكلىيەتچىلەردىن ھازىرغىچە «كىتابى ئالىملار» نىڭ نەزەرىيەلىرىگە بەنت بولۇپ كەتكەنلىكمىكىن دەيمەن. مەسىلەن، شۇ زاماندا شۇنداق شەكلىيەتچىلىك ياكى ئۆزلۈك بولغان نەزەرىيەلەرگە بەنت بولغان گىرىكلەر سوقراتنى ئۆلتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەربىر ئۆزلۈك ئالەم بىلەن ئادەم بىرلىكىدە ئۆزىنى بىلىشكە قارشى ھالدا ئۆز ئالدىغا تۈزگەن شۇنداق نەزەرىيەگە تاقاپ تۇرۇپ شۇنچە كۆپ ھەققانىيەتچىلەرنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى مۇناسىۋىتى جانسىز ۋە تىلسىز جىسىملار ئۈستىدە بىرقەدەر يورۇق بولسىمۇ، لېكىن، ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئادەم ئوتتۇرىسىدا تولۇق ھەل قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنى توغرا بىلىش ۋە شۇ توغرا بىلىش بويىچە توغرا ئىش قىلىش جەھەتتە غاپىل، ئاجىز بولۇپ كەلدۇق. مەن ئويلايمەنكى، مۇشۇ ئەھۋالىمىزدىن ئېيتقاندا، بىز ئۆزىمىزنى بىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي، ئاشۇ ئۆزلۈكلىرىمىزدە سۈنئىي يېتىلگەن قائىدىلەر ئاساسىدا ئالاھىدە نەزەرىيە، ئالاھىدە قىياس، ئالاھىدە سىستېما، ئالاھىدە پەلسەپە، ئالاھىدە دۇنيا قاراش پەيدا قىلىۋاتقان بولساقمۇ، ئۆزىمىزنى بىلىش ھەققىدە تېخى توغرا ۋە چوڭقۇر چۈشەنچە باتۇرلىقى ھاسىل قىلالمايۋاتقان ئىنسانلارمىز. شۇڭا، قەقنۇس، بۇ مەسىلىلەرنى قىسقىراق بولسىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ چىن تەجرىبەڭ ئارقىلىق ئېيتىپ بەرسەڭ، مەنمۇ بۇنى ئۆز جىسمىمدا تەجرىبە قىلىپ ئۆزۈمنى بىلىش يولىنى ئىلگىرىلەپ تېپىۋالسام دەيمەن. چۈنكى، يېقىنقى 10 يىل داۋامىدا ئۆزۈم بىۋاسىتە تەجرىبە قىلغان كىچىككىنە بىلىشلەرمۇ دىلىمغا شۇنداق يورۇقلۇقلارنى ئېلىپ كەلدىكى، بۇنىڭدىن مەن بۇنداق بايقاش

مەلۇم جەھەتتە قىممىتىمنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئاساسىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، مەن ھازىر ھەرقاچان ئاشۇنداق چىن تۇيغۇلارنى قوغلاپ يۈرىمەن. شۇڭا، قەقنۇس، سەن ئېيتىۋاتقان تەڭرى ئىرادەتلىرىسىز قىل تەۋرىمەس دېگەن ئەقىدەڭنى ئۆز جىسمىڭ بىلەن تەجرىبە قىلغان چىنلىقتىن بايان قىلغىن. بولمىسا، بۇرۇنقىلار ئۆزى چوقۇنغانلارنىڭ نەپسى ئىستېمالى ئاساسىدا تۈزگەن ئەخلاقنامىلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ بۇتقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، بىزدىن كېيىنكىلەرمۇ ئۆزلۈك نەزەرىيەلىرىنى يادلاپ يۈرۈپ غاپىللارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بىر يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقمىسۇن. بولۇپمۇ بىز ئۇيغۇرلار مەيلى تەبىئەت جەھەتتە، مەيلى ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە مەملىكەتلىك ۋە دۇنياۋى مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان ئالىملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان كۈنلەرگە قارىتا گەپ قىلغىن. بىز يەنىلا مەھەللىۋى مەدەنىيىتىمىز ھەققىدىكى بىلىملەردە ئۆز ئارا نوچىلىق قىلىدىغان، ئەمما، مەملىكەتلىك ۋە دۇنياۋى ئىلىم سەھنىسىدە پاخشى بولۇپ يۈرىدىغان كۈنلەرگە قالساق بولمايدۇ. بولۇپمۇ بۈيۈك ئاتىلىرىمىز فارابىدىن نەۋايىگىچە بولغا پىشىۋالار «ئۆزلۈك» نى تەرك ئېتىش ھەققىدە شۇنچە كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە يەنە «ئۆزلۈك» بايرىقىنى ئالى زىيالىيونلار كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك ھاماقەتلىگە بوغۇلۇپ يۈرسەك بولمايدۇ.

ئۇ دېدى: مەن بۇ سۆزنى ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىن كەچۈرگەن تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئېيتىۋاتىمەن. گەرچە مەن دەۋاتقان گەپلەر سەندە گۇمان پەيدا قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەرقانچە كىچىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يۈرۈكۈمدىن تۇيۇپ ئالغان بايقاش بولۇش بىلەن مەلۇم قىممەتكە ئىگە. بۇ مېنىڭ ھەم تۇرمۇش ھەم تەتقىقات ئاساسىم. سەنمۇ ئويلاپ باققىن، سەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىسەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا باشقىلار تەرىپىدىن ئۇختۇرۇلغان. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى، ئاتا ـ ئانا، جەمئىيەتتىكى باشلىق دېگەندەكلەردىن ئاڭلىغانسەن. ھازىر ئۇلار سېنىڭ كاللاڭنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. تەڭرى توغرىسىدا، مۇھەببەت توغرىسىدا، تىماڭ «ئۆگلۈك» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان سۈكۇنات مەشىقلىرىڭ توغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىسەن، لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ تەجرىبە قىلىپ كۆرمىگەن چاغلىرىڭدا سەندە بايقاش مەركىزى بولمىغان، ئاشۇ نەرسىلەر سېنىڭ مەركىزىڭ بولغان. ھازىر بايقىشىڭ، مەركىزىڭنى يۈرەكتىن تاپتىڭ ۋە «ئۆگلۈك» دېدىڭ. مەن دەۋاتقان ئەقىدەتمۇ شۇنداق كۆرمىڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپلا قالماستىن، ئۆز جىسمىمدىكى بارلىق ئۆگىلەر بى-

لەن، قىلمۇر تۆمۈر — نېرىپلەرگىچە زېھىن مەركەزلىرىدىن ئىدراكى ھەرىكەتلەرگىچە پىششىق بىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئېيتىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈل توختىتىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن دېدىم: مەيلى ھايۋانى جانلىق ۋە ئىنسان بولسۇن؛ گەپ تەرىقىدە ياكى يەل تەرىقىدە پارلانغانلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئىرادەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. سەن «تەڭرى ئىرادەتلىرىسىز قىل تەۋرىمەس» دېگەن ھېكمەتنى چۈشەنگەن ئىكەنسەن، بۇ گەپنى توغرا دەپ قارايسەن. يولۋاسنىڭ توپاقنى يېمەكلىكى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، خۇددى شۇنىڭدەك غالىپنىڭ ئاجىزنى باشقۇرماق بولغانلىقى تەڭرى ئىرادىسىدىن، مەسىلەن، مەن ئاجىز ئىكەنمەن ئىتائەت قىلماي ئىلاجىم قانچە؟ ئەگەر مۇشۇنداق ئىتائەتچانلىق ھەممە تەرەپتە ئادەتكە ئايلانسا قانداق قىلىسەن؟

ئۇ دېدى: سەن تەبىئەتتىكى يولۋاس بىلەن توپاقنى، بۆرە بىلەن كېيىكنى، ھەرە بىلەن چۈمۈلىنى كۆرۈپ، بۇنى غالىپ بىلەن ئاجىزلىق تىمسالى قىلغانلىقىڭ ئەقلىڭدىكى كەمچىلىك ئىكەن. سەن ئىنسانلىقنىڭ خىلداش ئىكەنلىكىنى، سەن غالىپ دېگەن ئىنساندا بار بولغان ھەممە ئىمكان ئاجىز كۆرۈلگەن سەندىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرمەسلىككە سېلىش غەرىزىڭ نېمە؟ تەبىئەت تەڭرى ئىنساننى خىلداش، مېھرداش قىلغان ئىكەن، ئاشۇ مېھرداشلىق مىھزانىغا ئىتائەت راۋادۇر.

مەن دېدىم: سەن خىلداش، مېھرداش دېگەن ئىنساندىكى غالىپ، ئاجىزلىق پاكىت. بۇ تەڭرىلىك ئىرادەت ئەمەسمۇ؟

ئۇ دېدى: سەن شەكلى مەۋجۇتلۇقنى كۆرۈپ، ۋەزنى مەۋجۇتلۇقنى كۆرمەيسەن. سەن «غالىپ روھ» دېگەن ئىنسان «ئاجىز روھ» دېگەن ئىنسان سەبىر قىلغان مالامەتكە چىدامدۇ؟ خان خاكسار ياتقان ئېغىلدەك كولبىدىكى سېسىقچىلىققا چىدامدۇ؟ چىدىماسنى قانداقمۇ غالىپ دېگىلى بولسۇن.

مەن دېدىم: نېمىلا دېمىگىن، غالىپلىق ئاجىزلىق ئايلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. ھامان غالىپ، ئاجىزنى باشقۇرىدۇ.

ئۇ دېدى: ھە، بۇ سەندىكى «بىزنىڭ قەلبىمىزگە ئارمان بولۇپ چۈشكەن ئىلھامدا غالىپ، ئاجىز دېگەن پەرق بولمىسىكەن» دېگەن چۈشەنچە ئىكەن. بۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى. شۇڭا، سەنمۇ غارغا كىرىپ ئىزتىراپ چېكىسەن. مەن سايلاردا سەرگەندار بولۇپ ئىزتىراپ چېكىمەن، بۇنداق ئوخشاشلىق زادى نېمە؟

قارا، مەن ساڭا ھاياتتىكى ئىتائەت بىلەن ئىرادەت

نىسبەتلىرىدىن بايان قىلاي. يەر چەمبەرسىماندۇر. جانلىقلارمۇ چەمبەرسىماندۇر. پەقەت روھلارنىڭ ئۆرلەش، تۆۋەنلەش ئىسخىمىسى بولۇڭ سىزىقلىرىغا ئوخشاشتۇر. ئىستىمال ھوقۇقى ئۆرلىگۈچى روھ غۇرۇر ۋە كىبىر دېمەكتۇر. بۇنداق ئۆرلەش، بىرىنچى چەمبەردىن ئونىنچى چەمبەر قەدەر قەۋەتلەرنى كېسىپ ئۆتكۈچى سىزىقتۇر. ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان چېكىت شاھروھ بۇنداق ئالىي شاھروھ ئاجىزلىشىپ بىمار بولغاندا، بىر تىۋۇپقا ئاجىزلىق بىلەن ئىتائەت قىلدى. بۇنىڭدىن تېۋىپ ھوقۇق غۇرۇر ھېس قىلىپ، ئۆزىنى غالىب ھېس قىلدى. بۇنى دورىگەر كۆردى. دورىنى يوشۇردى، تېۋىپ دورىگەرگە ئىتائەت قىلدى. دورىگەر ھوقۇق غۇرۇر ھېس قىلدى، ئۆزىنى غالىب ھېس قىلدى. بۇنى دورا ماتېرىياللىرى بار تاغنىڭ ئىگىسى كۆرۈپ ماتېرىيال قازماقتا يول بەردى. دورىگەر تاغ ئىگىسىگە ئىتائەت قىلدى. تاغ ئىگىسى تاغدىكى ھەربىر گىياھ، قۇرت قەدەر جانلىقنى جاندىن ئەزىز بىلىپ تۇپراققا ئىتائەت قىلاتتى. دېمەك، مۇشۇنداق ئەكس تاناسىپ تۆۋەنلەش ئىتائەتنى تىزىپ كەلسەك، ئىختىراۋى ئىرادەتتىمۇ ئون قەۋەت تۆۋەنلەش بولىدۇ. ئۆرلەشنى پىلوس ئون دېسەك، تۆۋەنلەشنى مىنۇس ئون دېيىش مۇمكىن.

مەن دېدىم: ئۇنداقتا سەن دېگەن «ئۆگلۈك» دېگەن ئىتائەت بولامدۇ؟

ئۇ دېدى: ئۆگلۈك غايىۋى ئىشق (مۇھەببەتكە) يەنى ئونىنچى چەمبەر سىزىقىدىكى چېكىتلەر باراۋەرلىكىدەك ئادالەتكە ۋە ئۇنىڭ مىزانىغا ئىتائەت دېمەكتۇر. خىيالەن «ئونىنچى يۈكسەك» چېكىت دەل سۇبيېكتىۋ (بەدەن ئىچى زېھبان نېگىزى). ئادەتتە باشروھ دىنماق (نەفەس تەڭشەش) بولسا، چاتروھ مىنقات (مەقەت - پەۋس تەڭشەش) بولىدۇ. ئەشۇ نېگىز روھ خۇددى «قۇدۇقتىكى يۇسۇپ» بولىدۇ. بۇنى تابغاچ (كىرىست + — تۇز - تەڭ، ئۇز - ئەڭ) شەكلىدىكى مەركىزىي چېكىت دەيمىز.

مەن دېدىم: خۇش، ئۇنداقتا سەن دېگەن ھۆرلۈك ئىرادەت قانداق بولىدۇ.

ئۇ دېدى: غايىۋى ئىشق (مۇھەببەت) ئىلھامى بىلەن باشقا بىرەرسى ئىرادەت قىلمىسىمۇ، ئىلتىماس قىلمىسىمۇ ئىختىرا قىلماق ۋە ئىختىرا ئۈچۈن ھاياتنىڭ سالامەتلىك كويىتاپلىرىنى كەزمەكنى ئىنتىزارلىق بىلىدىغان، خۇددى چۈمۈلە نۇرغۇن ماكانلاردا مىدىرلاپ يۈرسىمۇ، ھەرە چىمەنلەرنى كېزىپ يۈرسىمۇ شادلىق سەزگەندەك خۇشروھدۇر. شۇڭا غاردا تەنھا ياتماق ياكى سايدا ماڭماق قىممىتىنى بىلسەڭ — ھۆرسەن.

مەن دېدىم: ھەر نېمە دېگەن بىلەن پاخال بىلەن پولاتنىڭ پەرقى بار. تۇمۇز بىلەن سوغۇقنىڭ پەرقى بار. غەنىيمەت دېمەك ھاياتلىق دېمەكتۇر.

ئۇ دېدى: تۆگە پاخال يەيدۇ. چوشقا پولو يېيىشى مۇمكىن. سەن ئېھتىمال ماتېرىياللىرىنىڭ خىللىرى ۋە مىقدار سۈپىتىگە قارايدىكەنسەن. چىۋىنلەر نىجاسەت ئەخلەتلەردە ياشىسىمۇ مەرۋايىت، ئالماستەك چىرايلىق ۋە چىدامىلىق بولىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەسىلە ئىختىراۋى ئامىل ھەزىمدە. تۆگە پاخالدىن جەۋھەر سۈزگۈچى ھەزىمدە ماتانەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن تۆگە بولغان. چىۋىن نىجاسەت ئىچىدىكى ئاتوم ئېلېكترونلىرىدەك زەررىلەرنى سۈزەلىگەنلىكى ئۈچۈن مەرۋايىت، ئالماستەك بەدەن بولالىغان. يادىمغا تاماق، ھاراق قاتارلىق ئىستېمال ماتېرىياللىرى بويىچە ئەخلاقىي ئادەتلەر پەرقى بويىچە «دىنىي دۇئالار» مەسىلىسى كېلىۋاتىدۇ. سەن تاماق يەپ، ھاراق ئىچكەن ئىكەنسەن. بىرىنچى يوغان ئىستېمال باسقۇچى تۈگىدى. ئەمدى بەدەن ئىچىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ (قېرىنىدىكى، تومۇرلاردىكى، مۇسكۇل ھورمۇنلاردىكى، يىلىك مېڭىدىكى، ئىستېمال، ئىختىرا دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋردە ماتېرىياللار نەدىن كەلدى، ئۇلارغا جاۋابىم نېمە؟ دېگەن تەپەككۇر ئىختىراسى ئۈچۈن، سەن زېھنىڭ بىلەن ئىلاھىي بوشلۇق بولۇشۇڭ لازىم. ھۈجەيرىلەر بەرگەن بوشلۇقۇڭدىن خۇشلۇق ھېس قىلسۇن، ساڭا رىسق (ماتېرىيال) بەرگەن تەبىئەت، جەمئىيەت خۇشلۇق ھېس قىلسۇن، مانا شۇنداق ماكرو خۇشلۇق بىلەن مىكرو خۇشلۇق بالانس بولغان نۇقتا — ھۆرلۈكنىڭ نېگىزىدۇر. ئۆگلۈك — مۇشۇ نېگىز ئۈچۈن ئىتائەت قىلىدۇ. مەن يارىم مەشۇقنى سۆيىمەن، بىراق ئۇنىڭ سۆيۈشى ئۈچۈن مەندە سۆيۈندۈرگۈچى دەسمايە زادى قانچىلىك دەپ مۇشەققەت چەكمەكنى مۇھەببەت دەپ بىلىمەن.

مەن دېدىم: سېنىڭ «ئۇن خۇمايى يەزەل» دېگەن ئەخلاقىڭدا نەپسىڭ بەك يوغان ئىدى، سەن ئەشەددىي گۆشخورنى يەيدىغان ئالىي نەفسانىيەت ئىدىڭ، لېكىن بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ھىجران، ۋىسالغا يېتەلمەسلىك ئازابىڭ چەكسىز، بۇ ئازابنى كىم بەخش ئەتتى؟

ئۇ دېدى: ماڭا چۈشكەن ئىلھام بەخش ئەتتى. نەفسانىيەت يوغانلىقى بىلەن ھەققانىيەت يوغانلىقى تاناسىپ. بۇنداق تاناسىپنىڭ ئىنئامى نىجاسەتتىن جەۋھەر سۈزگەن چىۋىنچىلىك، پاخال يەپ تۆگە بولغانچىلىك. يەنى ئەشۇ غايىۋى مەنزىل شەرتلىرىنى بېجىرمەك چۆللىرىدە كەزمەك ئىنئامىدۇر.

مەن دېدىم: ھەربىر ئەخلاقى قەۋمنىڭ قائىدە رەسمىيەتلىرى بار ئىكەن — سەن قانداق رەسمىيەتكە ئىگە؟

ئۇ دېدى: مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن زىت ئەمەس. مەن ساڭا، بەدەندىكى قىرق زېھبان ھەققىدە بايان قىلغان ۋە ھەركەت بىلەن كۆرسەتكەن، بۇ سەندىن باشقا ھېچقانداق جانلىق ۋە ئىنسان بىلەن مۇخالىپ كەلمەيدىغان ۋىجدانىي ھۆرلۈكنىڭ دەسمايىسى. ھەر سوتكىدا سەككىز ۋەسىل بولىدۇ. مەسىلەن، خۇپتەن بىلەن سۈبھ ۋەسلىنى تاللاپ ئال. دۈم يېتىپ، سوزۇلۇپ يادىڭنى دىنىماق بىلەن مىنقات ئارىسىغا نىشانلاپ، ئىڭەكنى ئىككى قول ئۇستىگە قويۇپ يۈز نەفەس (كىرىم - چىقىمى تەڭپۇڭ بولسۇن) سانا. ئۇڭدا يېتىپ سوزۇلۇپ ئىككى كۆز بىلەن ئىككى پۇت (ئۇن بارماقنى نىشانلاپ) يۈز نەفەس سانا. ئوڭ تەرەپكە يانتۇ بولۇپ ئوڭ قول بارماق ئوڭ پۇت بارماق قەدەر نىشانلاپ يۈز نەفەس سانا. سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يانتۇ يېتىپ يۈز نەفەس سانا. ئۇڭدا يېتىپ كىندىكنى نىشانلاپ يۈز نەفەس سانا. ئاندىن ئورنۇڭدىن تۇر ۋە: ئى بىر كۈنلۈك پىلان، سەن قېنى؟! دەپ تەپەككۇر قىل. تىك تۈز تۇر (ئۇن نەفەس). ئوڭ تەرەپكە ئېغىرلىق (ئۇن نەفەس). تىك تۈز تۇر (ئۇن نەفەس). سول تەرەپكە ئېغىرلىق (ئۇن نەفەس). تىزنى تۇتۇپ ئېگىل (ئۇن نەفەس). ئېگىلىپ ئىككى قولنى يەرگە تەگكۈز (ئۇن نەفەس). زوڭزىيىپ ئىككى قول تىزدا (ئۇن نەفەس). مۈكچۈيۈپ ئولتۇر (ئۇن نەفەس). يۈكۈن (ئۇن نەفەس). ئوڭ يوتىنى بېسىپ ئولتۇر (ئۇن نەفەس). يۈكۈن (ئۇن نەفەس). باشنى يەرگە تەگكۈز سەجدە (ئۇن نەفەس). تىزلىنىپ سەجدە (ئۇن نەفەس). سوزۇلۇپ سەجدە (ئۇن نەفەس). تىزلىنىپ سەجدە (ئۇن نەفەس). يۈكۈن (ئۇن نەفەس). ئوڭ تەرەپ يوتىنى بېسىپ (ئۇن نەفەس). يۈكۈن (ئۇن نەفەس). سول تەرەپ يوتىنى بېسىپ (ئۇن نەفەس). يۈكۈن (ئۇن نەفەس). زوڭزىيىپ (ئۇن نەفەس). قولنى يەرگە تەگكۈزۈپ سەجدە (ئۇن نەفەس). تىز تۇتۇپ سەجدە (ئۇن نەفەس). تىك تۇر (ئۇن نەفەس). ئوڭ تەرەپ ئېغىرلىق (ئۇن نەفەس). تىك تۇر (ئۇن نەفەس). سول تەرەپ ئېغىرلىق (ئۇن نەفەس). تىك تۈز قولنى سوزۇپ بارماق ساناپ (ئۇن نەفەس). ئىككى قولنى يەرگە تەگكۈزۈپ قانات قاقماق (ئۇن نەفەس). «سۇمرۇغ بالىسى» ئۇۋىدىن شۇنداق چىقىدۇ. ئى بەشكېرەمى، ھۆرلۈك قەدەملىرىڭ شۇنداق باشلىنىدۇ.

مەن دېدىم: بۇ تولىمۇ مۇشەققەتلىك ئىكەن. مەندەك ياتماق خۇمارى بار كىشىگە ماڭماقتەك ئېغىر كېلىدىكەن.

ئۇ دېدى: بۇنى ئېغىر دېسەڭ تاماقنى چاينىماي يۇتكىن.

مەن دېدىم: چاقچاق قىلىشتۇق، ئەشۇ تەنەففۇر (نەپەس تەڭشەش) دەقىقىلىرىدە تەپەككۇر قانداق بولىدۇ؟

ئۇ دېدى: بۇنى ھازىر دېمەي، پەقەت ئاسمان بەھرىدە بۇركۈت قانداق قاتىدۇ؟ ۋە ئۇ يەر شار ئوربىتىسىدا قانداق قانات قاقىدۇ؟ شۇنى يادىڭدا تۇتساڭ كۇپايە.

مەن دېدىم: توختا، گەپ تېخى تۈگىمىدى. «قەللاپ» (ھەتتا «ئۇن گۇناھى ئەزەل») ھوقۇق ۋە قانۇن بولسا، ئۇنىڭغا زىت «ئەخلاق» («ئۇن خۇمايى يەزەل») ئىتائەت قىلامدۇ؟

ئۇ دېدى: بۇ مەسىلە ئىرادەت قاتلاملىرى بىلەن ئىتائەت قاتلاملىرى مەسىلىسى. مەسىلەن، ئىرادەتمۇ ئالىي ئىستېمال ئىختىرا قاتلاملىرى ئېھتىياجى. ئىتائەتمۇ ئېھتىياج قاتلاملىرى مەسىلىسى. مەسىلەن: ئىنسان ئېھتىياجى تەبىئەت جانلىقلىرىنىڭ ئېھتىياجى قاتلىمىدىكى بەشىنچى ئالىي قاتلام. بۇ يەر شارىدىكى ئىنسانىيەت «BMT» دېگەن ئونىنچى ھوقۇقى ئىرادەت قاتلىمى. بۇنىڭغا قالغان 9 ـ، 8 ـ، 7 ـ، 6 ـ قەۋەت ھوقۇقى ئىرادەت قاتلاملىرى ئىتائەت قىلىمىغى شەرت، بۇ ئىتائەت بىلەن ئىرادەت مۇناسىۋىتىدىكى مۇتلەق شەرت، قالغانلىرى نىسپىي. ئەگەر نىسپىي ئىرادەتلەر مۇتلەق ئىرادەتكە ئىتائەت قىلماي خىلاپەت قىلسا جىنايەت بولىدۇ. سەن نەزەردە تۇتقان غەرەز 9 ـ، 8 ـ، 7 ـ، 6 ـ قەۋەتلەر ئارىسىدىكى نىسپىي مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسى. مەسىلەن، سەن 6 ـ قەۋەتتىكى بىر چېكىت. سەن 7 ـ قەۋەتتىكى بىر چېكىتكە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر. بىراق سەن 7 ـ قەۋەت چېكىت 8 ـ قەۋەتكە ئىتائەت قىلمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسەن ۋە بىلىپ تۇرۇپ ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولسەن. دېمەك سەن 7 ـ قەۋەتتىكى چېكىت (جىنايەتكە) ئىتائەت قىلغان ئىكەنسەن، سەنمۇ جىنايەتچى. پەرق شۇكى، ئۇ بىرىنچى ئاكتىپ جىنايەتچى، سەن ئىككىنچى پاسسىپ جىنايەتچى. بۇرۇنقىلار: «غاپىلغا بىر تاياق، ئالىمغا ئۇن تاياق» دېگەندەك، 7 ـ قەۋەت چېكىتىدىكى رىيازەت ئىزتىراپ بىلەن 6 ـ قەۋەت چېكىتتىكى رىيازەت ئىزتىراپ رەقەمدەك پەرقلىنىدۇ. خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، سەن ئالىي جەننەت «مەئمۇن» غا كىرمەكچى بولساڭ، ئەكسى ھالدا دوزىخى ۋەيلۇن تاۋلاشلىرىغا چىدىشىڭ لازىم. ھەربىي ئىشلاردا سەركەردىلەرنى تۇتماق ئاخىرقى نىشان، جەڭچىلەرنى ئەسىر قىلسا، تەربىيىلەپ قويۇپ بېرىدىغان گەپ. ئېكولوگىيە بىلەن فىزىيولوگىيە ئارىسىدىمۇ شۇنداق ھالەت مەۋجۇت. ئالىي

مەمزان ئالىي ھوقۇقدارلارنى بەكرەك تۇتىدۇ. ئاددىي پۇقرالارنى ئانچە سۈرۈشتە قىلمايدۇ.

مەن دېدىم: تەقدىر تەدبىرنى بەلگىلەمدۇ ياكى تەدبىر تەقدىرنى بەلگىلەمدۇ؟

ئۇ دېدى: بۇ گەپ يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى. ماھىيەت بىر خىل بولسىمۇ، ھالەت مىڭ خىل دېمەك، ھالىيەتلەرنى يەشمەك ئۈچۈن تەكرارلايدىغان مەنتىقى چۈشەنچىلەر بولىدۇ. تەقدىر-مۇتلەق، تەدبىر نىسپىي. تەقدىر مۇتلەق دېگەندە ئون قەۋەت ئىرادەت ۋە ئىتائەت قاتلاملىرىدۇر. تەدبىر نىسپىي دېگەندە قاتلاملاردىن قاتلاملارغا كۆچۈش تەپەككۇرى تەنەففۇرى (ئىچكى كۆزىتىش كۆچى) دېمەكتۇر. سەن 8 -، 7 - قەۋەتتىكى ھوقۇقى «چېكىت» سەن 4 -، 5 -قەۋەت «چېكىت» نى دوراپ بېقىشىڭ (تەدبىر قىلىپ بېقىشىڭ) مۇمكىن. بىراق سەن ئەشۇ 8 -، 7 - قەۋەت چېكىت تەقدىرىڭگە لايىق تەدبىر قىلماققا مەجبۇرسەن. سەن 7 -، 8 - قەۋەت چېكىت تەقدىرىڭنى ساقلاپ قالماق ئۈچۈن تەدبىر قىلىسەن. بىراق بۇنى خاتا قىلىسەن. يەنى 5 -، 6 - قەۋەتنى دوراپ قالىسەن. بۇ خاتالىقىڭ تۈپەيلى 10 -، 9 - قەۋەت كۈچ سېنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. دېمەكچى، تەدبىرىڭ تەقدىرىڭنى ئەمەس، تەقدىرىڭ تەدبىرىڭنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئىنسان قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئاينى ئورنىدىن قوزغىيالامدۇ؟

مەن دېدىم: توختا. بىز ھەپىلىشىپ يۈرگەن «قولۇڭنىڭ قۇلىمەن» دېگەن گەپنىڭ باشقا بىر مەنىسى بار ئىكەن. ئەسلى ھەقىقەت مۆكۈنگەن «كويىقاپ» ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن ئىكەنمىز. شۇ ھەقتە گەپلىشەيلى.

ئۇ دېدى: بۇ قانداق ئىلھام ئىكەن؟

مەن دېدىم: تەرىقەت يەنى تەبىئەت بىلەن ھەپىلەشكۈچى بىلىم (تەبىئەت پەنلىرى) ئاندىن، مېھنەتكەشلەر (ئىقتىساد ئەھلى) بىرىنچى ئىتائەتچى، شەرىئەت، يەنى جەمئىيەت بىلەن ھەپىلەشكۈچى مەمۇرىيەت (ھۆكۈمەت، پارتىيە، ئارمىيە) سىياسىي قانۇن، مائارىپ (ھېسسىيات ئەھلى) ئىككىنچى ئىتائەتچى دېگەنلىك بولىدىكەن.

ئۇ دېدى: توغرا، بىز بۇرۇن تەتۈر پەلەك بىلەن ئايلىنىپ قايمۇقۇپ ئەسلىي مەزمۇننى كۆرەلمەي قالغان ئىكەنمىز. شۇنداق، بىرىنچى ئىتائەتچى ئىقتىسادىي ئامىل بولمىسا ئىككىنچى ئىتائەتچى ھېسسىيادى ئامىل نەدە؟! تەرىقەت ئاتا - ئانىدەك، شەرىئەت بالا چاقىدەك بولىدىكەن. ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىز بالىنىڭ جاپاسى كۆپ بولىدۇ. جاپا تارتىپ ئاندىن ئاتا - ئانا قەدرىنى بىلگەندەك، ئەھلى شەرىئەت (سىياسىي قانۇن - دۆلەت مەمۇرلىرى، مائارىپ، مەدەنىيەت) ئەھلى تەرىقەت (مېھنەتكەش ئىقتىسادىياتقا) خىزمەت قىلمىسا بولمايدىغان ھەقىقەت بىلىنمىگۈچە دۇنيا تۈزۈلمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟

مەن دېدىم: ئالدىنقى قاراشلىرىمىزدا ھوقۇق (شەرىئەت) بىرىنچى ئىتائەتچى، ئۇقۇق (تەرىقەت) ئىككىنچى ئىتائەتچى دېگەن مەزمۇن بار ئىكەن. نېمىشقىمۇ شۇنداق تەتۈر قاراپ قالغاندۇق؟

ئۇ دېدى: ئەقىل دېگەن مالامەت خاتالىقلارنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئارقىلىق ئېچىلىدۇ. بىز ئۆزىنى داڭلىغانلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، خاتا ئويلايدىغان بولۇپ قالغان ئىكەنمىز. بىزنى يۇقىرىدا كۆرسەتكەن پارچىلاش (مېڭە بىلەن تەننى پارچىلاش) تەربىيەسى ئالداپ كەتكەن ئوخشايدۇ. دېمەك، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن گەپ ھوقۇقدارلارغا قارىتىلغان گەپ ئىكەن. بىز خەلق (تەرىقەت) تەبىئەت بىلەن ھەپىلەشكۈچى بىلىم ۋە مېھنەت ئەھلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، يەنى شەرىئەت تەرىقەت ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، بىز ئەھلى تەرىقەت ھەقىقەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز دېسەك بولغۇدەك. شۇ چاغدا ئىجتىمائى مېھرىداشلىق قىلىپ ئۇلغايغۇدەك.

## 3. ئاددىي تۇرمۇش ۋە قانائەت

ھۆرمەتلىك دوستلار، يۇقىرىدىكى دىيالوگدىن مەن ئېنىقلىماقچى بولغان سوئاللارغا ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىدىڭىز، ئۇنىڭ ياراتقۇچى ۋە ئۇ ياراتقان تەبىئەت، جەمئىيەت باغرىدىكى ئاجايىپ سىرلار، تارىخ ئېقىمىدىكى ئاجايىپ قاتلاملارنىڭ جىمىرلاشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئەنە شۇنداق ئوچۇق. ئويلاپ بېقىڭ. ھازىرقى كۈندىكى باياشاتلىقتا چۆمگەن ئىنسانلارغا قارىسىڭىز ھەممىسى نەپسى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا. يارىتىلىشتا ئېھتىياجى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈلگەن ئادەمنىڭ بۇنداق ھەرىكىتى ئەيىپلىك ئەمەس. بىراق ئەقلى غەيرەت (شىجائەت) كۆزى بىلەن قارىساق، يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانىي ھەرىكەت ئون قەۋەت چەمبەر — چېكىتلەر ھەرىكىتى (غەيرىتى) بولماقتىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرمەكتە. شۇنداق ئىكەن، بىزدىكى شۇ نەپسىنى قاندۇرىدىغان توغرى (ئەقلى) غەيرەت (شىجا-

ئەت) نېمە بولىشى كېرەك؟ قەقنۇستىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئۇنىڭدا كەمتەرلىككە غەيرەت قوشۇلغان، مالامەتلەرگە
سەبرى چىدام دوست بولغانكى، شۇ پەزلى كامالى بىلەن
ئىنسانلىقنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقى مەسىلىلىرىنى ھە-
قىقىي تۈردە تەتقىق تەپتىش قىلىپ ئالەم بىلەن ئادەمنى
بىلىشتە شۇنچە كارامەتلىك دەرىجىگە بارغان. بولۇپمۇ تە-
رىقەتچى بوۋىلارنىڭ روھىدا تۇرۇپ تەكەببۇرلۇق تۇزانلى-
رىدىن يۇقۇملانغان بەدەننى تازىلاپ تۇرماق ئۈچۈن ھەر قا-
چان ۋەھدەت (ئالەملىك بوشلۇق بىلەن زىھىيەتنى تەڭپۇڭ
قىلىشقا تەلپۈنگەن پەقىرلىق ھالىتى)تە تۇرغانكى، ئەرزى-
مەس ھېرىسلەردىن ۋاز كېچىپ ئاشۇ تەقدىرى ئىرادەتكە
ئىتائەت ئۈچۈن سۈكۈت دەملىرىنى قەدىرلىگەن. تەنقىدى،
تەقرىزى مەسىلىلەرگە بولۇپمۇ «خىلاپەتلەرگە» دەنا خەلقى-
مىزنىڭ «سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ» دېگەن تەمسىلى بىلەن
تەسەللى گەپ قىلىپ، مۇشۇ ئۇلۇق بايقاشنى خەلقىمىزگە،
ياق بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تىنچ ئامان ئۇختۇرۇش ئۈچۈن
ئاشۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنداق ئەسەرلەرنى دىلىدىن
سۈزۈپ ئېلىش گەرچە دېگىمىز - ئوكيانلاردىن كىت ئوۋلاش-
تەك قىيىن بولسىمۇ، ئۆزىنى ياراتقان شۇ ئۇلۇغ ئەجداد-
ئىھرامىغا پەرزەنتلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنداق تەمكىن
ۋە ئىھسانى ھالەتلەرنى ساقلىغانكى، ئىلھامى ئىھسانلىرىنى
بۇگۈنكى كۈندە خەلققە چېچىشنىڭ ماركسىزمچە توغرا يو-
لىنى تاللىغان. مەن بۇ سۆزنى ئۇنىڭ بىلەن قىلغان كۆپ
قېتىملىق ئاشۇنداق سۆھبەتلىرىمدىن دەۋاتىمەن، ئەلۋەت-
تە. مەن شۇ سۆھبەتلىرىمدىن ئالغان تەسىراتىم بويىچە
ئېيتسام، ئۇنىڭ بىزنىڭ تەبىئەت بىلەن ھاياتىي تەڭپۇڭ-
لۇقىمىزنى ئىزدەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقات جەريانىنى
خۇددى بىزنى دەپ ئۆي - ماكانىنى، بىزنىڭ بەختىمىزنى
دەپ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىۋاتقان بىر
دەرۋىشنىڭ بەزىدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قانداق ئۆتۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەي ئىشلەپ كېتىۋاتقىنىدەك كۆ-
رىمەن. ئۇنىڭ «ئۆزۈمنى سېتىش» دېگەن مەنىلىك تېما
بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلىگەندە، ئېيتقان تۆۋەندى-
كى سۆزلىرىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى
يوپ - يورۇق كۆرىمەنكى، ئۇنىڭ بۇ يورۇق كۆڭلىدىن دۇن-
يانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئاڭلىغۇم كېلىدۇ.
ئۇ دەيدۇ: « ‹ئۆزىنى سېتىش› دېگەن بۇ ئۇقۇم نەسىردىن
ئەپەندى لەتىپىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇخارا ئەمرى ئەپەن-
دىمنى تاپماق ئۈچۈن، «كىمكى ئەپەندىنى مەلۇم قىلسا

500 دىنار بېرىلىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. ئەپەندىم
كىنايە قىلىپ: «مەن شۇنچىلىك قىممەتلىك بولسام ئۆزۈم-
نى ساتايمىكىن» دېگەنىكەن. بىراق مەن بۇنداق كىنايە
قىلمايمەن. چۈنكى خوجەنتلىك دەرۋىش ئەپەندىمگە دىنىڭ-
مۇ تاپتىڭمۇ دېگەندەك، مەن ئۆزۈمگە لايىق دىنىنى تاپقان.
يەنى مەن «ئىسلاھىم چەكسىز ئومۇمىيەت ۋە ئۇجۇدىيەت
(مەڭگۈلىك)، ئىمانىم بىرلا دىلىمغا خاس، ئىبادىتىم
زامان، ماكان ئېھتىياجىغا ماسلىق. ئىنئامىم مۇھەببەت
ئىلھاملىرىدۇر دەپ قارايمەن». دېمەك، قەقنۇستا بىلمەي
قىلىۋاتقان ئىش يوق، گەپ ئوينىتىپ ئۆزىنى بازارغا سې-
لىش يوق، پەقەت مۇرەككەپ ئاتالغۇ قاتارلىق جەھەتلەردە
تۈزىتىشكە بولىدىغان ئىنسانلىق ئېزىش بار. قېنى قايسى-
مىز يېزىپ كېتىۋېتىپ ئۇنتۇلۇپ قالمايمىز ۋە ئەسەر چى-
قىپ بولغاندا «ئاپلا» دېمەيمىز؟ دېمەك، بۇمۇ بىزنىڭ «خام
سۈت ئەمگەن» دېگەننى قاملاشمىغان يەرلىرىمىزگە بانايى
سەۋەب قىلغىنىمىزغا ئوخشايدۇ، بۇنداق ئېزىش ۋە يەنە
تۈزىلىش ھەممىمىزگە ئورتاق ئىنسانلىق تەقدىرىدۇر. بۇ
دۇنيادا ئازماي نوچىلىق قىلىمەن دېگۈچىلەردىنمۇ بەك
ئەخمەقلىق يوقتۇر. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى ئەڭ ياخشى ئۇ-
سۇل ئىلىمىزنىڭ «پاكىت قويۇپ ھەقىقەت سۆزلەش» تۇر.

مەن بۇرۇن بۇ ئادەم بىلەن تونۇشقان بولسامۇ، تەتقىقات
مەزمۇنى بىلەن تونۇشمىغان چاغدا مەن ئۆزۈمگە ھىنرو
تورىشاۋ دېگەن ئامېرىكىلىق پەيلاسوپنى شجائەت ئۆلگىسى
قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن 45 ياشلىق ئۆمرىدە 40
نەچچە توم كىتاب ئۇرغۇپ چىققان مۆجىزىگە ھەيران قې-
لىپ: «ھەتتا مېنىڭ باشقىلار يېزىپ قويغان كىتابلارنى
تەرجىمە قىلىش سۈرئىتىممۇ بۇنىڭغا يەتمەيدىكەن، بۇ
قانداقمۇ بىر ئەقىللىق ئادەمدۇ؟» دەپ قالاتتىم. قەقنۇس-
نىڭ تەتقىقات ئەينىكىدە كۆرىنىۋاتقان ماكرولۇق ۋە مىك-
رولۇق تەسەۋۋۇرلارنىڭ شۇنچە مول‌لىقىغا قارىماي، بىردەم-
دىلا ئۇنىڭ دىلىدىن تامچىلاپ چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ، تو-
رىشاۋدىكى سىرلارنىمۇ چۈشىنىشكە باشلىدىم. چۈنكى، مەن
بىلگەن تورىشاۋ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنى ياراتقۇچى زاتنى توغرا
تونۇش ئۈچۈن ئانا يۇرتىدىكى ئىسسىق ئورۇن - كۆرپىسى
بىلەن قان - قېرىنداشلىرىنى ۋاقىتىنچە تاشلاپ قويۇپ
ۋارلىن ئورمانلىقىدىكى ۋارلىن كۆلى بويىغا يالغۇز ماكان-
لىشىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆزى ياسىغان كۇزلەكتە
سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا دەرەخلەرنى،
ھايۋانلارنى، ئۇچار قۇشلارنى، قىسقىسى، زېمىن ئۈستىدى-

كى ھەممىنى ۋە زېمىنگە يورۇقلۇق بېرىپ تۇرغان قۇياش،
ئاي، يۇلتۇز، تامچە يامغۇر ۋە قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن زې-
مىن يۈزىدىكى ئەشۇ گىياھ ۋە جانۋارلارغا روزۇق ئوزۇق
ئۆرۈقى چېچىۋاتقان ئاسماننى، ئۇرۇقنى قوبۇل قىلىۋاتقان
زېمىندىكى بارلىق جانلىقلارنى كۆزەتكەن. ئۇلارنى «كې-
لىڭلار، ئوبدان بىر مۇڭدىشايلى، سىلەر كىم؟ مەن كىم؟
بىزنىڭ ئارىمىزدىكى يارىلىش، بېقىنىش، ئۆزگىرىش سىڭد-
ىش سىرلىرى نېمە؟ مەن ئەقىل سىزىقىدا يارالغان ئادەم
تۇرۇپ ياراتقۇچى ئانامنى سىلەرچىلىكمۇ بىلمەيدىغان ئاز-
غۇنلاردىن بولۇپ قالماي» دەپ سۆھبەتكە چاقىرغان بىر
دەرۋىش ئىدى. ئۇنىڭ چېنىقىش ئۇستىدىكى بۇ قىلىقى
خۇددى پەرىدۇددىن ئەتتار ۋە نەۋايىلارنىڭ تەسۋىرىدىكى
ھوپۇپ (قۇشلار شاھى) نىڭ ئۇلارنى سۇمرۇغ قىلىپ تاۋلاش
ئۈچۈن سەپەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەربىيەسىگە ئوخ-
شايتتى. ئاخىرقى تۇيغۇسى ھوپۇپ تەربىيەسىدىكى قۇشلار-
نىڭ چىداملىقلىرىدىن 30 قۇشنىڭ چېنىقىش ئارقىسىدا
ئۆزلىرىنى سۇمرۇغ ھېس قىلغانلىرىغا ئوخشايتتى.

سەل كونكرېت ئېيتقاندا، ھېنرو تورىئاۋ فرانسۇز
ئەجدادى بولغان ساكسونلارنىڭ تېپىنماس شىجائەت بىلەن
ياشاش تەبىئىتىنى مىللى ئىززەت دەپ بىلگەن ئەزىمەت
ئىدى. ئۇ ئامېرىكا ماساچوست ئىشتاتىنىڭ كانكونت بازى-
رىدا 1817 ـ يىلى تۇغۇلغان ۋە ئەقلىگە كېلىپلا كارخانى-
چى دادىسىدىن ياغاچچىلىق، باغۋەنچىلىك، سىرچىلىق ۋە
قېرىنداش ياساش ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي، 20 يې-
شىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، شۇ چاغدا
بىر قەدەر يۇقىرى ھېسابلىنىدىغان 500 ئامېرىكا دوللىرى
مائاش ئالىدىغان ئۆز يۇرت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى
بولغان، شۇ زاماندىكى ئۆزى دانىشمەن ياكى ئەقىللىق دەر-
ۋىش ھېسابلايدىغان ئىمىرسۇندەك ئۆتكۈر كىشىلەر بىلەن
دوست بولۇپ ئىككى مىليون سۆزلۈك ئاجايىپ بىر تۇر-
مۇش خاتىرىسى يازغانكى، بىر ياش بالىنىڭ دىلىدىكى بۇ
مەنىۋى دولقۇندىن قۇۋۋەم ـ قېرىنداش ۋە يارى ـ بۇرادەر-
لىرى ھەيران قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش بىلەن
دادىسىنىڭ قېرىنداش زاۋۇتىنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىشى
دادىسىنىمۇ كۆزىگە ياش ئالغىدەك خۇش قىلغان ئىدى. ئۇ-
نىڭ ھاياتى يىگىتلىك دەۋرىدىكى ئاشۇنداق ئىلمىي ۋە ئە-
مەلىي دولقۇندىن ھەرقانداق تەتۈر قۇيۇنلار بولسىمۇ ئەقىل
ئىشلىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر خاسىيەت بىلەن داۋام
قىلغان ئىدىتىكى، 30 يېشىدا «ۋالتون كۆلى» دېگەن ئە-
سىرىنى ئېلان قىلغاندا، كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا گويا سىر-
لىق بىر ئەۋلىيادىن گەپ ئاڭلاۋاتقاندەك يېڭى كىتاب قىز-
غىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەسە-
رىدىكى قۇللۇقنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇنلار
ئىنسانىيەتكە بەدىئىي زوق، باتۇرلۇق ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بى-
لەن ئاددىي ياشاشتىن ئىبارەت بەخت ۋە ئىناقلىق نىشانى
كۆرسەتكەچكە، كىشىلەردە مەلۇم چوقۇنۇش ھاسىل قىلغان
ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ھىندىستان ھۈنەر سەنئىتى ۋە تىلىنى
ئۆگىنىشى ئۇنىڭ تەبىئەت تەرتىپىدە ئاددىي ياشاش قىز-
غىنلىقىدىكى يەنە بىر ئۆركەش بولۇپ، بۇمۇ يازغۇچىلىقتا
قوشۇمچە يەنە بىر تالانت ئۇرۇقى بولۇپ ئەتراپتىكىلەرگە
تەسىرلىك مۇھەببەت ئوتىنى چاچقان ئىدىتىكى، ئاخىرى
ئۇنىڭ كىشىلەردىكى بۇنداق زوقمەنلىكلەرمۇ ئەكس ئەتكەن
كۈندىلىك خاتىرىسى 39 توم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان
كۈنلەردە، ئۇ توساتتىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئىدى، بۇ ئۇ-
نىڭ 45 ياش چېكى ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە قىسقا ھاياتىدا
ئۇنىڭدىن شۇنچە كۆپ ئەسەر ۋە ئەخلاقىي خاسىيەتلەرنىڭ
باش كۆتۈرىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنداق نۇرلۇق تالانتنىڭ
يېتىلىشىدە سەۋەب جىق، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇنىڭ كىتابى
يادىلامچىلىقنى تاشلاپ دالىدا سۇكۇنات قىلىشىدىن كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدىكى، ئۇ ئۆزىنى بىلىش ئارقىسىدا يېتىپ بارغان
كۆڭلى يورۇشتىن كۆتۈرۈلگەن نۇر ئۇنى ياراتقۇچى ۋىسالى
ئۈچۈن شۇنداق كۈچ بىلەن ھەيدىگەنكى، ياراتقۇچى ئۇنىڭ
كۆڭلىگە شىۋىرلىغاندا كۆتۈرۈلگەن ئىلھام دولقۇنلىرى
خۇددى ئېگىز تاغ جىرالىرىدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان سەل
سۇ كونا توغانلارنى ئېقىتىپ ماڭغاندەك ۋە ياكى ئەزىم دەر-
يا سۈيىنى توغان بىلەن توسۇپ ئالساقمۇ، ئۇ سۇ ھامان ئۇ-
يان ياكى بۇيانغا تاشقاندەك بىر تەرىزدە ئېتىلىپ چىقىپ
40 نەچچە توم كىتاب بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان
بىر چۈشەنچە باتۇرلىقىنى كەشىپ قىلدۇرغان.

كۆڭلىدىن ئەقىل تۆكمە بولىدىغان بۇنداق ئادەمنى تو-
لۇق تەسۋىرلەش بۇنداق قىسقا سەھىپىدە مۇمكىنمۇ؟ ياق!
ئەمما، بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇ ئا-
شۇنداق دالىلاردا تەبىئەت بىلەن مۇڭدىشىپ، بۇددىزم
زاھىدلىرى ياكى ئىسلامى ئىستىغفارچىلىرىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان «ئاددىي ياشاش» پەلسەپىسىنى ئەمەلىيەت قىل-
غان. ئۇنىڭ نەزەرىدىكى بەخت مانا مۇشۇنداق ئاددىي ياشام-
دىن تۇغۇلىدىغان ئۇرۇق كەبى مۆجىزىلەر بولغانكى، شۇڭا،
ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ھەۋەسكارلارغا: «سەن

بەختلىك بولماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇتتۇق قازان، ئۇتتۇق يۈرەك قېتىمغا ئېكسپېدىتسىيە قىلىش شىجائىتىدىن كېلىدۇ. ئەگەر سەن پەيلاسوپ بولىمەن دېسەڭ، مەن ساڭا شۇنى دەيمەنكى، ئۇنداقتا سەن پۇختا تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بىر ئېقىم شەكىللەندۈرىدىغان بىلىمگە ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىمى، پارلاق مەنزىرە ئاچىدىغان پاراسەتكە مۇھەببەت باغلا، دىلىڭغا دۇربۇن قوي، دىلىڭدىن سۆزلەۋاتقان پاراسەت پەرمانىغا بوي ئەگ، بۇنىڭغا تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، كەڭ قورساق بولۇشنى، تەپەككۇردا مۇستەقىل بولۇشنى قورال قىل» دېگەندەك سۆزلەرنى تەكرارلاپ تۇرغان.

ئويلاپ كۆرۈڭ، كۈنىمىزدىكى بەزىلەر بوستانلىق دالىلارغا بۇنداق تەنها ئىزدىنىش ئۈچۈن ئەمەس، ئويۇن ـ تاماشا قىلغىلى بارىدۇ، ھەتتا شەھەر ـ بازارلارنىڭ كوچىلىرىغىمۇ يەپ ـ ئىچىش، ئۆزىنى بېزەشكە كىيىم تاللىغىلى چىقىدۇ. بۇنداق ئادەملەر دانىشمەن بۇلبۇللار سايرايدىغان كىتابخانىلارغا قاراپمۇ قويمايدۇ. كىتابلارنى جاۋىنىغە تىزىپ قويۇپ «پېنسىيەگە چىققاندا ئوقۇيمەن» دەيدىغانلارمۇ شۇلارغا يېقىن كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نەپسى ھەۋەسلەر (شەيتانلار) قانائەت تۇيغۇلىرى ۋە قانائەت بىلەن تىنىچ سۇدەك ئەركىن ۋە تىنىچ يۈرەكتىن ئەۋجىگە چىقىدىغان شۇكۇرلۇك شىۋىرلاشلارنى بېسىپ كەتكەن، قاراڭ بۇ كىشىلەرنى، نېمە دېگەن تويماس نەپسى ئۇلاردىكى! ئۇلارمۇ «مەن مېنى باققان جەمئىيىتىمگە نېمە بەردىم دەمدىغاندۇ؟ تورىئان مانا مۇشۇنداق كىشىلەر ئارىسىدىن ـــ ئاشۇ تۈگىمەس ئويۇن، ھەشەمەتلىك چايلاردىن ئاشۇنداق «ئاددى ياشاش» پەلسەپىسى ئارقىلىق ئايرىلغانكى، مۆجىزە ئۇنىڭ مۇشۇ شىجائىتىدىن ئۇرۇق بولۇپ ئۈنۈپ چىققان. چۈنكى، ئاددىي تۇرمۇشنىڭ تەكتى ئەنە شۇنداق قانائەتتۇر. ھاياتنى شادلاندۇرىدىغان، قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان، مەڭگۈلەشتۈرىدىغان مۆجىزىلەر شۇنداق قانائەتتىن كېلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، قانائەت يالغۇز ماددىي بايلىقلاردىنلا ئەمەس، بەلكى، ھەشەم، تەمەخورلۇق، بولۇپمۇ ئاچكۆزلۈكتىن پاكلانغان قەلبتىن كېلىدۇ. قانائەت بىلەن چۈشەنچە باتۇرى بولغان بۇنداق قەلب ئەخلاقى گۈزەللىك، ئەخلاقى گۈزەللىك يۈرەك قېتىدىن قايناپ چىقىدىغان بىر خىل خۇشاللىق، ھاياتلىقنى شېرىن تۇيغۇلارغا غەرق قىلىدىغان مەپتۇنكارلىقتۇر. ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز يۈرىكىدە «پاھ» دەيدىغان سۆيگىنى ۋە ياكى سۆيىدىغىنى يوق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بۇنداق مەپتۇنكارلىق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟ مەن ئاڭلىمىغان، ھەم ھېس قىلمىغان. قاراڭلار ئۇ كىشىلەرگە، بەزى بايلاردا پۇل بار، لېكىن ئۇلارنى پۇل ئىگەللىۋالغان؛ بەزى دېھقانلاردا يەر بار، لېكىن ئۇلارنى يەر ئىگەللىۋالغان؛ بەزى مەرتىۋىلىكلەردە ھوقۇق بار، لېكىن ئۇلارنى «ھوقۇق» خۇمارى، شۆھرەت تۇيغۇسى ئىگەللىۋالغان؛ بەزى ئالىملاردا بىلىم بار، لېكىن، ئۇلارنى ئۆلۈك ھالدىكى ئوقۇملار ۋە ئۇلارنى تەكرارلاپ ھۆرمەتلىك بولۇش خۇمارى ئىگەللىۋالغان... بۇنداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئۆزلۈكلەرگە قايسى پەيغەمبەر، قايسى ئەنبىيا ـ ئەۋلىيا نەسىھەت قىلمىدى؟ ھازىرقى كۈندە يەنە قايسى ۋىجدانلىق داھى، ئۆلىما، ئالىم، مۇئەللىم، باشلىق يەنە «ئۇنداق قىلماڭلار، تېجەشلىك بولۇڭلار» دېمەيدۇ؟ بەزىلەر دېسىمۇ ئاڭلىمايدۇ، نېمىشكە؟ ئۇلاردا تورىئان چىڭ تۇرغان ئاددىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان قانائەت يوق. شۇ تۈپەيلى ئۇلار ھەشەمخورلۇقنىڭ، نەپسى بالالىقنىڭ ئەزەلىي ۋە يەزىلىي بالايى ـ قازالارنىڭ چوڭقۇر ئورەكلىرىگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۇلاردا بۇ ئورەكلەردىن ئۆمىلەپ بولسىمۇ چىقىپ كېتىش جۈرئىتى يوق. بۇ ھال ھەممىمىز ئۈچۈن ئىبرەتكى، تورىئاندىكى مۆجىزىدارلىق ئىسىل خىسلەتلىرىنى يوقاتقان قەدىمىي مىللەتلەردىن، ئۇزاق بولمىغان كېلەچەكتە يەنە يوقىتىپ قويۇش خەۋپى بار مىللەتلەرگىچە «ئاددىي ياشاش» پەلسەپىسى بويىچە ئويغىنىش، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە قۇرۇشنىڭ ھۆلىدۇر. ھەي باياشات ياشاۋاتقان ئادەملەر، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن، ئەۋلادىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزگە زەڭ قويايلى، بىز پەخىرلىنىۋاتقان ئاشۇ ھەشەملەر بىزنى كېلەچەك ئىستىقبالىغا باشلايدىغان تاڭ نۇرىمۇ ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر ئورەكلەرگە سۆرەيدىغان ئەزرائىلمۇ؟ تانمايلىكى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا تۈگىمەس ئېزىتقۇ نەرسىلەر بار. بىز مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلىققا، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق ئولتۇرۇشلاردىن جىمجىت تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىشقا، سۈنئىيلىكتىن تەبىئىيلىككە، ھورۇنلۇقتىن ئىش ئەمگەككە قايتىدىغان بولساق، جىسمىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئەشۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھاردۇرۇپ قويۇشىدىن ئازاد بولۇپلا قالماي، ئۆزىمىزگە قانائەت ھاسىل قىلىش بىلەن تورىئانچە ئىلگىرىلەشكە يول ئاچالايمىز. ئۇنىڭ گېپىگە قولاق سالايلىكى: «ھاياتنىڭ مەيلى قانچىلىك تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالسۇن، ئۇنىڭدىن قاچما، ئۇنى تىللاپ قاغىما ـ دەيدۇ ئۇ ئاددىي ياشاش شىجائىتى بىلەن، ـــ ئۇ ھەرگىز

سەن ئويلىغاندەك ئەسكى ئەمەس. سېنىڭ ئۆزلۈك چۈشەنچىسى بىلەن ‹تازا باي بولدۇم›، دەۋاتقان ۋاقتىڭ ئەڭ نامرات ۋاقتىڭدۇر. توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان ئادەملەر ئەگەر سەن سەخى جەننەتتى بولساڭمۇ سەندىن بىر ئەيىپ تاپىدۇ. شۇڭا، سەن تامامەن نامراتلىشىپ كەتسەڭمۇ، تۇرمۇشىڭنى سۆيگىن، ئۆزلۈكۈڭ ئىچىدىكى ئۆگلۈكنى تاپ، شۇڭاندا سەن پاراۋانلىق ھويلىسىدا بولساڭمۇ، كۆڭلۈڭ خۇشال ئۆتىدۇ، كۆڭۈل ئاچىدىغان، پەخىرلىنىدىغان چاغلار ساڭا ھەمرا بولىدۇ. كۈن ئولتۇرغاندا تارقىغان شەپەق بايلارنىڭ رۇجەكلىرىنى قانداق يورۇتقان بولسا، سېنىڭ پاراۋانلىقىڭنىڭ رۇجەكلىرىنىمۇ شۇنداق يورىتىدۇ. ئىشىك ئالدىدىكى سېرىق قارلارمۇ شەپەق بىلەن تەڭ ئېرىپ كېتىدۇ. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمكى، كۆڭلى تىنىق سۇدەك تۇرغان قانائەتچان ئادەمنىڭ كۈنى خان ئوردىسىدىكىلەردەك خۇشال ئۆتىدۇ».

ھۆرمەتلىك دوستلار، ئۈنىڭدىكى ئىشەنچ نېمە دېگەن مۇستەھكەم ـ ھە! ئۇ ئەجەبا ئۇ ئاشۇ گەپلىرى ئارقىلىق نامرات، مىسكىن كىشىلەرنى يەنىلا شۇنداق خارـزار ـ نامرات ياشاشقا دەۋەت قىلىۋاتامدۇ؟ ياق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ياراتقۇچى كۈچنىڭ ئۆز قەلبىدە ھاسىل قىلغان نۇرى ئېھسانىدىكى مەنىۋى بايلىقنى بىلدى، بۇ كۈچنىڭ ئىنسانلار ئويغىنىشىنىڭ تۈنجى قەدىمىدە ياكى سۇلايمان يەردىن ئۈنگەن ئوتلار بىلەن مۇڭدۇشۇپ ئىبادەت قىلغان مەسچىدى ئەقسادا باش كۆتۈرگىنىدىن تارتىپ ئۆزىگىچە ئۇلۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، باشقىلارنى ئىشلىتىپ، ئىجاد قىلدۇرۇپ ياشايدىغان پارازىتلىقنىڭ ھەرقانداق شەكلىدىن يىرگىنىدىكى، ھاياتتىكى ئۇتۇقنىڭ، بەختىنىڭ ھەر ئادەم ئەقلىدىكى ئاشۇ قۇرغۇچى، تۈزگۈچى كۈچنى تېپىپ ئىشقا سېلىشتا ئىكەنلىكى، ھەرقانداق خاكسار بىر كىشى ئەگەر دىلىدىن ئۆزىنى ياراتقۇچىغا ئۇلايدىغان مۇشۇ كۈچنى تونۇپ ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكىنىدە ھۆر بولىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ نۇرغا ئىگە بولغاندا، بايلىق نېمە؟ ھەق نېمە؟ دېگەنلەرنى ئايرىپ ئالدى ـ دە، شۇنداق ئىشەنچە قىلغان مەنزىلگە يېتىپ باردى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك ئىلھامى دەۋەت بولۇپ قالدى. مەن يۇرتىمىزدىكى چاغداش ئالىمىمىز قەقنۇستىن مانا مۇشۇنداق بىر ئىشەنچ ۋە ئىرادىنىڭ ئىجراسىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئاددىي ياشاش، جەۋھىرى زاتتافانا «يوق بولۇش» نىڭ ئۆلگىلىك رولىنى بىز كىتابى ئۆگەنگەن يىراقتىكى ئالىملاردىن تېخىمۇ جانلىق سىزىۋاتىمەن.

ئالايلۇق، ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىلمىي تەرەققىيات قاراشلىرى ئىلھامى بىلەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» دە دۇنيا، تارىخ، ھازىر ۋە ئاخىر توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزلىنىپ ئېلان قىلغان «بىلىنگەن ئەيىبلەن»، «سەنئەتكارنىڭ مەنىۋىيىتى»، «يېڭى ئىرا تەلىماتى»، «تارىخىي تەنقىد روھى ھەققىدە»، «ئون خۇمايى يەزەل ـ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇلدۇرغۇچى ئەقىدەت»، «ماھۇم تەلىماتى»، «فىلولوگىيەدىكى ئىلمىي تەرەققىيات»، «ئۆگۈۋادۇر تەلىماتى»، «ئەخلاق تەلىماتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ۋە بۇ يەردە ئىسمى ئاتالمىغان باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ ژورناللاردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بەزى ئوقۇرمەنلەر: «تولۇق چۈشىنەلمىدۇق، ..... ھازىردىن ھالقىغان ئابستراكت گەپلەر ئىكەن» دېگەندەك تەئەججۇپلىرىنى، ھەتتا بەزىلەر چۈشەنمەسلىكىدىن پەيدا بولغان تەئەددۇملىرىنى غەيۋەت قىلىشتى. باشتا مەنمۇ خۇددى مۇشۇ كىشىلەردەك: «بۇ ئاداش نېمە دەۋاتقاندۇ؟» دەپ خاپا بولغان ئىدىم. كېيىنچە ئۆزۈمنىڭ ئۈستۈمدىكى ئادالەت ئىز دېگەن چۈشەنچە باتۇرلىرىنى ئىزدەيدىغان تەھرىرلىك سۈپىتىمنى ئېسىمگە ئالدىم ـ دە، بۇنداق گەپ ـ چۆچەكلەردە قايمۇقۇپ كەتمەي تېخىمۇ زىل مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدىم. بۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا ئويلىدىمكى: «ئىنسانلارنىڭ كەسپى (خىللى) مەشغۇلاتى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر نەچچە ئون يىللاپ تەققاسلاپ ئىزدەنگەن يەكۈنلەرنى بىراقلا چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىنى نورمال ئەھۋال» دېدىم. شۇنداقتىمۇ خۇددى سىنىپ كۆچۈش، ئىمتىھاندا تەكرار زۆرۈر بولغاندەك شەرھى تەپسىلاتلار زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ، مەزكۇر گەپلەرنى تەكرارلاۋاتىمەن.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەكرارلايمەن؟ چۈنكى، ئۇ ئېلىمىز جۇڭگو ۋە ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچەك بەختى ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنگىچە بىلىملىرىنى كۈللىيات قىلىۋاتقان ۋە كۈنىمىزدىكى مىللى، دىنى، ئىرقى ئۆزلۈكلىرى بويىچە خۇراپىيلىققا بوغۇلۇپ كەتكەن ئالىملار، چۈشىنەلمەيدىغان گەردۇنى (ئونلۇق) قاراشنى تەبىئەت ۋە ئۆز جىسمىدىن ئۈبيېكتىپ چۈشەندۈرگەن دانىشمەندۇر. بۇنداق دانىشمەنلەر ئادەتتە تۇغما بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەربىر خەلق ئارىسىدا بولۇۋەرمەيدۇ. ئەمما، ئۇلارغا تالانت بىخلىرىنىڭ كۆكلىشى ھەققىدە غاپىل ئادەملەر بىلمەيدىغان شۇنداق

بىر روھ مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن ئەرۋاھ بولۇپ كۆمۈلۈپ ئۇرۇقلۇق بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ گىدىرماش ئىدە-يەلەرگە چۆمۈلگەن كىملىكىمىزدىن ئۆزىنى سۇزگەن كې-لەچەك ئىرپانلىقىمىزغا قارىتا قىلغان قەلب سەپىرىدە شۇنداق بىر ئۇرۇقلۇق بار، بىز ئۆزىمىزنىڭ غايىلىلىقىنى ئۇنىڭ دانىشمەنلىكى ئۈستىگە قويساق، بوۋىلىرىمىزنىڭ گەردۇنى (ئۇنلۇق) ئەنئەنىسىگە ئاسى بولۇپلا قالماي، ئىن-سانىيەتكە تولىقلىۋالغىلى بولمايدىغان بىر زىياننى ئۇرۇ-مىز. مەندىكى تەكرارلىق شۇ خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۇ-چۈندۇر.

ئۇنىڭ ئۆمۈر خاتىرىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ ھا-زىر بىز بىلىدىغان تىپىك پەيلاسوپلار ۋە زامانىۋى زىيالى-يۇنلارنىڭ بىلىم مۇساپىلىرىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، تورىئانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مۇساپىنى باشتىن كە-چۈرمەكتە. قىسقارتىپ ئېيتساق، ئۇ تەربىيەتىلىك دادىسى ۋە دوختۇر ئانىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ئوقۇغان كىتابلىرى ئارقىسىدا 1950 ~1960 - يىللىرى بالىلىق ۋە ياشلىق يىللىرىنى چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارغا ھەۋەس بىلەن ئۆتكۈزدى. چىرايلىق ناخشىلارنى ئاڭلىسا نېمىشقىدۇر يىغلامسىراپ قالىدىغان دىلى يۇمشاقلىق ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى. ئوتتۇرا مەكتەپ يىللىرىدا، ئۇنىڭ ئوقۇيدىغان رو-مانلىرى ئاساسەن تاشكەنت نەشرى كىتابلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىياللىرى ياندىكى ئۆزبېك ۋە يىراق قازاق، تاتار ۋادىلىرىدا، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى قەھرىمانلىرى كەز-گەن يەرلەردە ئۇچاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى چاغ-لىرىدا يەنە شۇ رومانلار تەسىرىدىن خىياللىرى كاۋكاز، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئىران، ھىندىستان ۋادىلىرىدا كەز-دى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ماركس، لېنىن ئەسەرلىرىنى، ئاندىن ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇش خۇمارى ئۇنى خېلى يىللار مەپتۇن قىلدى. 1970 - يىللاردا ئاساسەن يېزىلاردا ياشىغان بولسىمۇ، گېگىل دىيا-لېكتىكىسى ۋە «ئالەمنىڭ سىرى» قاتارلىق نىمىس پەيلا-سوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئەقلىنى ئاچتى. 1983 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى-دىكى كۇنلىرىدە ب د ت نىڭ مەدەنىيەت - مەرىپەت كومى-تېتى نەشر قىلىدىغان «ئەلچى» قاتارلىق ئىلمىي ژورنال-لىرىدىكى دۇنياۋى تاللانما ماقالىلارغا ھېرىسمەن بولۇپ، دۇنيانى يېڭىدىن بىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئاكادېمىيە رەھبەرلىرى بىلەن پىشقەدەم ئالىملار ئىچىدە ئەخلاقى ۋە ئىنتىزامچانلىقى بىلەنمۇ ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇردى. 1984 - يىلى «مەنىۋى دۇنيا قانۇنلىرى ھەققىدە» دېگەن تۇنجى ئەسىرى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىندى. ئۇنى ئوقۇغان خەبەردارلارنىڭ ھاياجانلىق تەسۋىرات گەپلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە مەپتۇن بولدى ۋە بىز كۆرۈپ تۇرغان روھى ھالىتىدىن قارىغاندا، ھە دېسىلا تاپقىلى بولمايدىغان بىر پىنھان تۇرمۇش كەچۈردىكى، بۇ چاغلارنىڭ بىر قىسى-مىنى يېگانە سوكوناتلارغا بەردى. 1985 - يىلى ئاسپىرانت ياكى دوكتورلۇققا ئوقۇغان كىشىلەر ئاسانلىقچە كىرەلمەي-دىغان ئاكادېمىيەنى تاشلاپ قەشقەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تەبىئەتكە چىقىپ كېتىش پۇرسەتلىرىنى ئىگىلى-دى. دەريا بۇيلىرىدا، بۇلاق بويلىرىدا، ئاخشاملىرى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ، بىزدىكى خۇراپىلىقنى تونۇش ۋە ئىنسا-نىيەتنىڭ ئورتاق مەسىلىلىرىنى ئويلاش ئادىتىنى يېتىل-دۇردى، شۇنداقلا ئاكادېمىيەدىكى كۇنلىرىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئاساسلىرىدىن كاللىسى رېفلېكس بولۇپ قال-غاچقىمىكىن، ئومۇمەن دىن ۋە پەننىڭ ھەرقانداق ئاجايىپ مەسىلىلىرىنى «مىنالانغان رايون» بولۇشىغا قارىماي پىن-ھان ئىزلەپ زېرىكىشلىك كۇنلىرىگە ئىلمىي ئىجادىيەت بى-لەن قىزىقىش ۋە تەسەللى تاپتى.

شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۇچراپ قىلىپ ھال-مۇڭ بولغاندىن كېيىن، قانداق ئۇسلۇب بىلەن يېزىۋاتقان-لىقىنى ۋە قانداق كىتاپلاردىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى سو-رىسام، خۇددى كىتابلارنى تاشلاپ قويۇپ ياراتقۇچى تەبى-ئەتكە تىۋىنىۋاتقان بىر تەرىقەتچىدەك مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن بەزىدە ئارقىدىكى ئېتىز - ئۆستەڭ بويلىرىدا يالاڭ-ياغ، يالاڭباش «مەشرەپ، كەبى يۈرگەندە: ‹سېنىڭ ياكى سىياسىي غەرىزىڭ بولمىسا، سەندىن مەنسەپ، ئۇنۋان ئۇ-چۈن تىرىشىدىغان قىزغىنلىق يوقالغان تۇرسا، ئارامخۇدا كۈنلىرىڭنى سېرىقتال بولسىمۇ ئويناپ كۈلۈپ ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزسەڭ بولمامدۇ؟ بۇ نېمە جاپا؟ دەپ ئويلايمەن ۋە ماقۇل ئارام ئالاي، تەبىئەتنى تاماشا قىلاي دەپ قىردىكى گىياھلارغا قارايمەنۇ، لېكىن ئىختىيارسىز ھالدا بىر خىل ھاۋا، بىر خىل ئاپتاپ، بىر خىل تۇپراقلىق دالادا ھەتتا ئوخشاش جىمىرلاپ تۇرغان گىياس چېچەك چېھرى مېنى تارتىپ كېتىدۇ. قارىسام بىر خىل «رەيھان»، بىر خىل «يانتاق». دەرھال ئىلھام: سەن قايسى بولۇسەن؟ دەيدۇ. رەي-ھاندەك خۇش ھىد چېچىپ قالدۇرغۇم كېلىدۇ. يەنە شۇ

شجائەت، يەنە شۇ يازماق باشلىنىدۇ. هاراق ـ شاراب بىلەن كۆڭۈللىرىنى رېستورانلاردا ئويناپ ئۆتكۈزگەن، كۆپ ئۆتمەي كېسەل بولۇپ ئېڭراپ يۈرگەن بۇرادەرلىرىمگە قاراپ ئېچىنىمەن».

مەن ئويلايمەنكى، هازىر بىز ئېلان قىلىۋاتقان، باشقا ژۇرناللاردا نۆۋەت كۈتۈپ ياتقان ۋە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدا زادىلا ئېلان قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان قولىيازمىلار بەلكىم ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى تەپەككۇر ۋە ئەنە شۇنداق ئېچىنىشىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك. دېمەك، بۇ چاغلاردا ئۇ ئاللاقانداق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئەسەر يېزىش ئەمەس، بەلكى ئىستىغراغ سۆزگۈچلىرىگە چۈشكەن دۇرلارنى قاتار قىلىۋاتاتتى. ئۇ گەرچە ماڭا ئۆزىنىڭ ئاشۇ مەجنۇنلۇق سەۋداسى بىلەن يۈرگەن كۈنلىرىدىكى ھەممىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنىڭ گەپ ئارىسىدا دەپ تاشلىغان بىر ھېكايەتتىن ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە بىللە يۈرگەن ھەقىقەت ئاشىقلىرىنىڭ كىشىلەر دىققەت قىلمايدىغان ساھىل سۈرەتلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەجدادۇل ئېھرام ئەتراپىدا ھەق ۋىسالى ئۈچۈن ئاجايىپ قاتتىق رىيازەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى ھەمدە قەقنۇسنىڭ ئۇلار بىلەن گەردۇنراھ تەۋەرۈكلىرىنى يىغىۋاتقانلىقىنى بايقىغان ئىدىم. لېكىن، شۇ چاغدا مېڭەمدە كىتابى ئۇقۇملار ھۆكۈمران بولغاچقا، بۇنداق قىلىشنىڭ زادى قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى بەكمۇ بىلىپ كەتمەيتتىم. ئاۋۋال 90 ـ يىللاردا قازاقىستان، ئۆزبەكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، كالىفورنىيەلەردىكى ئىلمى تەكشۈرۈش جەريانىمدا، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئادەمنى شۇ تۇغۇلغان يۇرت، ئۇ كۆمۈلگەن قەبرىگاھلارنى تەپسىلىي تەكشۈرمەي تۇرۇپ بىر نەرسە يازمايدىغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن ئىدىم. مانا ئەمدى بۇنى تولۇق بىلىپ يەتتىم. ئۇ شۇئاندا ماڭا مۇنداق بىر مەسىلىنى ھېكايە قىلغان ئىدى:

قۇملۇقتىكى يۇلغۇن كۆتەكلىرىدىن يېقىلغان گۈلخان ئۆچتى. قوقاس چوغلار قاراڭغۇ ئاسمان بوشلۇقىمىزدىكى يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ تۇراتتى. سالقىن ھارارەت كېچە سوغۇقلۇقى بىلەن ئارامبەخش ئىدى. بەش دەرۋىش مۈگدەشكە باشلىدى، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن، كونا كۆرەك تۇماقلىق مۇرشىد ۋەھدەتكە چۆمۈپ، چوغ يۇلتۇزلارغا كېچە ئاسمىنىدەك قاراپ ئولتۇراتتى. قېشى قىمىرلىدى. ئۇ بارمىقى بىلەن بىر تال پىتنى ئاستا تۇتۇپ ئالقىنىغا قويۇپ:

«ئى ئارامبەخش خانىدانلىرىغا قانائەت قىلماي چىققان پىت، قاش ـ قاپىقىمدا نېمە ئىشلىرىڭ بار ئىدى. ھازىرچە ئارامبەخش ماكانىڭدا ئۇخلاپ تۇرغىن» دەپ تۇماق ئىچىگە سېلىپ، پاخپايغان چاچلىق بېشىغا كىيدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان تۆت سوفى دەرۋىش ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— تەقسىر، بۇ قانخور جانۋارغا نېمانچە رەھىمدىللىك قىلدىڭلا ـ دېدى.

— تەڭرىمنىڭ ياراتمىش ھېكمەتلىرى ئەقلىمىزدىن تاشقىرى، ھەيرەت ۋادىسىدا بۇنىڭدىمۇ بىر شەپقەت باردۇر، ـ دېدى مۇرشىد.

— ئۇنىڭغا ئىنان، ئۆزلىرىگە زىيان بولىدىغان ھېكمەتتىن باشقا نېمە بولىدۇ؟ دېدى يەنە بىر سوفى.

— تەڭرىم، ھەربىر زەررىچە نەرسىگە بېرىش بىلەن ئېلىشنى مۇتلەق قىلغاندۇر. ئۇ مەندىن بىر تامچە قان ئېلىش بەدىلىگە يوغانلىقى يەر يۇلتۇزىدەك جان بېرىشكە مەجبۇر. ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قاپىقىمنى مىدىرلاتقىلى چىققان، ـ دېدى مۇرشىد.

دەرۋىشلەر قوقاستىكى ئاخىرقى چوغلاردەك مۈگدەشكە باشلىدى.

بۇ ھېكايە ئارقىلىق دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دەماللىققا چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىمىز ئۇنىڭ ھاياتى بىز بېشىمىزدىن كەچۈرمىگەن ئاشۇنداق دەرۋىشلەرچە تەكشۈرۈشلەردىنمۇ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئىش ھازىرقى سەۋىيەدە بىز دەماللىققا چۈشىنىپ كەتكىدەك بۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىدا كىتابى ئادەملەر ياكى مەلۇم قاراش بىلەنلا بەنت بولۇپ كېتىپ ئالەملىك بىرلىكنى، ئىنسانلار بىرلىكىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان ئادەملەر دەماللىققا چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان، كىتابتىن كىتابقا تاقلاپ يۈرۈپ ئىش قىلىدىغان ۋەزخانلار زادىلا چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل مەنا سىرلىرى بار. شۇڭا، ئۇ دەيدىكى: «مەن قۇرئى تەپەككۇرنىڭ نەزەرىيە ۋە تەجرىبىسى بويىچە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: مەندە نېمە ئۈچۈن ئۆزلۈكىمدىن ھالقىغان سىرلىق بىر تىزگىن كۈچ مەۋجۇت ۋە بۇ كۈچ نېمە ئۈچۈن 50 يىلدىن بېرى ماڭا نۇرغۇن زەخمەتلەرنى يەتكۈزگۈچى ئىنسان تەبىئىتىدىن ھالقىغان غايىۋى ئىنسانلىق مۇھەببىتىنى سالىدۇ؟ مەن خۇددى لالما ئىت كۈچىكى يوغان شىر

سايىسى كەينىدىن تىمىسقىلاپ يۈرگەندەك ياشاپ كەلگەن
ئىدىم، لېكىن بەختكە يارىشا ئۇيلا، ئۇيلا ئاخىرى ئېنىق
يەكۈن ھاسىل قىلدىم.

ئىنساندا ئەسلىي (ئېتىنىك) قەۋەت بىلەن جەملىي
(ئىنتېر) تەرەپ دېيىلىدىغان ئامىللار بولىدىكەن؛ مەن 1945 ـ
يىل ئانام قورسىقىدىكى كۈنلەردە 2 ـ جاھان ئۇرۇشى ئا-
خىرلىشىپ، يەر شارىدىكى ئىنسانىيەت تەقدىرىنى ھەل
قىلغۇچى مەركەز قۇرۇلغان ۋە شۇ چاغدىكى بىر ئەرۋاھ
سىرلىق مۇرات ـ مەقسەتلىرىنى ئېچىپ بەرگۈچى ئىزلەپ
يۈرگەندە، خۇددى كۇمۇت چېقىمۇشلىپ زەھرى قانغا ئۆتكەن-
دەك ماڭا ماكانلىشىپ قالغان ئىكەن».

ھۆرمەتلىك دوستلار، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر
جۈملە سۆزىگە دىققەت قىلىڭكى، ئۇ ئۆزىنى بىلىشتە
شۇنداق كەڭرى ئويلاردا بولۇپ، ھەتتا ئاشۇ تۇغما ھالىتى-
دىن چاچ ـ ساقال ئاقارغىچە بولغان ھەممىنى دىل ئەينى-
كىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ، ھازىرقى ئىجادىيەتلىرى-
نىڭ يىلتىزىنى ئاجايىپ چوڭقۇر ئېتنىك قەۋەتلەردىن
تەكشۈرگەن ۋە بۇ ئەرۋاھنىڭ كۈچ كۆرسەتكەن توچكىسىنى
يەنە بىر ئەرۋاھ بىلەن ئۇلاپ چۈشەنگەن. مەسىلەن، ئۇ دەي-
دۇ: «قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر مەھەل-
لىنى تورغاي مەھەللىسى دەيدىكەن. بۇ نامنىڭ قاچان قو-
يۇلغانلىقى ماڭا نامەلۇم. ۋەھالەنكى، مەن 1960 ـ يىللىرى
قازاق يازغۇچىسى سابىت مۇقانوۋنىڭ «بوتا كۆز» رومانى-
دىكى «قارا تورغاي» بىر شېئىرنى ئۆزۈم يادىمغا ئىلھام
قىلىنغان (تاتار، ئەزىز ئاھاڭىغا ئوخشاش) ئاھاڭ بىلەن
ئوقۇپ يۈرەتتىم. دەل شۇ يىللاردا قەشقەرگە بىر سەرگەندار
كېلىپ، يىللار ئۆتۈپ مويسىپىت تونىنى كىيىپ ياشاپ
كەلگەن ئىكەن. مەن قەشقەردىن يىراق ئۈرۈمچى ۋە كېيىن
خوتەندىكى يىللىرىمدا، ئەجدادى سىرىنى ئىزلىگۈچى بۇ
نامەلۇم كىشى تەقۋادارلىق تونى ئىچىدىكى دەرۋىشلىك
يىللىرىدا ئۇچۇرغان قۇشلىرى ئۆيىمىز ئەتراپىدا ئەگىپ
يۈرگەن ئىكەن. 2000 ـ يىللىرى قەشقەردە ۋە ھەتتا مە-
ھەللىسىدە تىگى ـ تەكتىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئۇ
سىرلىق زاھىت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا كۆزۈم ئېچىلىپ
قالدى. ئەمما ئىلاج قانچە، ئۇنىڭ خاتىرىسى تولۇنئايلىق
كېچىدەك قەلبىمدە پارلاق نۇر بولۇپ قالىدۇ دەپ ئىشىنى-
مەن. مەن شۇندىن كېيىن ئەدىبلەرنىڭ رومانلىرىغا ھەۋەس
قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ سىرلىق ئەرۋاھنىڭ
شۇئۇرلاشلىرى مەن ئۇچۇن ھەرقانداق قىزىقارلىق روما-
نىدىن ھەتتا مەن ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ ئوقۇپ
چوقۇنۇپ كەلگەن «خوجا نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە قىس-
سە» دېگەن رومانىنىمۇ قىزىقارلىق؛ چۈنكى بۇ قولۇم بىلەن
يېزىپ بولۇش ئىمكانى يوق يۈرەك رىتىملىرىدىن جىمىرلاپ
تۇرغان ھاياتلىق شوئىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى».

مەن تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان «مەخدۇ-
مىنگاھتىكى ئۇلۇغ چىدىر» دېگەن ئەسىرىدە بۇنداق يەكۈن
ھاسىل قىلىش جەريانىدىكى تۇرمۇشىدىن مۇنداق خەۋەر
بەردى: «1985 ـ يىلى ئاكادېمىيەدىن قەشقەرگە يېنىپ
كەلگەندە، مەن بىلىم بويىچە ‹تەتقىقاتچى›، دەرىجىلىك ئى-
لىم ئەھلى ئىدىم. ۋەھالەنكى پۇل بىلەن قاتۇرۇلغان مەن-
سەپ ۋە مەنپەئەت تاشلىرى ئارىسىغا كىرىش مۈشكۈل بول-
دى. مەن تەقدىرىمنى تەپتىشلەپ ئاددىي خىزمەتچىگە لايىق
تۆۋەن دەرىجىگە شۈكرەت قىلىپ «تەتقىق لەززەتلىرى» بى-
لەن ياشاۋېرەي دەپ، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «مەنتىقۇتتەيىر»
بىلەن مۇڭدىشىپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئەتراپىمدىكى ھايات
قاتلاملىرىدىن بەدەنلەردىكى ئالاھىدە ئىقتىدار مۆجىزات-
لىرى مېنى مەپتۇن قىلدى.

1986 ـ يىلى قار شىۋىرغانلىق فېۋرال-(2 ـ ئاي)
كۈنلىرىدە چاچلىرى ئۆسكەن مانى (ئەسلىي ماھايان
بەھرام گورى سادىقلىرى) ئاشىقلىرىدەك قەلەندەر سىياق
كىشىنى كۆردۈم. ئۇ يىلنىڭ چاپان، يازلىق ئىشتان تىزىغا
كەلگەن يالاڭئاياغ پۇتى بىلەن قار مۇزنى دەسسەپ تەمكىن
ھالدا مېڭىپ «ئۇدام» قوشىقىنى ئوقۇپ ئالدىمدىن ئۆتكەن-
نى كۆردۈم. بۇنداق ئاجايىبات مېنى قەشقەر ھاياتىنىڭ
خاكسار قاتلاملىرىدىكى ئاچلىق ۋە خارلىقتا ئۆلمەي يا-
شاۋاتقان سىرلارغا جەلپ قىلدى. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «مەن-
تىقۇتتەيىر» يېزىقلىرىدەك كوھىقاپ تورلىرى مېنى چىرماپ
ھازىرقى زامان ھاياتىدىن ئايرىپ، مىڭ يىللار بۇرۇنقى قە-
دىمكى دۇنياغا «ئەسھابۇلكەھپ» غارىدەك كۆتۈپخانامغا بەن-
دىلەپ تۇردى ... بۇ جەرياندا مېنىڭ دىققىتىمنى ھەممىدىن
بەك تارتقىنى قەلەندەر سۈپەتلىك بىر بوۋاينىڭ گەردۇنراھ
(ئۇن قەۋەت) چەمبىرىدىكى سىرلانى ئېچىپ بېرىشى بول-
دى... شۇنداق قىلىپ 20 يىلدىن بېرى ئەجداد ۋە ئەۋلاد
قاتارىدىكى سىرلارنى بىلدىم. مەن ئۇچۇن «بۇنيامىن» نەق-
لىدىكى بوۋاينىڭ مەن تۇغۇلۇپ تاكى 90 ـ يىلىغىچە ماڭا
غايىۋانە نەزەر قىلىپ تۇرغانلىقىنى، 1972 ـ يىلى نە-
سىردىن ئەپەندى پەرغانىدىكى «چاراق» يېزىسىدىن كەتكەن-
دەك «ئارال» دىن كەتكەنلىكىنى، 1988 ـ يىلى «مارال»

دىن كەتكەنلىكىنى ۋە ئاخىرى 1990 ـ يىلى مېنى «ساغان» (يېڭىساردىكى بىر يېزا) غا تارتىپ 113 يېشىدا تۇپراققا مىلەنگەن قەبرى تېۋىپ تەرىقىسىدە ماڭا كۆرۈنۈپ، كۆرۈنگەن جايدا بەستامى ھېكايەتلىرىدىكىگە ئوخشاش قەلەندەرنى ۋاكالەت قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىدىن كېيىن يېزىق ۋەسلىدە زېھنى سۆكۈت دۇردى ئۈچۈن: «ئىسمىمنى بىلمۇسىنلە، جىسمىمنى سىزمۇسىنلە، شامالدەك ئۇچايىن، جاڭگالنى قۇچايىن، يامغۇر سۈيى ئىچەيىن، گىيالار ئۈچىنى شىمەيىن، كېپىكلار ئارا كىتەيىن، بۇ گوستاخ دۇنيادىن زېرىكتىم. بۇ خۇمرا بۇنياغا جىمىقتىم، بىلىكلەر قاتا بىلەيىن» دەيدىغان بولدۇم.

ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن قىلىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلىدىڭىز، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەجدادۇل ئىھرامىنى بىلمىگەنلەر ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق سىرلىق، ئەمما، ئۆزىنى بىلگەن ۋە ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنى ھەرقانداق كاتتا بىلىمدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئاشۇنداق ئىلھامى دۇرلارغا ئىگە قىلىپ، ھەممىنى دىل سىرلىرىدىن ئىزدەيدىغان ئاشىق قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەن ھەۋەسكارلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئارا سۆھبەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ شۇنچە ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ۋە ھەققى، ئۇدۇل كىرىپ ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ يۈرىكىدىكى تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ يۈرۈكۈمدىكىنى ئېيتسام، ئۇ مەن بىلگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە ئۆزىنى تولۇق بىلىپ يەتكەنلىكى بىلەن ئۆزلۈكتىن تولۇق ئازاد بولۇپ، تەسەۋۋۇپ دىيالېكتىكىسىنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاخىرقى ۋەكىلى سۈپىتىدە قالدۇق مەسىلىلەرنى ئۈچ دەرىجىلىك مەرىپەت تەرتىپىدە مۇستەقىل پىكىر بىلەن يېشىدىغان، ئىلىم ـ پەننى ئەمەلىيەتكە، بولۇپمۇ ئۆز تېنىدىن باشلاپ ھەربىر ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىدىن پارلىنىپ چىقىدىغان زېھنىيەت قۇدرىتىگە تەدبىقلىغانچە ھەتتا دۆلەت، مىللەت، ئەڭ ئاخىرىدا دۇنيانىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى چىگىش مەسىلىلىرىگە مەنا ئېيتىدىغان سۇلماس ئىلمىي جەڭچىدۇر. ئىشەنمىسەڭلا ئۇنى زىيارەت قىلىڭلار، ئەسەرلىرىنى زىرىكمەي ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە غەرەزلىك ھەم غەرەزسىز باستۇرۇپ قويۇلىۋاتقان ئەسەرلىرىنى تېپىپ جامائەت بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلاركى، ئۇ جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق ئىچى كاۋاك كىبىر ـ ئەمەننا، يالتىراق نام ـ مەرتىۋىلەردىن، غەيۋەت ـ شىكايەتلەردىن ئۆزىنى ئازاد قىلدى، باشقىلارنى باشقۇراي ياكى بوزەك قىلاي دەيدىغان كىچىككىنە ئويلارنىمۇ چۆرىۋەتتى، ھاياتلىقنىڭ ئەسلىي ۋەسلىدىكى بۇلىقىدىن قۇۋۋەت ۋە ئىلھام ئېلىشنى ئىجادىيەتتىكى كەسپى ھەركىتىگە ئايلاندۇردىكى، «مېنى بىلمىلىك، ئالىم دېسۇن» دەيدىغان ھەرقانداق شۆھرەتپەسلىكتىن خالىي بولدى. ئۇ ئاكادېمىيەدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن بۇيان شۇنداق ئاددى ياشاۋاتىدىكى، بىر ئائىلىدىكى 4 ~5 جان ئۇنىڭ بۇرۇن پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەندىكى كىچىككىنە مائاشى بىلەن قانائەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئاشۇ ھاياتلىقتىكى پەنجايى (بەش قەۋەت) ئېھتىياج بىلەن گەردۇنى (ئون قەۋەت چەمبەر) ھەقىقىتىنى ئېچىپ ئىنسانىيەتكە ساداقەتلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن بېسىۋاتقان قەدەملىرىنى مىنۇت توختىتىپ قويمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئىلىم ـ پەن ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە مەلۇم ئۇقۇملار بىلەن چىرمىلىپ يۈرگەن ئادەملەر قۇرغان تۇزاق ۋە ئالدامخالتىلارغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن شۇنداق ھوشيار ياشىدىكى، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا ھەققىدە توقۇلما قىلىدىغانلارنىڭ ھېچقاندىقى ئۇنى تىزگىنلىيەلمىدى. مەن ئىشىنىمەنكى، ئىلمىمىز خەلقى بۇ پەرزەنتىنى ھامان بىر كۈن، ھېچبولمىغاندا «يېڭى زىبا تەلىماتى»، «فارابى مارجانداھ» ئەسەرلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ، يىراقنى كۆرگەن» دەيدۇ. بۇ پەقەت ئادەملىرىمىزنىڭ ئۇنى چۈشىنىپ يەتكىچە تەخىر قىلىشى ۋە تىلىمىزدىكى «يېڭى زىبا تەلىماتى، نىڭ خەنزۇچە بىلەن دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشىنى كۈتۈش مەسىلىسىدۇر. بىزنىڭ ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكىمىزدە يەنە ئۇنىڭ «ئۆگۋادۇر تەلىماتى»، «قۇرئى تەپەككۇر»، «ئەخلاق تەلىماتى» دېگەن ئەسەرلىرى مەلۇم سەۋەبلەردىن تولۇق ئېلان قىلىنالمىدى. بۇمۇ بۇنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي كېلىۋاتقان ئوت يۈرەك ئوقۇرمەنلىرىمىزدە نارازىلىق قوزغىدى. لېكىن، بۇ ئىش قەقنۇسنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلا ۋە تەئەددىيلەر تۈپەيلى مەندىكى دەلىغۇللۇقتىن كېلىپ چىققان سەۋەنلىكتۇر. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر يەرگە يىغقاندا ياكى ئۆزى بىلەن مۇڭداشقاندا، تامامەن چۈشىنىپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇنى ئۇنىڭ مەرىپەت قارىشى، دۇنيا قارىشى، ئىنسانىي قارىشى دېگەندەك نەزەرىيەلەشكەن مۇرەككەپلىكتىن ئەمەس، تۆۋەندىكى ئاددىي پاكىتلار ئارقىلىق ھالىمىنىڭ يېتىشىچە بايان قىلاي.

## 4. بايقالغان ئۇنلۇقلار ۋە دۇنياۋى يۆنىلىش

مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ دىيالېكتىك گەردۇنراھ تەلىماتىنى نېمە ئۈچۈن نۇل بىلەن چېتىپ سۆزلەيمەن. چۈنكى، ئۆز

ئۆمرىدە خۇددى تەرىقەت تەلىپىدە تەكشىلىنىدىغاندەك ناھا-
يىتى كەڭ بىلىم ئېلىش شەرتى بويىچە بوۋىلىرىمىز يازغان
كىلاسسىكلارنى ئاساس قىلىپ ئاجايىپ كۆپ كىتابلارنى
ئوقۇغان، ئەمما، خۇراپىي مەزمۇنلاردىن چىقىپ ئادەمنى
قايمۇقتۇرۇپ - ئازدۇرۇپ قويىدىغان كىتابلارنى چۆرۈپ
تاشلايدىغان ئادەم بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بىراقلا ئىنتايىن
ئاز كىتاب ئوقۇيدىغان، ئەمما كۆپلەپ يازىدىغان بىر ئادەم-
گە ئايلىنىپ كەتتى. مەن يېقىنقى 10 يىل جەريانىدا بىز-
نىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە ئۇنىڭ قوليازمىلىرىنى بىردىنبىر
توغرا ئوقۇپ كېتەلىگىدەك ساۋادى بار تەھرىر ھېسابلىن-
غاچقا، ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ئەسەرلىرىگە تەھرىر بولۇپ قال-
دىمكى، بۇ جەرياندا مەن بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن
پەلسەپىۋى تەسەۋۋۇر تولۇپ تاشقان ھور پىكىرلەردىن ھو-
زۇر ئالسام، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە ياراتقۇچىنى
بىلىشى بويىچە بىر باشقا چىقىپ بولۇپ، تەسەۋۋۇپتىكى
«ئارىفنىڭ شەخسىي ئەخلاقى بىلەن بىرلەشمىگەن بىلىم-
لەرمۇ پايدىسىز، ھەتتا ھالاكەت سەۋەبىدۇر» دېگەن ھۆكۈم
بويىچە كېرەكسىز كىتابلارنى تاشلىۋېتىپ، ياراتقۇچى يو-
رىكى ئارقىلىق بېرىۋاتقان ئىما - بېشارەتلەر بويىچە كەڭ
بىر بىلىم پايانىنى بىزگە ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدىم. مېنىڭچە ئۇ ئېچىپ بېرىۋاتقان بۇ بىلىملەر گەرچە
تارىختىن بۇيانقى ھەممىنى تىلغا ئالسىمۇ، لېكىن ھەممە-
نى يېڭىچە شەرھلەيدىغان يېڭى باشلىنىش ئىدىتىكى، مې-
نىڭ ئۇنىڭدىكى ئىرپانلىقنىڭ بېشىنى نۆل دېيىشىممۇ
مۇشۇ ئىككىنچى تۈيغۇدىن كېلىپ چىقتى. مېنىڭچە، تەرد-
قىتى تەسەۋۋۇپ بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ مەرىپەتنىڭ كىتابى
ۋە ئاغزاكى ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان
«ئىلمۇل - يەقىن»، ئوقۇپ ۋە ئاڭلاپ بىلگەن بىلىملەرنى
تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان «ئەيد-
نەل - يەقىن» باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ، كۆڭلىدىكى كۆزد-
تىشلىرىدە كۆزىتىلگىچىگە سىڭىپ كېتىدىغان (ياراتقۇچى
بىلەن بىر بولۇپ كېتىدىغان) «ھەققەل يەقىن» دەرىجىسى-
گە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىلىش كىتابى ۋە تەجرىبە
باسقۇچلىرىنى ئورۇنداپ ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش باسقۇچىغا
يەتكەن يۈكسەك شىجائەت ئىدى. بىزنىڭ بىلىش باسقۇچ-
لىرىمىزدىن كۆزەتكەندە بولسا، ھېسسى، ئەقلىي بىلىش
باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەن «ئاشىق»نىڭ «فانا» بولۇپ، ئەسلى-
دىكى ئۆزلۈكى ئىچىدىن ئۆگلۈكىنى ئىزدەپ تاپقان ھور
ئەقىللىق ئىدى. مەن ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئىلمىي دەرىجىنى

بۇنىڭدىن 10 يىللار بۇرۇن ئۇ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇ-
مىي روھىدىن كۆرۈپ يەتكەن بولساممۇ، ئەمما، ھەقىقىي
تۈردە ئايدىڭلاشتۇرغان ۋاقتىم 2006 - يىلى بولدى. ئۇ
يازغان «ئون خۇمايى مۇتلەق ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغۇچى
ئەقىدەت، دېگەن ھۆكۈمنىڭ شەرھى بايانى»، «ماھۇم تەلد-
ماتى»؛ «يېڭى ئىرا تەلىماتى، نىڭ شەرھى بايانى» تەھرىر
بۆلۈمىمىزگە شۇ يىلى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بىز بۇ ئە-
سەرلەرنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ
2006 -، 2007 - يىللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا
ئېلان قىلدۇق. بۇ يىللاردا مېنىڭ بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدىكى
دىققەت نۇقتام «مەدەنىي ئىنساننىڭ سەككىز چوڭ گۇنا-
ھى» دىن «ئون گۇناھى ئەزەل» ۋە «ئون خۇمايى مۇتلەق»
قىچە راۋاجى ئۈستىدە بولدى. چۈنكى، بىز شۇ چاغدا ئو-
قۇرمەنلىرىمىزنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىرىگە مۇنا-
سىۋەتلىك ھەقىقەت ئىزدىنىشىدىكى ئالىملارنىڭ دۇنياۋى
مۇنازىرىلەردىن ئۆتكەن تەلىماتلىرىدىن خەۋەردار قىلىش
ئۈچۈن، 2001 - يىلى 1 - ساندىن باشلاپ 1973 - يىلى
تىببىي ۋە روھى ئىلىم تۈرلىرى بويىچە نوبېل مۇكاپاتى
ئالغان ئاۋستىرىيەلىك ئالىم كانرادلورېنىزنىڭ «مەدەنىي
ئىنساننىڭ سەككىز چوڭ گۇناھى» ناملىق ئەسىرىنى ژۇر-
نىلىمىزدا ئېلان قىلغان ئىدۇق. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئىن-
سانىيەتنىڭ مەۋجۇتلىقىغا تاقىلىدىغان تەبىئەت ئېكولوگى-
يەسىدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىگىچە بولغان
مەسىلىلەر شۇ چاغدىكى ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ياۋروپا
قىتئەسى دۇچ كەلگەن ئەخلاق بىلەن مەدەنىيەت گۇمراھلى-
قىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى پارچى-
لىرى ئېلان قىلىنغاندا، خاتا نەزەرىيەلەردىن قايمۇققان
كىشىلەردە ھەيرانلىق پەيدا قىلسىمۇ، رادىئودا دۇنياغا ئاڭ-
لىتىلغاندىن كېيىن «سان - ساناقسىز ئوقۇرمەنلەر، ئاڭ-
لىغۇچىلارنىڭ خەت يېزىپ كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشنى
تەلەپ قىلىشى» بىلەن كىتاب قىلىنىپ دۇنياغا تارقىتىل-
غان ئىكەن. بىز ئېلان قىلغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق كۆپ
ئىنكاسلارنى ئاڭلىدۇق. چۈنكى ئۇنىڭدا باشقا قىتئەلەردىكى
ئەقلىدىن ئازغان شىمپانىسمان ئادەملەرگە ئىلمىي نەسىھەت-
لەر بار ئىدى. ئەمما، بىزدىكى تېخىمۇ ئىلگىرىلەش شۇ
بولدىكى، شۇ چاغدا ھېچقانداق ئىكران ياكى مەتبەئە يۈزىدە
داۋراڭ بولماي خەلق ئارىسىدا دۇنياغا ئاددىي - ساددىلىق
بىلەن پىنھان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تەتقىقاتچىمىز يۈسۈپ
ھۈسەيىن (قەقنۇس) كانراد ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز

چوڭ گۇناھقا يەنە ئىككىنى قوشتى، ھەمدە بۇ ئون چوڭ گۇناھتىن ئىنسانىيەتنىڭ قانداق قۇتۇلۇپ كېتىشى توغرىسىدا «ئون خۇمايى مۇتلەق» ئەقىدىسىنى ياراتتى. بۇ ئىككىيلەندىكى پەرق شۇ بولدىكى، كانراد لورېنىز: «زامانىمىزنىڭ ياشلىرى جەزمەن تەبىئەتنى مەنبە قىلغان تۈپ ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ» دېگەن تەسەۋۋۇر ۋە «بىر خىل كىرىزىسنىڭ سەۋەبى تولۇق تونۇلسىلا، ئۇنىڭ زىيىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە يازدى ۋە ئېلان قىلدى. قەقنۇس بولسا: «كىرىزىسنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كانراد دېگەن نۇقتىلار ھەق ۋە راست. لېكىن، مەدەنىي ئىنساننىڭ كىرىزىس پەيدا قىلىدىغان گۇناھىنى ئېيتىپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنداق كىرىزىسلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرنىمۇ بايقاش ۋە بۇنداق ھەقىقەتلەر ئىنسانىيەت تەرىپىدىن ئەسىر ـ ئېرالاردىن كېيىن تەدبىقلىنىدىغان ۋە ھەرقانداق خاكسار بىر ئادەم تەرىپىدىن بايقالغان بولسىمۇ، جامائەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇش لازىم. شۇنداق بولغاندا، كىشىلەر تارىخىي رەۋىشتە يوقىلىشقا تېگىشلىك ھادىسىلەرگە ھەسسە بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ، كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان ھادىسىلەرگە ھەسسە بولىدۇ» دېگەن قاراشتا بولدى. بۇنىڭ بىلەن كانرادنىڭ ئىنسانىيەتنى مەدەنىي ئىنسان ئۆتكۈزۈۋاتقان سەككىز چوڭ گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدىيەسى يەنە بىر ئىدىيە — ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىدىكى گەردۇنى «ئونلۇق» ۋە پەنجايى (بەشلىك) تىن ئىبارەت مول پەلسەپە ئىدىيەسى بىلەن تولۇقلاندى ـ دە، كىرىزىس پەيدا قىلىدىغان ئەزەلىي گۇناھلارنى تونۇش ۋە ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ھەققىدىكى تەلىمات پۈتكۈل ئىنسانىيەت بويىچە چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ تېخىمۇ جۇڭگوچە بولغان ئىجادچان يېرى شۇكى، قەقنۇس «سەنئەتكارنىڭ مەنىۋىيىتى» دېگەن ئەسىرىدىكى «كوممۇنىزم غايىسى تارىخى خىياللارنىڭ ئىلمىي يەكۈنى» دېگەن ئىدىيەسىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ: «ماركسىزم ئىلمى كوممۇنىزمنى ئابستراكت پرىنسىپلار بىلەن كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەربىر دەۋردىكى ھەرىكەتكە ئايلىنىشىنى كىنوسىمان ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. مەن ‹ئون خۇمايى مۇتلەق›، تىن ئىبارەت ئىنسانىي ماھىيەتكە ئومۇمىيەت بولىدىغان كوممۇنىزمدىكى يەر شارى قانداق بولىدۇ؟ دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلدىم» دەپ، ئاخىرى بېرىپ «ئون خۇمايى مۇتلەق» دېگەن ئەقىدەتنى تىكلىدى.

بۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئىجتىمائىي مىزاننى ئىگىلەشنى نېگىز قىلغان بولۇپ، تەبىئەتتە مەۋجۇت بولغان ئونلۇق قۇرۇلما بويىچە ئۇلارنى ئەڭ كۈچلۈك ۋە گۈزەل ھايات تايانچىسى قىلىش غايىسى بىلەن تورلۇك ئۆزلۈكلەر ئەنئەنىلىرىدىكى كىشىلەر كۆزىنى پەردىلەپ تۇرۇۋاتقان تۇتەكلەرنى تارقىتىشنى نىشان قىلىپ ماركسىزمغا يانداشتى. دېمەك، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرغان كانراد نەزەرىيەسى ئورونداپ كېتەلمىگەن يەنە بىر تەرەپ ئۆگلۈكچە بىر ئۇسۇل بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قەقنۇستا يورۇتۇلدى. بۇنىڭ بىلەن مەن گويا بارلىق پەنلەرنىڭ گىرەلەشمە ھالىتىدە ئۆز ئالدىغا ئىجاد قىلىنغان بۇ ئىلمى كەشپىياتتىن پەخىرلىنىپ، ئۇنى تۆۋەندىكى تەرەپتىن تارىختىكى بارلىق تەرەققەتچى ۋە ھىدايەتچىلەر ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان نېگىزلىك مەسىلىلەردە يېڭى پىكىر قويىدى دەپ ھېسابلىدىم.

## 4 ـ 1. گەردۇنراھ (ئونلۇق ياكى ماھايان) ۋە پەنجگاھى (بەشلىك) قاتلاملار

پېقىرنىڭ قارىشىچە، قەقنۇس تەلىماتلىرىدا ئالەم ۋە ئادەمنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىدىكى ئون قاتلام ۋە ئۇلارغا تاناسىپ بولغان ئېھتىياج ئۆز ئەينى چۈشىنىلگەن ۋە بۇ چۈشەنچىلەر كۆز ئالدىمىزدىكى ئون چوڭ گۇناھقا پېتىپ كىتىۋاتقان ئىنسانى سالاھىيەتنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا تەدبىقلانغان بولۇپ، تولىمۇ زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، شۇنداقلا بۇ مەسىلىلەرنى ئىزاھلاشتىكى ئاتالغۇ ۋە ئەيتىملارمۇ ئۇيغۇر پەلسەپە خاسلىقىدىكى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە پىشقان بولۇپ، بۇ ئىجادىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىدا قانداق تاۋلىنىشلارنى ئۆتكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ گەردۇن (ئونلۇق قەۋەتلىرى ياكى پەلەك گەردىشلىرى) نى يەشكەندە، ئالەملىك تەبىئەت بويىچە (ماكرولۇق) يەكۈننى بەش ئۇقۇمغا يەكۈنلىگەن بولۇپ، بۇلار ① ئالەملىك بوشلۇق؛ ② تۆت تادۇلۇق ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيەنىڭ ئايلىنىش قانۇنى؛ ③ سەۋەب يەكۈن قانۇنى؛ ④ ئېتىراپ (تاناسىپلىق) قانۇنى؛ ⑤ مىقدار سۈپەت (نىسبەت) قانۇنىدىن ئىبارەت.

ئادەملىك تەبىئەت بويىچە (مىكرولۇق) يەكۈننى بەش ئۇقۇمغا يەكۈنلىگەن بولۇپ، بۇلار: ① زېھنىيەت؛ ② تۆت ماھونىڭ ئايلىنىش قانۇنى؛ ③ سەۋەب يەكۈن قانۇنى؛ ④

مۇھەببەت قانۇنى؛ ⑤ رىتىم قوۋۋەت قانۇنىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇشۇ ئىككى بەش جۈملە ئۇقۇمنى چەمبەر بىلەن چېكىت شەكلىدەك ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا قوللانغان بولۇپ، ئۆز كاللىسىدىكى ھەربىر پىكىرنى مۇشۇ قانۇنى ئۇقۇملار بىلەن تەكشۈرۈپ مېڭىشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يارىتىش ۋە يارىلىشنى تەپەككۇر قىلىۋاتقان مېڭىسىدە ① سىزىم؛ ② ئۇقۇم؛ ③ تەپەككۇر؛ ④تەسەۋۋۇر؛ ⑤ ئەقىل؛ ⑥مەنتىق؛ ⑦ سەبىر (تەپتىش)؛ ⑧ ئەقىدەت؛ ⑨ ھىممەت؛⑩ لەززەت دېگەندىن ئىبارەت يارىلىش ۋە يارىلىۋاتقان دەقىقىلەر توغرىسىدىكى مۇكەممەل مەنتىقىي يەكۈن دەلمۇـدەل نەق تەپەككۇر ۋەسلىدىكى لەززەتلىك قۇرۇلۇش جەريانى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ مۇشۇ مەنتىقە بويىچە يارىلىشنىڭ باشقا بارلىق تۈرلىرىگە تەسەۋۋۇر يۈرگۈزگەنكى، بۇنىڭ بىلەن ئالەم تۈرلىنىپ ھازىرغىچە بولغان كەشپىياتلار ئىچىدە بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغان ۋە كېيىنكىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان بىر مەنتىقى قۇرۇلمىلار دۇنياسى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكىلەرگە بىرـبىرلەپ قاراپ چىقايلى:

بىرىنچى، جىنسىي يارىلىشنىڭ ئون كۈنى. يەتتە كۈندۈلۈك يارىلىش تېگىدە جىنسىي يارىتىش مەنا قەۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەسەۋۋۇرنى مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئون كۈنلۈك يارىلىش قىلدىم. جىسمىمىزنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئويلاپ بۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغايسىز① :شەۋقى نۇرنىڭ يارىلىشى؛ ② زۇلمەت (تەنگە تارقىلىش)؛ ③ شامال (يەل) نىڭ يارىلىشى؛ ④ دېڭىز (نەملىك ھورمۇنغا) چۆكۈش؛ ⑤ جانلىق شەكىل ئېلىشى؛ ⑥ ئېتىلىپ چىقىشى؛ ⑦ ئارامبەخش (بايرام)؛ ⑧ پەرۋىش دىققەتلىرى؛ ⑨ ئۆزگە ئوخشىتىش؛ ⑩ ۋاز كېچىش.

ئىككىنچى، ئىنسانلىقنىڭ ئون چوڭ سۈپىتى. مەزكۇر سۈپەت ھەم ئىقتىسادىي ھەم ھېسسىياتى جەھەتتىن تارىخىي تەرەققىيات فورماتسىيەسىدىكى ماھىيەتلىك سۈپەت بولىدۇ. ① پىرمان؛ ② ئۇرۇقداش ئىنسان؛ ③ قەبىلىۋاز ئىنسان؛ ④ قۇلدار ئىنسان؛ ⑤ فېئودال ئىنسان؛ ⑥ كاپىتال ئىنسان؛ ⑦ دېموكرات ئىنسان؛ ⑧ سوتسىيال ئىنسان؛ ⑨ كوممۇنىست ئىنسان؛ ⑩ بىيوخىمىكال ئىنسان. بۇ ئون سۈپەت ئەينى چاغدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئون باسقۇچى، ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ ئون سىنىپلىق دەرىجىسى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئون يۇلتۇز ۋە ئون مەنتىق. ئەنئەنىدىكى يەتتە يۇلتۇز قارىشى ئەسلىي ئىنسان ئەقلىي سۈپەتلىرىنى كۆرسەتكۈچى ئاسترولوگىيەلىك رەمزى ئۇقۇملار بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇكەممەل بولسۇن ئۈچۈن ئون يۇلتۇز ۋە مەنتىق تاناسىپلىقىدا تۈزدۈم. ① ئاي (ئىلھام)؛ ② ئارزۇ (تەتقىق)؛ ③ زۆھرە (تەپتىش)؛ ④ سۈرەييا (تەدبىق)؛ ⑤ ۋېنېرا (تەستىق)؛ ⑥ يۇپىتېر (ئەمەل)؛ ⑦ شەمسىق (ئەدەپ)؛ ⑧ مىرىخ (مەدەت)؛ ⑨ ئوگاي (شەرەپ)؛ ⑩ زوھەل (ئەبەت). بۇنداق تۈزۈشتىكى سەۋەب شۇكى، ئەقىل قانچە چەكسىزلىككە ئۇچقانسېرى ئەقىدەت قىممىتى شۇنچە ئۇلۇغلىشىدۇ، يەنى بەدەندە شۇنچە ھۇزۇرى ھالەت ھاسىل قىلىدۇ.

تۆتىنچى، تەپەككۇر مېتودىدىكى ئون مەنتىق. مەزكۇر مەزمۇن نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» داستانىدىكى يەتتە ۋادا قاراشلىرىنى ۋە دىنىي تەپەككۇردىكى تەسەۋۋۇپ مېتودىنى يېڭىلاپ، تاناسىپ ئۇقۇملاپ ئون قەۋەت تەرتىپ تەرىقىسىدە تۈزۈلدى. بۇلار① : دۇئا (تەلەپ ۋادىسى)؛ ② گۇنا دەردى (ئىشق ۋادىسى)؛ ③ جۇدا تەدبىرى (بىلىم ۋادىسى)؛ ④ تۇما رەمزى (خىلداشلىق ۋادىسى)؛ ⑤ مۇمالەھزى (بىغەملىك ۋادىسى)؛ ⑥ خۇما بەھرى (ھەيرەت ۋادىسى)؛ ⑦ ئۇدا شەرتى (پەقىرلىق ۋادىسى)؛ ⑧ گۇۋا پەخرى (تەمكىنلىك ۋادىسى)؛ ⑨ تۇرا مەۋقى (تەپتىش ۋادىسى)؛ ⑩ گۇشالەززى (ئەركىنلىك ۋادىسى).

بەشىنچى، ئون قەۋەت ماكرو زامان، ماكان. ① بوشلۇق؛ ② يۇلتۇزلۇق؛ ③ قۇياش ـ قۇباد ئارىسى؛ ④ يەر شارى؛ ⑤ دېڭىز ـ زېمىن؛ ⑥ ئوت ـ چۆپلەر؛ ⑦ ئوتخورلار؛ ⑧ گۆشخورلار؛ ⑨ ئىنسانلار؛ ⑩ مېخانىكىلىق دۇنيا.

ئالتىنچى، ئون قەۋەت مىكرو زامان، ماكان. ① سۈكۈت؛ ② ئۇقۇم؛ ③ تاناسىپ مەنە؛ ④ گېن؛ ⑤ تۇپراق ھال؛ ⑥ ئوت ـ چۆپ ھال؛ ⑦ گۆشخور ـ ئوتخورھال؛ ⑧ گۆشخورھال؛ ⑨ ئىنسانى ھال؛ ⑩ غايىۋى ھال.

يەتتىنچى، ئون كاتېگورىيە. ① گېنىنى (ئۇرۇق)؛ ② ھېسسىي؛ ③ جىسمى؛ ④ جىنسى؛ ⑤ سىنىپى؛ ⑥ خىللى؛ ⑦ مىللى؛ ⑧ ئېللى؛ ⑨ ئىرقى؛ ⑩ ئىنىنى (ئىنسانى).

سەككىزىنچى، ئون جەمئىيەت قاتلىمى. ① باشلىق؛ ② مەركەز؛ ③ ئۆلكە؛ ④ ۋىلايەت؛ ⑤ ناھىيە؛ ⑥ يېزا؛ ⑦ كەنت؛ ⑧ مەھەللە؛ ⑨ ئائىلە؛ ⑩ بەدەن.

توققۇزىنچى، بەدەن قەۋەتلىرىدىكى ئونلۇقلار. ① تۆت قەۋەت مېڭىدىكى ئون هورمون نۇقتا؛ ② ھەزىم سىستېمىسىدىكى ئون هورمون (نۇقتا)؛ ③ تومۇر سىستېمىسىدىكى ئون هورمون (نۇقتا)؛ ④ بەلغەم (نىرىپ) سىستېمىسىدىكى ئون هورمون (نۇقتا)؛ ⑤ سۆڭەك سىستېمىسىدىكى ئون نۇقتا؛ ⑥ قولدىكى ئون بارماق؛ ⑦ پۇتتىكى ئون بارماق؛ ⑧ تېرىدىن يىلىك قەدەر تۆت ئىچكى سېزىم، تۆت سىرتقى سېزىم ۋە ئىككى دىققەت ئۇقۇم؛ ⑨ بۇلارنىڭ جەمئىيسىدىن هاسىل بولغۇچى تەپەككۇر سائىتىدىكى ئونلۇق رىتىم؛ ⑩ ئون خىل بەدەن ھەرىكەت سىستېمىسى.

ئونىنچى، ئون زامان ئۇقۇمى. ① ئەسىر؛ ② قەنە؛ ③ يىل؛ ④ پەسىل؛ ⑤ ئاي؛ ⑥ ھەپتە؛ ⑦ سوتكا؛ ⑧ سائەت؛ ⑨ مىنۇت؛ ⑩ سېكۇنت.

ئون بىرىنچى، يەر شارى چەمبەر شەكلىدە بولسىمۇ، ئايلىنىش زامانى پىرژىنسىمان شەكلىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، زامان ئېقىمى تەڭلىمە قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ھالدا بىر ئەسىر يۈز يىل، بىر قەنە ئەللىك يىل، بىر يىل تۆت يۈز سوتكا، بىر پەسىل يۈز سوتكا، بىر ئاي قىرىق كۈن تۆت ھەپتە، بىر ھەپتە ئون سوتكا، بىر سوتكا قىرىق سائەت، بىر سائەت قىرىق مىنۇت، بىر مىنۇت تۆت يۈز سېكۇنت مىقدارىدا تۈزۈش مۇمكىن».[4]

پىقىرنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدىكى ئونلۇقلار دۇنياۋى پەيلاسوپلاردىن ئەمەس، بىزنىڭ گەردۇنى (ماھاياناچى) بوۋىلاردىن ساددە تەبىئەت قارىشى بويىچە بايقالغان. قەقنۇس شۇنى بۇگۈنكى دۇنياغا دۇنياۋى ئىلىم سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى. قەقنۇس يۇقىرىدىكى ئونلۇقلارنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا بۇلارنى يەكۈنلەپ، يەنە ئون ئۇقۇم تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇلار:① «ئون تەڭرى ئىرادەت»، ② «ئون ئەدلى ئىرادەت»، ③ «ئون خۇمايى يەزەل»، ④ «ئون تارىخى سۈپەت»، ⑤ «ئون مانىخى كۈرەت»، ⑥ «ئون پارىخ»، ⑦ «ئون قالىخ»، ⑧ «ئون جۇدا»، ⑨ «ئون تۇما»، ⑩ «ئون زېھبان» لاردىن ئىبارەت. بۇلار يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش تارماق ئونلۇقلاردىن يەكۈنلەنگەن مەۋھۇم ئونلۇقلار بولغانلىقى ئۈچۈن «تۇتۇق» قاتلاملاردۇر. ئەمما، يۇقىرىدىكى كىچىككىنە يەرگە سىغىپ تۇرغان بۇ ئونلۇقلار ئادەمنىڭ جىسمىدىكى جىم ۋە قىمىلقلاردىن ئالەملىك ئون قەۋەت گەردىشكىچە بولغان ھەممىنى ھاياتلىق ھەرىكىتى قىلىپ يېشىپ چىقىدىغان دىيالېكتىكىنىڭ لەۋھەسى سۈپىتىدە نەتىجىلەنگەن، ھەمدە بۇ ئونلۇقلار ئاتا-بۇۋىلىرىمىزدا داۋام قىلىپ كەلكەن ئونلۇقلارنى تولدۇرۇپ سۆزلەش ئادىتى بويىچە ① يۈزلۈك «لەكنامە» قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا: «بۇنداق ھەربىرى ‹ئونلۇق› بولغان ئون قاتلاملىق يۈزلۈك (لەكنامە) خۇددى رىۋايەتلەردىكى رۇلەيفۇ (راخمى) يەتتە قەۋەت ئاسماندا سەكرەپ يۈرۈيدىغان سۇن ۋۇكۇڭنى ۋە ياكى ئوتتۇز ئىككى ۋادىدا كېزىپ يۈرگۈچى مايتىرنى سىزىمنىڭ چىمىر دەققىسىدىلا بىلىندىغان دەرىجىدىكى ‹قۇرئى تەپەككۇر كاتەكلىرى›» ② قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مىكرو ۋە ماكرو مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدىكى ئونلۇقلاردىن يېشىپ بېرىدىغان يېڭى تەپەككۇر مىتودىنى تۇرغۇزۇپ، ئاڭ ۋە تەپەككۇرنىڭ دىيالېكتىك ئىلگىرىلىشىنى جىسمىمىز ۋە بىزنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانىڭ ئۆزىدىن ئېچىپ بەرگەن. يەنى ئۇ دۇنيانىڭ بۇنداق مۇرەككەپ تۈگۈنىنى يېشىشتە ئۇ قۇرئى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللانغان. قۇرئى تەپەككۇر ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە تەپەككۇر مىتودىدۇر.

تەسەۋۋۇر بىلەن بايان قىلساق، باش قېپى كۆلچەك، چوڭ مېڭە دېگەن تەپەككۇر كۆلچەكتىكى سۇنىڭ شامالدىن لىغىرلىشى ۋە يامغۇردىن چىمىرلىششقا ئوخشايدۇ. تەخمىنەن بەش سانتى قېلىنلىقتىكى چوڭ مېڭە دېگەن سۇ بەھرىدە تەتقىق تەپتىش، رەنجىش، ئەندىش، تەنقىد، تەقدىر دېگەندەك قىمىرلاش، شۇۋىرلاش، چىمىرلاش بولىدۇ. «قۇرئى تەپەككۇر»، كۆلچەك ئاستىدىكى لاتقىلار، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر نەملىك تومۇرلىرىدىن سىرغىپ كېلىدىغان «بۇلاق» كەبىدۇر، ئۇ ھەربىر «بۇلدۇق» سۇ بەھرىدە چىمىرسىمان چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرىنىڭ تەۋرىنىش چەمبەرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. دېمەك، بۇلاق - زېمىن - بەدەن قاتلاملىرىغا تىندۇرما بولغان نەم - دەم، زەي بولدۇقلاشلىرى زېمىن ئاستىدىكى نەمنى كۆرگىلى بولمىغاندەك مەۋھۇم سىر (غارايىبات) ئەندىزىلىرىدۇر. بۇنى پەقەت ئۇنىڭ «قۇرئى تەپەككۇر» دېگەن ئەسىرى تولۇق ئېلان قىلىنغاندا بىلىش مۇمكىن. لېكىن، ئۇنى ھەربىر ئادەم ئۆزىدە تەجرىبە قىلمىغۇچە گەپ بىلەن تولۇق بىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئىنسانلار ئەقىل تاپقان ئەڭ دەسلەپكى ئاسترونولوگىيە ۋە پالچىلىقتىن تارتىپ ھازىرقى بەشەرىيەت ھەم دېئالېكتىك تەپەككۇر شەكىللىرىگىچە ئۇلانغان بۇ تەپەككۇر شەكلى پىقىرنىڭ قارىشىچە ياش ئالىملارنى يېتىلدۈرۈشتە مىتودولوگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4 ـ 2. گەردۇنراھ (ئونلۇق ياكى ماھايان) ۋە پەنجىگاھى (بەشلىك) لەردىكى ئەكس تاناسىپ بالانسلىقى

ئەنە مەن قايىل بولغان ئون قەۋەتلەرنى ئوقۇپ چىقتىڭىز، سىز مۇنداق ماكرولۇق، مىكرولۇق قۇرۇلمىنى باشقا بىر ئاپتور تىلىدىن ئاڭلىغانمۇ؟ بىزنىڭ تىلىمىزدا ئەمەس، دۇنيادىكى ھەرقانداق مەدەنىي مۇھىتتىكى ھەرقانداق مىللەت تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئاڭلىغانمۇ؟ ئېھتىمال ھازىر بۇنى بىر ئوقۇپلا، بۇ گەپلەرنىڭ تېخىچە سىز كۆرگەن ساماۋى ۋە پەننىي كىتابلاردا يوقلىقىنى ئويلاپ ئەپسۇسلىنىپ كېتەرسىز ياكى خاس تەڭرىلىك ھەقىقەتكە سەممىي ئەقىدەت بىلدۈرگۈچى باغرى كەڭ بۇ سەخى ئادەمگە ئاشۇ شۆھرەتكە بېرىلگەن گۇمراھلارچە مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

پاھ، مۇنۇ لايدىكى تاشتەك ئەرزىمەس نەرسىنىڭ ئاسماندىكى ئايدەك قۇرۇق خىياللىرىنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىزتىراپ، ئازاب بولۇشتىن باشقىرى نېمە پايدىسى؟! دەپ قالارسىز. ئەمما، مەن شۇنداق دەيمەنكى، بۇ زات سۈرئەتلىك «ئون قەۋەت خىيال» خۇددى ئون قەۋەتلىك «كېڭەيگۈچى كۇنلۇك» كە ئوخشاش كىرىلىپ ـ تارىيىپ تۇرىدىكى، ئەگەر ئۇلار سىزدە تەپەككۇر قەۋەتلىرىگە ئايلانسۇن قېنى، باش قېپىدىكى بۇنداق چەمبەرلەر پۇرژىنىسىمان چەمبەرلەردەك بەدەن ئىچىگە چوڭقۇرلاپ، خۇددى ھەسەل ھەرە تېنىدىكى بەلباغدەك پەرۋاز كۈچى تەقسىملەنگەن غەزنىسىۋى قۇتات بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ يەردىكى «ئون قەۋەتلىك خىيال» پەنجىگاھى ئېھتىياج تارىختىن بۇيانقى، ھەتتا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گۇناھى ئەزەلگە بوغۇلغان كۈندىن باشلانغان ئىنسانچىلىق مەنىۋى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەربىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى قاتار قىلىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تاللىۋېلىنغان يەكۈنەن ھۆكۈملەردۇر. بۇ ھۆكۈملەر بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرىمىزنىڭ ئىنساننىڭ شەكلىنى ماددىي شەكىل ياكى سۈرەتكە، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىلاھى نۇرغا ئوخشىتىپ، ھەربىر ئۆزلۈكنى ئۆز ئىچىدىكى شۇ نۇرنى تېپىپ ئۆگلۈشۈشكە تەرغىپ قىلىشىنىڭ بۈگۈنكى راۋاجىدۇر. شۇڭا، ئۇلاردىن شۇ زامان ۋە بۇ زامان روھى دۇنيا قۇرۇلۇشچىلىرىنىڭ شىجائەت ئۆركىشى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىر ماشايىخلىرىدىن روھى ئىلىملەر بويىچە مەركىزى ئاسىياغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن رومى ۋە نەۋايىلار ئۆرنەك قىلغان پەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ئۆزلۈكى ئىچىدىن ئۆگلۈكنى تېپىش ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىگە مۇراجىئەت قىلساق، ئۇ مۇنۇلارنى دېگەن: «سېنىڭ گەۋھىرىڭ، يەنى روھىڭنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ سەجدىگاھى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما. بېشىڭدا خەلىپىلىك تاجى بار، خەلىپىنىڭ پەرزەنتىسەن، يەنى ئاللاھنىڭ يەردىكى ئورۇنباسارىسەن. جەننەتتىن چۈشكەنسەن، ئەشۇ گۈلشەن، يەنى جەننەتسېرى ئىنتىلگىن ... ئادەمىيلىك ۋە ئىلاھىيلىق سۈپەتلىرىدىن ئۇزاقلاشما، سېنىڭ ئەتلەس تونۇڭ ئادەمىيلىك سۈپىتىڭدۇر.

ئىنساننىڭ ماددىلىق سۈپىتى ئۇنى مۇتلەق روھنىڭ بەھرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر پەردە. ئەنە شۇ پەردە سەۋەبىدىن ئىنسان غەپلەتكە گىرىپتار بولىدۇ، نادامەت چېكىدۇ، سەلتەنەتلىك بىر ھىجران ئىلكىدە پۈچىلىنىدۇ، ئۆزىنى مەنىسىز، يولىنى قاراڭغۇ، قىسمىتىنى خىرە ھېس قىلىدۇ. تۇرلۇك تەشۋىش، ئىزتىراپلار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدۇ. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى يورۇقلۇقتىن، ھەقىقەتتىن يىراق دەپ قاراپ ئىسەنكىرەيدۇ. بۇلار ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىنسان تۇيغۇسىدىكى ئىپادىلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا ئىنسان ئۆزىدىكى ماددىي مالامەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، يەنى پەردىنى يىرتىپ، روھىيەت مەنزىلىگە قەدەم تاشلىيالىسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ شان-شەرەپ تەختىدە ئۇلۇغۋارلىق تاجىنى كىيەلەيدۇ».⑤ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكى، قەقنۇس ئاشۇ قەۋەتلەرنى قاتار قىلغاندا، ئەجدادلار مانا مۇشۇ تاج كىيىدىغان پەللىلەرنى نىشان قىلىپ ئۆمۈرۋايەت ئىزدەنگەن، ئەمما ئۇلار ئىزدەۋاتقان بۇ روھنى ماددىي زەرىۋى ئۆتۈشمىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشتىن قىينالغان كەمتۈكلىكنى تولدۇرۇپ، ياراتقۇچى روھ بىلەن بىزنىڭ مۇشۇ تاپتىكى دىلىمىز، مېڭىمىزدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەنىۋى دولقۇنلارنى تەبىئىي بىر ماددى تەرتىپكە سالغانكى، ئەگەر سىز سەممىي ۋە كەمتەرلىك بىلەن سىزگە سۆزلەۋاتقان بۇ خالىس ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسىڭىز، ئۆزىڭىزگە شۇنداق قۇتاد بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. چۈنكى، سىز بىلەن قەقنۇس ئوتتۇرىسىدا ياكى سىز بىر بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ۋە زامانىمىزدىكى روھىيەت ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بەدەنلىرىمىزدىمۇ «ھايات-

لىق دەرىخى» دېگەن ماھىيەت مەۋجۇت. بۇنداق ماھىيەت تەرتىپلىرى بولغان تۇپراق، قىغ، يىلتىز، غول ۋە شاخ، ياپراق، چېچەك ئاندىن ئوجماق (ئاپتاپ، ھاۋا) قاتارلىقلارنى مىكروسكوپ كۆزدە شەخسەن (بەدەنگە)، تېلېسكوپ كۆزدە جەمئىيەت (ۋەتەنگە) تەدبىقلاش مۇمكىن.

خۇددى دەرەخ يىلتىزى تۇپراقتىن قىغ نەملىكىنى شۈمۈرۈپ ياپراق، چېچەكلەرگە بېرىپ ھىد قىلغاندەك ۋە چېچەك، ياپراقلار ئوجماق (ئاپتاپ ياكى ھاۋا) زەرىللىرىنى شۈمۈرۈپ يىلتىزلاردىن تۇپراققا بېرىپ قىغنى قۇۋۋەتلىگەندەك، ساغلام بەدەنمۇ يۈرەكنىڭ رەئىسلىكىدە مىڭە بىلەن قېرىن ئارىسىدىكى ئايلانما بولىدۇ. ئەگەر جەمئىيەت ئادالەتلىك بولسا، ھوقۇقى قاتلام بىلەن پۇقراۋى قاتلام ئارىسىدىمۇ شۇنداق ئايلانما بولىدۇ. ئەگەر شېخىغا بوغۇق سېلىنسا، يىلتىزىغا «قۇدۇق» قېزىلسا دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ. بىلىڭكى، دەرەخ نەقلىدىكى تۇپراق (قىغ)، ئوجماق (ھىد) ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئەكسى تاناسىپ بالانىسلىق ھاياتلىق ھەقىقىتى ۋە گۈزەللىك توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ بىرىنچى قاتلىمى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغا ئىگە بولغۇچى ھوقۇق ۋە غۇرۇر دېگەن مەسىلىلەرگە ئاگاھلىق لازىم بولىدۇ.

بىر ئېتىزدا (يايلاق، ئورماندا) خىلمۇخىل گىياھ ۋە دەرەخلەر تۇپراق ۋە ئوجماق ئارىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە خىلمۇخىل؟ تۇپراق ۋە ئوجماقتىكى ئېلېمېنتلارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن، ئېلېمېنتلارنى تاللاش سېزىملىرىنىڭ خىلمۇخىل كەسپلەشكەنلىكىدىن بولغان. بۇ نەقىل ھاياتلىق ھەقىقەتلىرى ۋە گۈزەللىك توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى. بۇ قاتلامۇ بىرىنچى قاتلامدىكى ئەكس تاناسىپ بالانىسلىقنىڭ ھەممە شەيئىلەرنى ھاسىل قىلىۋاتقان ئەمەلىيىتىدۇر.

ئېھتىمال دوستلىرىمىز: «بۇنداق تەسەۋۋۇر ھايۋانات، ئىنسانىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دەپ قېلىشى مۇمكىن. مەن دەيمەنكى، دەرەخ تومۇرلىرىدىكى نەملىك ۋە يەلرەڭلەر ھۆجەيرىلىرى ھەرىكىتى جەريانىدىكى قانۇنىيەت ھايۋانات ۋە ئىنسانىيەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قانۇنىيەت. دېمەك، قەقنۇس مانا مۇشۇنداق ھاياتلىق قاتلاملىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەرىقەت ۋە مەرىپەت ئالىملىرىنىڭ ئەڭ توغرا كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلاردىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش ۋە ئۇلارنى زامان تەلىۋىدە تېخىمۇ تەپسىلى شەرھىلەش ئارقىلىق بىزنىڭ ئەقىل كۆزىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر پەردىلىرىنى ئېچىشنى نىشان قىلغان، شۇنداقلا بىزنى ھەربىر ئىش ئۈستىدە ئويلانغان ۋە ئىشلىگەندە ئۆزىمىزنى تاشقى دۇنيا بىلەن خۇددى تورۇزا مىزانىنىڭ ئىككى پەللىسىگە ئوخشاش ھالەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىكىمىزدىن تاشقىرى تۇرغان تەڭلىمە نۇختا (تەبىئىي ئىرادەت ـ تەبىئەت قانۇنى)، مەۋھۇم ۋىجدان ۋە ئىمكان ئالدىدا سەممىيەتلىرىمىزنى سىناپ تۇرىدىغان مەۋقەگە كېلىشىمىز ئۈچۈن ئىجادىي يول ئاچقان. ئەگەر تەپسىلىي تەكشۈرىدىغان بولساق، بۇ ئۇنلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرىدا بايان قىلغان ھاياتلىق ھەقىقىتى ۋە گۈزەللىكنى يارىتىشنىڭ ئەكس تاناسىپلىق تەرتىپلىرىنى بىر-بىرلەپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى، تېنىك بەدەندىكى ئون كىرىم (ئىستېمال) چىقىم (ئىختىرا) نى ئالايلى، بۇلار تۆۋەندىكىچە ئەكسى تاناسىپ بالانىسلىقنى ھاسىل قىلىدۇ: ① كىرىم دېگەن ئۇقۇم، ② كۆزدىن، ③ قۇلاقتىن، ④ بۇرۇندىن، ⑤ ئېغىزدىن؛ چىقىم دېگەن ئۇقۇم① : يەل، ② پوق، ③ سۈيدۈك، ④ ھېشىق، ⑤ ياش.

ئون فىزىئولوگىك كۈچ ۋە پسىخولوگىك ھوشنى ئالايلى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە ئەكسى تاناسىپ بالانىسلىقنى ھاسىل قىلىدۇ: ① غۇرۇر، ② ئۆرلەش، ③ ئىلگىرىلەش، ④ كېڭىيىش، ⑤قاتتىقلاش؛ ① ھۇزۇر، ② تۆۋەنلەش، ③ چېكىنىش، ④ تارىيىش، ⑤ يۇمشاش.

ئون خىل ئىقتىسادى ۋە ھېسسىياد كاتېگورىيەسىنى ئالايلى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە ئەكس تاناسىپ بالانىسلىق ھاسىل قىلىدۇ: ئىقتىساد بويىچە: ① ماتېرىيال، ② ئىختىرا، ③ مەھسۇلات، ④ قىممەت، ⑤ كاپىتال. ھېسسىياد بويىچە: ① ئىلھام، ② پىلان، ③ سىناق، ④ رىزا، ⑤ ئارزۇ.

ئەمدى پەنجىگاھى (ئىككى بەش قاتلام) تاناسىپ ۋە بالانىسلىقنىڭ تەرەققىياتقا تەسىرىنى ئالايلى، بىرىنچى پەنجىگاھى ئېھتىياج تەبىئىي يارالمىشتىكى يەر ۋە سۇ، ئوت-چۆپ، ئوتخور، گۆشخور، ئىنسان ئىستېمال قاتلاملىرىنىڭ ئېھتىياجى بولىدۇ. ئىككىنچى پەنجىگاھى ئېھتىياج ئەقىل سىزىقى ئىنساندىن ئاشۇ بەش قەۋەتكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى يارىتىدىغان (ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان) ئەقلىي ئىختىراۋى ئېھتىياج بولىدۇ. بۇلار قورال ـ سايمان (ئاددىي ئەمگەك قوراللىرىدىن تارتىپ تاكى بىلىگ

سايار، دېۋگاتىللارغىچە) ئىختىراسى، چارپاي (ئوت ـ
چۆپ، ئوتخور، گۆشخور شارائىتلىرى) ئىختىراسى، يەر،
سۇ (تۇپراق، ئوجماق يەنى گىدرو ـ مىترولۇق ئىجادىيەت ـ
لەر) نى تەڭشىگۈچى ئىختىرا، گەردۇنراھى (دۇنياۋى ئون
دەرىجە بويىچە ئىناقلىقنى ساقلاش) روھىدا ئىھتىراملە ـ
شىش ئىختىراسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا
پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان بۇنداق تانا ـ
سىپ بالانسلىقنى يۇقىرىدىكى ھەربىر ئونلۇقتا ياكى بەش ـ
لىككە تەدبىقلاپ كۆرسەك، پەنجىگاھى ئېھتىياج ۋە گەر ـ
دۇنراھى ئېھتىرام بولىدىكى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئەكس
تاناسىپ تەڭپۇڭلىقىدىن بۇندىن كېيىنكى ھەرقانداق بىر
تەرەققىياتقا ئىجادىي ئىقتىدار ھاسىل قىلىدىغان يېڭى تە ـ
سەۋۋۇرلار تۇغۇلىدۇ. چۈنكى بۇ قاتلاملاردىكى ئېھتىياجلار ـ
نى قاندۇرۇش ھەرقانداق تۈزۈمدىكى ھەرقانداق دۆلەتتە باش
تارتقىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك بولۇپ، بۇ ئارقىلىق
ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى بۇ قاتلاملارغا ئۇدۇللاپ كۆرگەن
ھامان ئۆزىمىزنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ توغرا ياكى خاتا
قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئالىدىغان ئەقىلگە بولىمىز ـ دە،
گەرچە ئۆزلۈك بولۇپ كەتكەن زىندانى مىڭ بىزنى ھەدەپ
ئۆزى بىلگەن يەتتىلىك، توققۇزلىك تەرەپكە تارتىپ ئاز ـ
دۇرماقچى بولسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى
تاناسىپلىقنى تونۇش ۋە ئۇلارنى بالانس قىلىش قابىلىيە ـ
تىمىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش بويىچە كۆڭلە ـ
مىزدە يېڭى مىزان تۇغۇلىدۇ.

مەسىلەن، ئونلۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتى، قات ـ
لىمى بويىچە ھازىرقى ب د ت نى ئونىنچى دەرىجە دېسەك،
ئۇ تېخى دۇنيا خەلقىنى ئورتاق باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئى ـ
گە بولمىغانلىقتىن دۇنيا لاگىرلار ياكى دۆلەتلەر بويىچە
ياشايدۇ. لاگىر توققۇزىنچى دەرىجىدۇر. ھازىرقى دۇنيادىكى
لاگىرلار تەرەققىي قىلغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان، تەرەققىي
قىلمىغان، تەرەققىي قىلمايدىغان سىياسى ئىقتىسادى دە ـ
رىجىلەرگە يەنى فېئودال، لىبېرىيال، بىيگۇرات، دېمو ـ
كىرات ۋە سوتسىيال دېگەن كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلغان.
لېكىن، بۇنداق تۆت خىل تەرەققىيات پەرقى بويىچە زادى
ھەقىقىي تەرەققىيات مېزانى نېمە؟ دېگەن مەسىلىگە تې ـ
خىچە ئېنىق ھۆكۈم يوق. «سوتسىيالىستىك تۈزۈم» دېگەن ـ
دىمۇ، بۇنىڭ پىلان ـ لايىھەلىرىدە داۋاملىق چوڭقۇرلاش،
تۈزىتىش، ئىلگىرىلەش بولىۋاتقان ئەھۋالدىدۇر. شۇنداق
ئىكەن، بۇنداق ئۆلچەم ياكى مېزاننى تەگرىلىك ئىرادەت

بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئونلۇقلار بىلەن بەشلىكلەر ئەكس تا ـ
ناسىپلىقىدىن بايقاش مۇمكىنكى، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئالا ـ
قانداق سۇبيېكتىپ، ئويدۇرمىلار بىلەن خىياللار چوڭ رول
ئوينىيالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەقلىي كۆللىدىن ئەقلىي جۇزئى
تۇغۇلىدىغان مۇقەررەر يولدۇر.

## 4 ـ 3. پەلسەپىۋى مىتود

يۇقىرىدىكى ئونلۇق قەۋەتلەرنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلاردىكى
ئەكسى تاناسىپلىق تەڭپۇڭلۇقىنى جانلىق تەدبىقلاش ئۇ ـ
چۈن قەدىنۇس پەلسەپە بىلەن تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى ئىجا ـ
دى تەدبىقلاپ، خۇددى ماركس ئىلاھىيەتچى گېگېل دىئا ـ
لېكتىكىسى بىلەن فېيرباخ ماتېرىيالىزمىنى ئىجادى تەد ـ
بىقلاپ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھاسىل قىلغاندەك بىر
يېڭى يول ئاچقانكى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە ئۆزى ئارقىلىق
بىزگە بۇ قەۋەتلەر ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلىدىغان دىيا ـ
لېكتىك سالاھىيەت ھازىرلىغان.

مەسىلەن، سىز بىلىسىز، بىزدىكى خىلى نۇرغۇن زىيا ـ
لىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار پەلسەپە بىلەن تەسەۋۋۇپ مەسىلىلە ـ
رىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. شۇڭا، بەزىلەر ھەر ـ
قانداق ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇپ توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى ـ
نى ئاڭلاپلا گۇمان قىلىدۇ. قەدىنۇستىمۇ بۇ ئىككى تەرەپ
بىرلىشىپ كەتكەنلىك ئۈچۈن، بەزىلەر ماڭا ئۇنى ھەرخىل
چۈشەندۈردى. مېنىڭچە ئۇ ماركسىزىمچى ئىدى، مەن دەل
ئۇ شۇ ئىزىم ئىچىدە ياشاۋاتقانلىق ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ ھەيران قالدىم ـ دە، ئۇلارغا تېخىمۇ توغرا جاۋاب
بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشتىم. ئۇ ماڭا بۇ ئىككى
تەرەپنىڭ بىرلىكىنى شەبنەم كەبى ھاۋا ھەم تۇپراققا پار ـ
لىنىپ سىڭىپ كېتەلەيدىغان جانلىق تەپەككۇردىن چۈشە ـ
نىش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۇنۇ تەمسىلى ھېكا ـ
يىنى سۆزلىدى.

ھېكايەت: پەيلاسوپ دېگەن «تۇپراق» بىلەن تەسەۋۋۇپ
دېگەن «ئوجماق» بىر ـ بىرى بىلەن بەھس قىلىپ جېدەل
قىلىشماقتا ئىدى. پەيلاسوپ «تۇپراق» ئۆزىگە قاپ چەمبەر ـ
نى سىزىپ: «مەن دېگەن جەننەت» دېسە، تەسەۋۋۇپ دېگەن
«ئوجماق» ئۆزىگە ئاق چەمبەر سىزىپ: «مەن دېگەن جەن ـ
نەت، سەن دېگەن دوۋزاخ» دەيتتى. بۇلارغا ئەگىشىپ يىل ـ
تىزلار بىلەن چېچەكلەرمۇ تالىشىپ بىر ـ بىرىگە ماي تار ـ
تىپ تۇرۇشاتتى. شۇ چاغدا «شەبنەم» چاقناپ:

— بۇ جەھەتتە مۇنازىرە قىلماققا سىلەردە سالاھىيەت يوق. بىر - بىرىگە ئايلىنىپ بېقىش ئىمكانى يوق نەرسىلەردە بىر-بىرىنىڭ ۋىجدانى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش كامالىتى بولمايدۇ. مانا مەن سىلەرگە ھۆكۈم قىلالايمەن. مەن «ئوجماق» ئاپتاپ، ھاۋادا چاقناپ چېچەككە قونىمەن، ئۇنى خۇرسەن قىلىمەن. چېچەكتىن شاخ - غول ئارقىلىق يىلتىزغا بېرىپ ئۇنى خۇرسەن قىلىمەن، ئاندىن «تۇپراق»تىكى نەم بولىمەن. دېمەك، سىلەر مەن ئۈچۈن جەننەت. سىلەرنىڭ «دوۋزاخ» بولۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمەس دېدى.

شۇندىن كېيىن «تۇپراق» ئېرىپ تېنى يايراپ قالغاندەك «ئوجماق» تېنىپ ئېچىلىپ چاقناپ قالغاندەك بولدى.

راست دېگەندەك، بۇ ئىككىسى تۆرەلگەن زامانلار بويىچە ئايرىلىپ تۇرسىمۇ، دىيالېكتىك تەدبىقلىغۇچىدا گىرەلىشىپ ئۆزئارا تولۇقلىغۇچى بولىدىكەن. بىز ئادەتتە «پەلسەپە تەپەككۇر، تەلەففۇز (تىل بىلەن ئىپادىلەش) قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئىلىم، تەسۋىرە (تەسەۋۋۇپ) تەسەۋۋۇر، تەجەللۇم (كۆزگە كۆرۈنگەن شەيئىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇش) توغرىسىدىكى ئىلىم دەپ قارايمىز. بۇ ئىككىسىنىڭ تەبىئەت ئىلمى ئاساسلىرىنى تەخسىملىسەك، پەلسەپە (پەيلاسوفىيە) ماتېماتىكا (ئالگېبرا)، فىزىكا (مېخانىكا) بىلەن تەسۋىرە (تەسەۋۋۇپ)، گىيومېتىرىيە (تىرگىنومېتىرىيە)، خىمىيە (كىمياگەرلىك) بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

تارىختىن بۇيان ئالەمدىن ئادەمگىچە بارلىق تەبىئەت قانۇنلىرى ئەشۇ ئىككى خىل سىستېما بويىچە چۈشىنىپ كېلىنگەن. بولۇپمۇ دىنى مۇقەددەس ئەسەرلەردە ئاساسەن كۆز قارچۇق دېگەن بىيو تېلېۋىزور بىلەن ئېنىق سۈرەتلەنگىلى بولىدىغان تەسۋىرەتلەر بىلەن ھېكايەتلەر مەنتىقى قىلىنغان بولسا، كېيىن پەلسەپە ئەسەرلىرى بەدەنلەرنى رەقەملەرگە، قەلبلەرنى ھەرپلەرگە ئايلاندۇرۇپ مىقدار سۈپەت قانۇنلىرى بويىچە تەپسىرلىگەن. يەنى جەمئىيەت ئۈچۈن بۇ ئىككىسى بىرلا چاغدا بولمىسا بولمايدىغان مېتود ئىلىملىرى بولغان.

قىبلىپلاشقان ئاتالغۇ ئادىتى بويىچە مەلۇم ئاتالغۇنىڭ تىل مەنبىئى مەلۇم مىللەتكە تېگىشلىك بولسىمۇ، تەبىرى مەزمۇنى بويىچە ئىنسانىيەتكە ئورتاق ھادىسىدۇر. مەسىلەن: بىزدە ئادەتتە پەيلاسوفىيە گىرېكلاردىن كېلىپ چىققان، تەسەۋۋۇپ ئەرەپلەردىن كېلىپ چىققان دېگەن چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. ئەمما ئەمەلىيەتنى تەكشۈرگەندە ئۇنداقمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئابستراكت تەپەككۇر ئاساسىدىكى پەيلاسوفىيە گەرچە يۇنان دەۋرىدە گىرېكلاردىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇمۇ ئەسلىدە يۇنان دەۋرىدىن بۇرۇنقى تەسۋىرە «ئىلئادا»، «ئودىسسا» قاتارلىق ئولۇمپىيە خۇدالىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇفىيەنىڭ پەيلاسوفىيەلىك فورمىسى ئىدى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت (كۇلتۇر) تارىخىدا يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى تىل (ئېزىق) دەۋرىدە تەبىئەت ۋە جەمئىيەت كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرە - ھېكايە قىلغۇچى تەسەۋۋۇپىيە ئامىللىرى پەيدا بولغان. كېيىن يېزىق پەيدا بولۇپ ئاندىن ھەق - ناھەقنى راست - يالغاننى ئايرىش دىئالوگلىرى (بەھس - مۇنازىرىلەردە) جەريانىدا ئىزاھلاش، ئىسپاتلاش، ھېساۋلاش ئېھتىياجىدىن ئاندىن پەيلاسوفىيە كېلىپ چىققان. پەيلاسوفىيەدىكى مەۋقە ۋە مېتود مەسىلىلىرىنى ئىپادە قىلغۇچى ماتېرىيالىزم، ئىدىيالىزم، دىيالېكتىكا، مېتافىزىكا ئۇقۇملىرىنى تەسەۋۋۇپىيەگىمۇ تەدبىقلاش مۇمكىن.

دىنى تەسەۋۋۇر قەبىلىۋاز ئىنسانلىق دەۋرىدە يەنى تېخى يېزىق بولمىغان دەۋرلەردىن باشلاپ پەيدا بولۇپ، كېيىن يېزىق پەيدا بولۇپ، يېزىق شەكلىدىكى تەسەۋۋۇر تەرىقىسىدە تەرەققىي قىلغان. قەقنۇس سېلىشتۇرما تەتقىقات ھەۋەسلىرىدە دۇنيادىكى مەشھۇر مۇقەددەس كىتاب مەزمۇنلىرىدىكى تەسۋىرەت قاتلاملىرىنى پەلسەپە بويىچە مەنتىقىلەش تەجرىبىسىنى سىناق قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋقە ۋە مېتود تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان. مېنىڭچە، بۇ تولىمۇ چوڭ ئىجادىيەت بولۇپ، ھەربىر ئىلىمخۇمار ئەگەر تارىخى چىنلىقنى بىلمەكچى بولسا، ئۇنىڭ بۇ مېتودىدىن ئۆرنەك ئالماق، ئىنسانىيەتنىڭ قەلب مۇساپىسىنى بۇ ئارقىلىق توغرا چۈشەنمەك لازىم. مانا بۇ مەزھەپتىن ھەق - ئادالەتكە ھۆددىگەر ئىلىم يولىغا چىقىشتۇر.

مەسىلەن، بىز ئۇنىڭ مۇقەددەس ساماۋى كىتابلار ۋە ئۇلارغا ياندىشىقان تەۋرۇك كىتابلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇپىيە بىلەن پەيلاسوپىيەنىڭ گىرەلەشمە ھالىتىنى چۈشىنىشكە قاراپ باقايلى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 -، 2000 - يىللار ئارىسىدا بالقان يېرىم ئاراللىرىدىن يۇنان مەدەنىيەت (كۇلتۇرى) تەرەققىي قىلىپ غەربى جەنۇبى ئاسىيا - كاۋكاز، ئىران، ئەرەپ يېرىم ئارىلى، مىسىر قەدەر رايونلارغا گىرېك (لاتىن) تىللىق ئىبرى خەلقلىرى ئەجدادى كۆچۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى

ئالتاي تىللىق قەبىلىۋى قولدارلىق تۈزۈمىدىكى بابىلون ۋە مىسىردىكى فىرئەۋنلەرگە قارشى ئىسيانى تويغۇلار، ھەرىكەتلەر بولغان. دېمەك، مىلادىدىن 1500 يىللار ئىلگىرى «تەۋرات» تەسۋەرەسى بارلىققا كەلگەن. «تەۋرات» ھېكايەتلىرىنى پەلسەپىۋى مىتود بىلەن مەنتىقلىگەندە، (يەخۇد + نۇر(ئاۋۇن) + تۇر (تاغ) + موسا) 4+1=5 بولىدۇ. يەنى ئەدىبى ئەسەرنى ئوبزورلاش مىتودى بويىچە ئەسەر ئاپتورىنى ئىزلىگەندە (ئامېرىكىنىڭ «مىسىرلىقلار» دېگەن فىلىمىدىكى ئىلھام بويىچە) ئىسرايىل نەسەبلىك، مىسىرغا بىر مەزگىل پادىشاھ بولغان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىدىيەلىرىنى ئەسەر قەھرىمانى (پىرسوناژ) مۇسا ھېكايەتلىرى ئارقىلىق بايان قىلغان دېمەكتۇر. «تەۋرات» دىكى «ئون ئەھكام» پەيلاسوپيەلىك يەكۈندۇر.

«ئىنجىل» مىسالىدىن ئالساق، ئۇنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردىن بۇيان باشلانغان گىرىك يۇرۇشلىرىدە جەنۇبى ئاسىيا ئاردىيانلاشتى. ئەرەب، پارس، ئوردو، سوغدۇ تىللىرى كېلىپ چىقتى: كېيىن بۇرۇنقى روما ئىمپېرىيەسى بولدى. ئەشۇ مىڭ يىللىق تارىخ جەريانىدا «تەۋرات» روھى دۆلەت روھىغا يەنى كاتولىك دىنى ئاساسلىرىغا تەرەققىي قىلدى. بىراق سىنىپىي مىللى زۇلۇم ئازادلىققا تەلمۈرگۈچى ئىسيانكار روھلارنى يېڭى ئىزلىنىشكە ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ «ئىنجىل» ھېكايەتلىرى مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. «ئىنجىل» تەسۋىرىسىدىن ئىبارەت ھېكايەتلەرنى پەلسەپىۋى مەنتىقىنى بىلگەن دەپ قارىغاندا، (داۋۇت + ئاتا + بالا + يۈسۈپ) 4+1=5 قورۇلمىسى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ پەمىچە، تۇنجى ئورگىنال ئەسەر ئاپتورى قۇددۇستىكى چىركاۋدا راھىب بولغان يۈسۈپ زامانىسىدىكى تارىخنى تەققاسلاپ، «تەۋرات» ئاساسلىرى بولغان قەبىلىۋى قۇلدارلىق دەۋرىدىنمۇ بۇرۇنقى ئۇرۇقداش ئىنسانلىق دەۋرىنى، يەنى يۇنان دەۋرىدىن بۇرۇنقى دارا ـ دوران دەۋرىدىكى شامان، ئاتەش دىنلىرى مەزمۇنىدىكى ئۇرۇقداشلىق ئىچىدىكى قېرىنداشلىق مېھىرداشلىق ئاساسلىرىدىن ئاتا + بالا ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى نېگىز قىلىپ، قەدىمقى پادىشاھ ئاتا روھ داۋۇت تىلىدىن بالا روھ ئەيسا مەسىھنى لەبزى قىلدۇرغۇچى مىتود بىلەن ئەسەر ھېكايەتلىرىنى تۈزگەن. مىلادى ئەتراپىدا روما ئىمپىراتورى خىرىستوس «ئىنجىل» دىن پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكىنى (پادىشاھ داۋۇت روھى بولۇۋېلىش بىلەن) پەھىم پەم قىلىپ، «ئىنجىل» نى ئۆز تەسىرىنى دۇنياغا كېڭەيتىش قورالى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن مىلادى يىلنامىسىنى بېكىتكەن.

«قۇتادغۇبىلىك» مىسالىدىن ئالساق، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەسەر ئاپتورى سوغدۇق كارۋىنىدىكى تۆگە (بۇغرا) غا ئارتىلغان ساندۇقتا ساقلانغان شىر ئاسلىنىدەك يىللىرىنى ئۆتكۈزۈپ كامالەتكە يەتكەندە، ھاياتنى يەكۈنلەپ ھەم ئاددىي ھەم ئالىي مەنتىق تۈزگەن. ئەسەر: (كونتوغدى + ئايتولدى + ئۆگدۈلمىش + ئۇرغۇرمىش) 4+1=5 بولۇپ، ئاپتورى ئۆزىنى ئەسەردىكى تۆت قاتلامغا چاچقان. ئەسەر ھەم پەلسەپە ــ تەسۋۇرە زىچ بىرلەشكەن تىپىك مىسالدۇر.

«غەرىبكە ساياھەت» مىسالىدىن ئالساق، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەسەر ئاپتورى تاڭ شۈەنزاڭ (توڭغۇد غەزنىۋى) غەربىي ئەقلىمنى كېزىپ نوم ئالىمەن دەپ (ئەسلىدە غەربى ئەقلىمدىكى بۇددىزم ـ خرىستىيان، ئىسلامىيەت ئۈچۈرلىرىنى ئىگەللىمەك بولۇپ)، نۇرغۇن سەپەرلەرنى كېزىپ قايتقاندىن كېيىن، ئاندىن «غەرىبكە ساياھەت خاتىرىسى» نى يازغان. ئەسەردىكى تەسۋۇرە ئاستىدىكى پەلسەپە قاتلام يۇقىرىقى مەنتىقىگە ئوخاش (تاڭ سىڭ + سۇن ۋۇكۇڭ + جۇباجى + شياسىڭ)4+1=5.

دېمەك، يۇقارقى مىساللاردىن ئىبرەت ئالغان قەقنۇس ھازىرقى زاماندىكى ئۆزىگە خاس پەلسەپە ۋە تەسۋۇرە قاراشلىرىنى يەكۈنلەش ئۈچۈن 5=4+1 نەقلىدە: بىرىنچىدىن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى يەكۈنلىگەن («سەنئەتكارنىڭ مەنىۋىيىتى»گە قارالسۇن)، ئىككىنچىدىن بۇنى تەسۋۇرە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن: تەبىئەت تەڭرى + ئالب ئەرتوڭو + ئۆگلۈك + ھۆرلۈك مەنتىقىنى تۈزگەن. بۇ يەردىكى تەبىئەت تەڭرى تەبىئەت قانۇنلىرىدىن يەكۈن، ئالب ئەرتوڭو ئىنسانلىق ھەقىقەتنىڭ مۇتلەق رەمزى. ئۆگلۈك ــ نىسپى ھەقىقەت. ھۆرلۈك ــ ئەقىدەت رەمزىدۇر. بىز تەكىتلەۋاتقان ئەقلى ھۆرلۈك مانا مۇشۇ مەنادا ئېيتىلىدۇ. دېمەك، قەقنۇسنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەۋقە ۋە مېتود ئەنە شۇ تۆت بىرلىكىدىن ئىبارەت. مەن ھىلىمۇ ئۇ مۇشۇ مەۋقە ۋە مىتود بىلەن ئەقىل كۆزلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر پەردىلىرىنى ئېچىش ياكى بولمىسا ئەقىل كۆزلىرىنى نەپسى مەپتۇنى ئىتتىۋالغان بىزدەك ئەقلى گال ئادەملەرگە شۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئاممىباپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن پەقرۇ فانالىقتا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇ قوغلىشىۋاتقان نىشان ئوبيېكتىپ تەڭپۇڭلۇققا ئەقىدىۋى تەڭپۇڭلۇقنى تاناسىپ قىلىش، مەن بۇ نىشانىنى چۈشەندۇ-

رىۋاتقان مەنىۋى پارىلانغۇچىنى ھەقىقەت سايىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان كىتابلاردىن ئارتۇقراق كۆرۈپ كۆزەتمەكتىمەن. شۇڭا، كۆزەتكۈچى كۆڭلۈمدىن ئۇرغۇغان بۇ ئويلار ماڭا شىۋىرلىماقتا: «ئەي نىيەت قىلغۇچى، كىمدۇ ساڭا كىلاسسىك كىتابلاردا مۇنداق دېيىلگەن، پوكۇنى ئالىم مۇنداق دېگەن دەيدۇ. بىراق، سەن ياراتقۇچى تەرىپىدىن گەردۇنى (ئۇنلۇق) ئەگلەك بىلەن ھەممىنى تاسقاپ كۆرگۈچى قىلىپ بېكىتىلگەن ئەينەكسەن. ھەقىقەت ئەگلەك ۋە ئەينەك شەكلىدە بولسىمۇ سەندىن تاشقىرىدۇر. سەن سەھىھەت (ساق) سەمىمەت (ساپ) ئەقىدەت بىلەن كىلىۋاتقان بەرىكەتتىن مەمنۇن بولغىن».

## 5. ھەرىكەتلىك سۈكۈت ۋە سىنتىز

ھۆرمەتلىك دوستلار، يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) گەردۇنراھى ۋە پەنجىگاھى قاتلاملار ئارقىلىق ئاق تاشنى ئۆرۈپ تۈنجى ئوتنى چىقارغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇنلۇق ئەنئەنىسى دەۋرلەشتۈرۈپتۇ، ئۇ ھازىر قانداق ياشاۋاتىدۇ ۋە قانداق ئويلاۋاتىدۇ دەمسىز؟ ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى بۇدۇر: «ماركس ‹ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇلۇكچىلىكنىڭ ھېسسىي فورمىسىدۇر، دېگەن ئىدى. مۇلۇكچىلىك يەنى ئەمەلىيەتتىكى مونولوپىيە ۋە ئولۇمپىيە شەخسىيەتلەرنىڭ ئۇشۇقچە قىممەت ۋە تولۇقسىز قىممەت شەكلىدە ئۇششاق ئىشغال ۋە ئىسيان ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرغاچ، ئامانلىقىم ۋە نىرۋانى راۋانلىغىم ئۈچۈن ئائىلەمنىڭ ئازراق ئىقتىسادى ئاساسىغا، ئاددىي خىزمەتچى ئۈچۈن لايىق 2000 يۈەنلىك پېنسىيە مائاشقا شۈكۈر سانا ئوقۇپ گەردۇنراھ خىياللار بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ياشايمەن».

ئۇنىڭ سۆزىدىكى ئالدىنقى بۆلەكنى يۇقىرىدا بايان قىلغان ئاددىي ياشاش خىسلىتىگە مەنسۇپ قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «گەردۇنراھى خىياللار بىلەن ئۆرە تۇرۇش» دېگەن سۆزىنى يەشسەك، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرىكىتى بار ئۆزى يوق ھەرىكەتلىك سۈكۈت ھالىتىدە ياشاۋاتىدۇ. ھەرىكەتلىك سۈكۈت دېگەن قەدىم ۋە ھازىرقى زاماندا چىنلىقتا تەلپۈنگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھەقىقەت ئىزدەشتىكى ئالەملىك بىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق سۈكۈتكە چۈشكەن ئادەمدە ياراتقۇچى سىرلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىدىغان يۈرەك بىلەن مېڭە بىرلىكىدىكى تەبىئىي ئېقىمدىن باشقا ھېچنېمە يوقتۇر.

بۇ ھالدىكى روھ ئۆزى ئۈستىدە شۇنچىۋالا گۈلدۈر - تاراق بولىۋاتسىمۇ جىم تۇرىدىغان زېمىنگە ئوخشاش تەمكىندۇر. بۇ ھالدىكى ئادەمدە شەخسىيەتكە ياتىدىغان ھېچنېمە قالمايدۇ. ئۆزلۈكتىن، ئۆزلۈككە باغلانغان ھەرقانداق تالاش-تارتىشتىن خالاس بولغان بۇ ھالنى ۋاپات بولغان كىشى جىسمانەن تۇپراق ھەرىكىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەنگە ئوخشاش مەڭگۈلۈك بولغان ئاشۇ ئالىمى ھەركەت ئايلانمىسىنىڭ بىر زەررىسى ھېسابلىسا بولىدۇ. ھەقىقىي ئەنبىيا - ئەۋلىيا ياكى ئالىم - ئەللامىلەرنىڭ ئادەتلەنگەن مەنتىقى (تەمەللى) بىلىش تەرتىپىدىن ئالەملىك بىلىش تەرتىپىگە ئۆزگىرىپ كېتىشى، مەسىلەن، بىزدىكى مەنتىقى بىلىم ياكى بىلىش بىر پۈتۈن نەرسىنى تېگىشلىك بۆلەكلەرگە پارچىلاپ تەھلىل قىلىش، ئۇششاقلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ھازىر ئىلىم - پەندە دائىم قوللىنىلىۋاتقان بىلىش ئۇسۇلىدۇر. ياراتقۇچى بىرلىكچۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئايلىنىش قانۇنى (ماھىيىتى) بىلەن بىرەر بۆلىكىنىڭمۇ ئايرىمچە خۇلاسە قىلىنىشىغا يول قويمايدۇ، يەنى تەبىئەت ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن مۇتلەق ئايرىلغان مۇستەقىللىققا ئىگە بولغىلى قويمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى پەقەت مەنتىقى يۇسۇندا ئىدراك قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار «مەن ئىدراك قىلغانغا ئوخشايدۇ» دېگىلى بولمايدۇ. قەقنۇسنىڭ «گەردۇنراھ خىياللار بىلەن ئۆرە تۇرىمەن» دېگىنى ئۆزى ئەنە شۇنداق ئالەملىك ھەرىكەتنىڭ زەررىسى بولۇپ تۇرۇپ ھەقىقەتنى بايقاش ئۇسۇلىدۇر. مەن بۇ سۆزنى ئەمدىلا چۈشەنگەن ئادەم، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سۆز بىلەن بولسىمۇ بايان قىلىپ بېرەلەيمەن؛ بۇنى ھەرىكەتلىك ئىپادىلەپ بەرسەك، بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئىگىسىگە غەرق بولۇشى بىلەن چوڭقۇرلاپ تەبىئىي ھەركەتكە ئايلىنىپ كېتىشى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇسۇل ئوينىغۇچى بىلەن ئۇسۇل دېگەن ھەرىكەتنى ئالىدىغان بولساق، بۇنداق ئىستىغراقى ئۇسۇلدا ئۇسسۇل بار ئۇسسۇل ئوينىغۇچى يوق بولىدۇ، ئەگەر بۇنداق سۈكۈتكە ئۇسسۇل ئوينىغۇچى كىرىپ قالغان ھامان ئۇسسۇل بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇسسۇلچى «مەن بار» دەيدىكەن، ئۇ سۈكۈت بولمايدۇ - دە، بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان رول ئالغۇچى گەۋدىلەنگەن ئۇسسۇلغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى ناھىيەلەردە مەشرەپ ياكى مەلۇم بىر ئېھتىياج بىلەن ئاممىۋى سەنئەت سورۇنى تۈزگەندە، ئايرىم ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلار ئويناپ - ئويناپ

بىر يەرگە كەلگەندە مەستە ـ مۇستەغرە بولۇپ، بىر ئادەم بىرىپ تۇتىۋالمىغۇچە ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا ئويناۋېرىدىغان ئەھۋاللار بار. مانا مۇشۇ هالدا بۇ ئۇسۇل ھەرىكەتلىك سۈكۈت بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ هالدىكى ئۇسسۇلچى ئالەملىك كۈچىنىڭ ئىشقىدا ئالەملىك رىتىم بويىچە زەررىۋى ھەرىكەت قىلىدىكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرى ئالەملىك رىتىمغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى تەبىئەتتىكى ياراتقۇچى كۈچنىڭ رىتىمى بولىدۇ. ھەرىكەتلىك سۈكۈت ئارقىلىق ھەقىقەت بايقايدىغان قىيامىغا يەتمەكچى بولغان ئادەم بۇنداق سۈكۈت رىتىمىنى ھەممە ھەرىكىتىگە يۆتكەش مۇمكىن. مەسىلەن، سەن بىر نەرسە يەۋاتقان بولساڭ بۇمۇ سۈكۈتكە ئايلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ يەردە يەۋاتقان ئادەم بولمىسا. مېڭىپ كېتىۋاتقان بولساڭ، يول مېڭىشمۇ سۈكۈتكە ئايلىنىش مۇمكىن، ئەگەر يول يۈرۈۋاتقان ئادەم بولمىسا. ئەگەر سۆيگۈ ئۈستىدە يۈرگەن ئادەم بولساڭ، سۆيگۈمۇ سۈكۈتكە ئايلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ يەردە سۆيگۈچى ئادەم بولمىسا. دېمەك، ھەرىكەتلىك سۈكۈتتە ھەرىكەت بولۇش ئادەم بولماسلىق كېرەك. چۈنكى، سۆيگۈنى بار سۆيگۈ زەھەردۇر، سۆيگۈنى يوق سۆيگۈ مۇقەددەسلىككى، ئۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پەقەت شۇ هالدىلا ئادەمدە مەلۇم بىلىنمىگەن نەرسە تۇساتتىن هاسىل بولىدۇ. بىزدىكى نامەلۇم (بىلىنمىگەن) نەرسىلەرنى بىلمەسلىك، مانا مۇشۇنداق بۆلىنىش (مېڭە بىلەن بەدەن ئايرىلىش) ئاستىدىكى ھەرىكەتتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىزنىڭ مېڭىمىز «مەن بار» دېگەنلىكتىن چوڭقۇرلاپ بايقىشىمىزغا تۇسالغۇ پەيدا بولىدۇ. دېمەك، ھەرىكەتلىك سۈكۈت بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە كۆزەتچى بولىشى ئارقىسىدا هاسىل بولىدىغان ئالاھىدە گۈمپا بولۇپ، يۇسۇپ ھۇسەيىن مانا مۇشۇ كامالەتكە يەتكەن ئادەمدۇر.

شۇڭا، ئۇ دەيدىكى: «تارىم ئويمانلىقىدا ‹ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە دەۋران، دېگەن رىۋايەتنى خوراپىي نەزەردە چۈشەنگەنلەر ‹ئاخىر زاماندا ئاسماندىن ئىيسا مەسىھ چۈشۈپ، تاغكاندىن ئىمام مەھدى چىقىپ جەددالنى يوقىتىدۇ. قىرىق يىل مەمۇرچىلىق بولۇپ ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ، دەيتتى». باللىق ۋاقتىمدا ئاڭلىغان بۇ ئەپسانىنى ئاتمىش ياشلىرىمدا ئاندىن توغرا بىلگەندەك بولدۇم. قارىسام «ئاخىر زامان» ھەر كۈن كەچقۇرۇن گۇگۇم خۇپتەن ئارىسى ئىكەن. جەددال دېگەن خوراپىي قاراش ئىكەن. ئاسماندىكى ئايدەك مەسىھ پەنجىگاھى (بەش)، تاغكاندىكى ماھدەك مەھدى پەنجىگاھى (بەش) گەردۇنراھى كەسرەت 5/5 بولىدىكەن. بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئارامخۇدا خاتىرجەملىك بىلەن «ئويقۇ جەننىتى» گە كىرگىلى بولىدىكەن.

دېمەك، قەقنۇس مۇشۇنداق ھەرىكەتلىك سۈكۈتتىكى بايقىشىدا بىز كۆنگەن ۋە زادىلا گۇمان قىلمايدىغان مەسىلىلەردىن تېخىمۇ چوڭقۇر بىر ھەقىقەتنى بايقاپ چىقماقتا. ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە مۇقاملىرىمىز ھەققىدىكى بايقاشلىرىمۇ شۇنداق خاسلىققا ئىگەكى، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بايقاشلىرىدىمۇ جۇڭگودا كىتىۋاتقان يېقىنقى 30 يىللىق تەتقىقاتتا جامائەت بايقىمىغان يېڭىلىقلار بار، بۇ بايقاشلار ئۇدۇل شۇ زامان ۋە شۇ چاغدىكى تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىگە جىپسى بىرلىشىپ كەتكەن بىر ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

لېكىن، ھەرىكەتلىك سۈكۈت تولىمۇ كۈچ سەرپ قىلمىسا بولمايدىغان چېنىقىش (نەۋايىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» داستانىدىكى قۇشلار سۇمرۇغ پادىشاھلىقىغا ئۇچۇپ بارغاندەك)، شۇنداقلا چېنىقىش ئۇسۇلىنى توغرا تاللىمىسا بىر ئادەم ئۆمۈرۋايەت ئىگەللەپ كىتەلمەيدىغان بايقاش ئۇسۇلى بولغاچقا، بۇنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىتابى بىلىملىرىگە تايىنىپ يەكۈنەن گەپ قىلىدىغان ئادەتلىرىگە سېلىشتۇرۇپلا ئىنكار قىلىدۇ ـ دە، ئېزىپ قېلىپ بايقاشتىن تېيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ خىيالى ئۆتمۈش بىلىملىرى بىلەن تېخى بىز يېتىپ بارمىغان كېلەچەك ئۈستىدە بولغاچقا، ئۆتمۈشنى «بىلىم ۋە تەجرىبە ساۋاق» دەپ قوبۇل قىلسا، كېلىچەكنى «ئىنسان ۋە غايە» دەپ قوبۇل قىلىدۇ ـ دە، تەپەككۇرنى گويا ماياتنىكنىڭ ئىسترېلكىسى توختىماستىن ئىككى قۇتۇپقا ئۇرۇلۇپ تۇرغاندەك، بىردەم ئۆتمۈشكە، بىردەم كېلەچەككە كېتىپ قېلىپ، جانغا تاقىشىۋاتقان هازىرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئويلاردا ئۆتمۈش بىلىملىرىنىڭ كىتاب موللىسى ياكى كېلىچەك خىياللىرىنىڭ قۇل بالىسى بولۇپ قالىدۇكى، مىڭ دېسىمۇ يەنە شۇلارنى تەكرارلاپ هازىرنىڭ ئۆزىدە بىلىنمىگەن دۇنيانى بايقاشقا كىرەلمەيدۇ. قەقنۇسنىڭ بايقاش ئۇسۇلى مانا مۇشۇ ئىككى تەرەپكە بەنت بولۇپ كەتمەستىن، دەلمۇدەل مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىنىڭ كۆڭۈل پادىشاھلىقىغا قايتىپ كېلىپ، بىلىنمىگەن مەۋھۇمىيەت ئۈستىگە دەممۇدەم تىۋىنىشتۇر. بۇنداق تىۋىنىشتا (ۋەھىمدەتتە تۇرۇشتا) ئادەتتىكى ئويلار بويىچە لەيلەش ئەمەس، دېڭىزنىڭ تېگىگە شۇڭغۇيدىغان شىجائەت بولىدۇكى، لەيلىمە قەۋەتلەرنى چە-

قىرىپ تاشلاشنىڭ چارىسىنى مۇنداق قەۋەتلەر بويىچە قىـ-
ياس قىلىش مۇمكىن:

مەسىلەن، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن دەيلى، ئەگەر سەن
كۆڭۈلشىمەي ئاڭلىساڭ، گەپ قۇلاقتىلا قالىدۇ. بۇ ھازىر-
نىڭ ئۆزىگە قۇلاقتا قايتىپ كېلىشتۇر. ئېھتىمال سەن
«گەپنى ئاڭلىدىمغۇ» دېيىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، بۇ گەپنى
قۇلاقتا ئاڭلاپ كۆڭلىنى بەرمەسلىك، تىنىدە ئاڭلاپ مېڭە-
سىنى بەرمەسلىك بولۇپ، دىلىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇڭ يەنە باشقا
بىر يەردە يۈرىدۇ. ناۋادا سەن ۋۇجۇدىڭنى يىغىپ چوڭقۇر-
لىساڭچۇ، بۇ ھالدا سەن ئادەتتىن تاشقىرى دىققەت بىلەن
ئاڭلايسەن ـ دە، مېڭەڭمۇ قۇلاق بىلەن ئاڭلاشقا قاتنىشىدۇ.
بۇ ھالدا سەن ھازىرنىڭ ئۆزىگە قاراپ چوڭقۇرلاپ كېتە-
سەن. لېكىن، بۇھالدا سېنىڭ مېڭەڭ قاتناشقان بولسىمۇ،
مەۋجۇدىيىتىڭ (ۋۇجۇدۇڭ) ئاڭلاشقا تولۇق قاتنىشىپ كە-
تەلمىگەن بولىشى مۇمكىن. شۇئاندا مېنىڭ گېپىم توغىر-
لۇق ئويلىنىپ قالساڭ، مېڭەڭ قاتناشقان بولسىمۇ، تېخى
دېگەن يەرگە بارالمىغانلىقىڭ مەلۇم بولىدىكى، ۋۇجۇدۇڭنىڭ
تولۇق غەرق بولمىغانلىقى تۈپەيلى سەندە ئىختىيارسىزلىق
ئېقىمى ساقلىنىپ قالىدۇ ـ دە، بۇ پىنھان ئېقىم سەۋەبلىك
سەن يەنىلا بۇ يەردە بولالمايسەن. بۇ ھال يەنە سېنىڭ
داۋاملىق ئىلگىرلەش لازىملىقىڭنى، ھېچنېمەڭنى قويماي
بۇ گەپكە غەرق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇ
ھالدا سەن قورۇقدۇلۇپ بولىسەن ـ دە، ئۇنى ئويلاي دېسەڭ-
مۇ ئويلىيالمايسەن. تېنىڭ بۇ يەردە بولىدۇ، مېڭەڭ بۇ يەردە
بولىدۇ، مەۋجۇدىيەت (ۋۇجۇدۇڭ) بۇ يەردە بولىدۇ، ھەممە
نېمەڭ بۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ، شۇ ئاندا تامامەن غەرق
بولغان بولىسەن. سەندە «مەن» دېگەن تۇيغۇ قالمايدۇ.

دېمەكچىمەنكى، مۇشۇ ھالغا كەلسەڭ، سەن مەيلى نېمە
ئىش قىل، شۇنىڭغا چۆكۈپلا كەتسەن، قانچە چوڭقۇرلاپ
چۆكسەڭ، بىلىنمىگەن دۇنياغا شۇنچە چوڭقۇرلاپ بارسەن،
بىلىنمىگەن ئۇ نەرسە بىلىنگەن نەرسەڭنىڭ قارشىسى ئە-
مەس، ئاشۇ بىلگەن نەرسەڭنى ئىچىدە بولىدۇ، ئاشۇ بىلگەن
نەرسەڭ، بىلىنمىگەن شۇ نەرسىنى پەردىلەپ تۇرىدۇ. ھەر-
كەتلىك سۈكۈت مانا مۇشۇ پەردىدىن ئۆتۈش ھەركىتىدۇر.
ھەقىنۇس ئاللاقاچان بىلىنگەن ئاشۇ نەرسىلەر ئىچىدىن
مۇشۇنداق سۈكۈت ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى
سۈزۈپ ئالغۇچىدۇر.

ئالىيلۇق، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى يۈز يىل جەريانىدا
يەر شارىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگەللىگەن خەلقئارا
كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئەللىرىدىكى سوتسىيالىزىم تۈزۈمى
ئاخىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزگىرىپ لىبېرىيالىزمغا قاراپ
ماڭدى. بۇنداق يوغان جەمئىيەتلىك ئۆزگىرىشنى بەزى كى-
شىلەر شۇ جەمئىيەتكە داھى بولغان رەھبەردىكى خاتالىقلار-
غا تاقىدى، رەھبەرلىك پىكىرلىرىگە سەۋەب بولغان ئۇستاز
ئەسەرلىرىگە تاقىدى، ئاندىن ئۇ ئەسەرلەردىكى يادرو ۋى ئۇ-
قۇملارغا تاقىدى، مۇشۇنداق مەنتىقى تورلەش ئارقىلىق ئا-
خىرىدا كېلىپ توختىغان ئۇقۇم نېمە دېسەك، «كوممۇ-
نىستلار خىتابنامىسى» دىكى «سىنىپىي كۆرەش» دېگەن
ئۇقۇم بولدى. بۇ ئۇقۇم ئىنسانىيەتنى بىر ـ بىرىگە دۈش-
مەن قىلغۇچى، شۇنداقلا ھەممە مەغلۇبىيەتلەرگە سەۋەب
بولغۇچى تۇگۇنمۇ ياكى تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ھەقى-
قەتمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ھەقىنۇس كۆپچىلىك تېخىچە ئويلاپ
يېتەلمىگەن بىر ھەقىقەتنى بايقاپ «ياق» دېگەن ئىنكارچى-
لىقنى جامائەتكە تەڭلىدى. مەسىلەن، ئۇ دېدىكى: «ماركس،
ئېنگېلس 1840 ـ يىللىرى بۇرۇنقى ‹تەبىئەت دىيالېكتى-
سى› روھى بىلەن يازغان «كوممۇنىستلار خىتابنامىسى» نىڭ
بېشىدىكى ئۇقۇم ئەسلىنى تەكشۈرسەك، مەسىلە ئەسەرنىڭ
مەزمۇنىدا ئەمەس، بەلكى مەۋقە، مېتودى توغرى بولمىغان
تەدبىقچىلار ھاسىل قىلغان خاتالىق ۋە خۇراپات ئىكەنلى-
كىنى، ئەسلىي نۇسخىدىكى «كىلاسسىفىكاتسىيە ـ خىمى-
كىلىق تىلدا سىنتېزلىنىش ياكى بەدەندىكى خىلىت پىگ-
مېنتلەرنىڭ رەڭلىنىشى (سىن) بولۇشى بولۇپ، ئىنساندى-
كى ئەقلىي پەرقلەرنىڭ بىيوخىمىكىلىق، ئاساسىي سىن-
تېزلىنىش مۇناسىۋەتلىرىدۇر. بۇنداق مۇناسىۋەتنى قانداق
بىلىش تارىخىنىڭ ئىپتىداسىدىن ئىنتىھاسىغىچە مەۋجۇت
بولىدۇ. ماركسىزم بۇرژۇئاچە كاپىتالىستىك جەمئىيەتنى
سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىكەن،
بۇ يەردىكى كىلاسسىفىكاتسىيە بۇرژۇئاز (مۇلۇكچىل روھ) ـ
ئېكسپىلاتسىيون (قىيىشقاق) سىنتېزلىنىشنى بۇزغۇچى
مۇناسىۋەتلەردىن پۈرۈلتار (مۇلۇكسىز روھ) سۇبلىزاتسىيون
(مېھىرداش) سىنتېزلىنىشنى قۇرغۇچى مۇناسىۋەتلەرگە
ئۆزگۈرۈش تارىخىدۇر. سوتسىيالىزمنى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى
ئىدىيەسىنى «سىنىپىي كۆرەش» ئارقىلىق ئىنكار قىلغۇ-
چىلار بۇ مەزمۇننى بىلمىگەن غاپىل پۈرسەتپەرەسلەر بو-
لۇپ، ئۇلار قۇل ـ قاپتەن، خۇد ـ ئاقتەك دېگەن خۇراپى
قاراش بىلەن پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيەنى بىر ـ بى-
رىگە روبىرو (ئەكس تاناسىپ) دۈشمەنلەشكۈچى سىنىپلار
دەپ تەبىر بېرىش بىلەن ئىدىيەنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قوي-

دى. بۇنىڭ بىلەن بۇنداق تەبىرلىك نۇسخىلار فىرانسۇز،
ئىنگلىز، رۇس تىللىرىدا كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
تارىخى خۇراپات فېئودالىزم ۋە يېڭى كاپىتالىزم قالايمى-
قانچىلىقىنى «توپان سۈيى» ھېس قىلغان ماركىس ئاخىرى
«نوھ قولۋىقى» بىلەن غايىپ بولغان. يۈز يىللىق «توپان
دولقۇنى» كىچىككىنە قولۋاقنى خۇددى لېرمونتوۋ «ئاق
يەلكەن» دېگەن شېئىرىدا: «تۇمانلىق دېڭىز ئۈچقۇنىدا ئا-
قىرىپ كۆرۈنەر بىر يەلكەن، يىراق ئەلدە نېمە ئىزلەركىن
ئۇ، نېمىنى تاشلاپ كەتكەن ئۆز ئېلىدە»، دەپ يازغاندەك
يىراق قىرغاققا سۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، «قولۋاق» ئى-
چىدىكى ئەسلىي ئورگىنال مەلۇم بولدى. بۇنىڭدىن سىنى-
پىي (يەنى خىمىكىلىق سىنتېزلىنىش) بىر ـ بىرىگە
دۈشمەن (ئانتاگونىستىك) زىتلىق مەزمۇنى ئەمەس، بەلكى
ھەربىر بەدەن (گىننىي ھېسسىي، جىسمى جىنسى، سىنى-
پى) قاتلىمى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. يەنى ھەر ئىككى
دۈشمەن بەدەندە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولغان (بەش قاتلام
بىرلىكى) بولىدۇ. مەغلۇپلۇق ياكى مەرغۇپلۇقنى ھەربىرى
ئۆزىدىكى ئەشۇ قاتلامنى قانداق بىلىش بەلگىلەيدۇ. ياۋرو-
پالىق دېموكراتىك كۈچلار ئەسلىي سىرنى بىلگەنلىكى ئۈ-
چۈن بىر دۆلەت مەنپەئەتى ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارشى
دۈشمەن سىياسى كۈچ بولمايدۇ، بەلكى ھوقۇق ـ سايلام
رىقابىتى دەل دۆلەت مەنپەئەتىدىكى سىنتېزلىنىش مەسى-
لىسى دەپ، لىبېرىيال دېموكراتىيە (ئەركىنلىكتە تەمكىن
بولۇش) ئەقلى ۋە ئەدلىنى تاپقان. نەتىجىدە ياۋروپا ۋە ئا-
مېرىكا ئەللىرىدە ماركىسىزم ۋە سوتسىيالىزم سىياسىي
كۈچ ئەمەس، بەلكى ئىلمى كۈچ دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

ئۇ سېلىشتۇرۇپ بايقاۋاتقان بۇ مەزمۇنلاردا چوڭ ئىجا-
دىيەت يوقمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ ھەربىر تەلىماتلىق ئەسى-
رىدىلا ئەمەس، ھەتتا ھەربىر قېتىملىق قىسقا دىيالوگ يا-
كى قىسقا-قىسقا جۈملىلىرىدە شۇنداق چوڭقۇر بايقاشلار
ياكى ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ فروئىد كى-
شىلەردىكى سەۋدالىقنى تۈگىتەلمەي: «بالىلار سەۋدايى بو-
لۇپ تۇغۇلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟» دەپ گۇمان قىلسا، ئۇشۇ:
«فىرئىدنىڭ دېگىنى يېرىم ھەقىقەت. بالا ساغلام تۇغۇلغان،
تەربىيەچى ئۇنى سەۋدا قىلدى، گەپ بۇنىڭغا توغرا داۋا قى-
لىشتا» دېگەندەك، دۇنياۋى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ قاپ
ئوتتۇرىسىدىن چىقىپ، ساغلام تۇغۇلغان ئادەمنى سارالڭ
قىلىپ ساقايتىش ئەمەس، ھەتتا ساغلام تۇغۇش ۋە يېتىلـ-
دۈرۈشنىمۇ يېڭىدىن لايىھەلەپ، بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە

تەرىققەتلىك قوزغۇتۇش ئېلىپ كېلىدىغان ئىجادىيەتلەر بار.
چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەرىكەتلىك سوكۇتتە ئالەملىك
ئايلانما كۈچقا زىررىۋى قوشۇلۇپ تۇرۇپ سۇزۇپ چىقىۋاتقان
ئەمەلىيەت ھەقىقەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر دول-
قۇن ھاسىل قىلغاندا، گويا دەريا تاشقىن بولغاندەك بۇرۇن-
قى كىتابى پىكىرلەرنى بېسىپ كېتىدۇ. بىزدىكى گەپ ئا-
ساسلىقى ئۇنى چۈشەنمەسلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانلىق
گىن مەنبەسىدىن تاكى خىمىكال ئىرپانلىققىچە بولغان ئا-
رىلىقتىكى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ تەبىئەت رىتىمىدىكى
كۆيدىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكتۇر. بىز نە-
تىمزى، فروئىدلار ياۋروپادا باش كۆتۈرگەندە مىڭلاپ ئادەم-
نىڭ، ھەتتا ئالىملارنىڭ ئۇلارنى چۈشەنمەي «سارالڭ» دېگەن
دولقۇنلىرىنى ئۇنتۇلۇپ قالساق بولمايدۇ. شۇنداقلا بىز
ئۆزىمىز بولارغا قوشۇلغان دېئالېكتىكىنى قانچىلىك چۈ-
شەندۇق دېگەننىمۇ ئويلىنىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ. شۇڭا،
دەيمەنكى: «ئەي دوستلار، ئەي بەدىئىي توقۇلمىلار بىلەن
سۈنئىي مۇزىكىلارغا بەنت بولغۇچى قېرىنداشلىرىم، ئەقى-
دەڭدىكى جەننەتنى يۈرۈكۈڭدىن ئايرىلغان كاللاڭ بىلەنلا
قوبۇل قىلماي، ھاياتلىقىڭدا جەننىتى بولۇش ئۈچۈن ھەر
كۈنى بىلىنمىگەن دۇنيا ئۈستىدىكى كۆزەتكۈچى، بايقىغۇ-
چى بولغىن، مەھشەرلىك ئىمتىھانىڭنىڭ تەييارلىقىنى ئۆ-
زۈڭنى، ياراتقۇچىڭنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغىن. ھەرىكەتلىك
سوكۇتتىكى يۈسۈپ ئارىمىزدىن شۇنداق ئۆگلۈككى، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىگە چوڭقۇرراق چۆكۈپ باققىن!»

دوستلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇ-
زىنى تەبىئىي ئايلانمىغا بەرمەيدىغان كىتابىي ئۆزلۈكلەر
ئويلاپ يېتەلمەيدىغان جايلار بار، بولۇپمۇ ھەرقانداق ئەسەر
ھەرقانداق مەتبۇئاتتا ئوقۇرمەنلەر بىلەن كۆرۈشكەندە
چوڭقۇر مەزمۇننى چۈشىنىشلىك، يەڭگىل تىل بىلەن ئى-
پادىلەش ئەقەللى تەلەپ. بۇنى يۈسۈپ ھوسەيىننىمۇ ئوبدان
بىلمىكى لازىم. تىلغىمۇ خۇددى ئەسەر قۇرۇلمىسىغا ئوخ-
شاش ئىشلىگەن بولسا، بۇنچىۋالا چۈشەندۈرمە گەپلەرمۇ
لازىم بولماس ئىدى. لېكىن، بىز يۈسۈپكە قېيداش بىلەن
ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئۆزىمىزدى-
كى مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنىشىمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك.
مەسىلەن، مەن تېخى تونۇگۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى تۇرسۇنجان ھەبى-
بۇللا بىلەن ئۇنىڭ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان
«نەۋائىيغا قايتىش» دېگەن ماقالە ئۈستىدىكى كەچۈرمىشنى

ئاڭلىدىمكى، ئۇ مۇشۇ ماقالىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېرىم يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئۆزى چۈشىنىپ ئالالمىغان يۈزلەرچە تەرمىن ـ ئاتالغۇلارغا ئۇچرىغان. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپىدىكى چاغىتاي دەۋرىدىكى تىلىمىزغا پىششىق ئۇستازلاردىن باشقا يەنە، تەسەۋۋۇرىپ ئاتالغۇلارنى بىلىدىغان ئۆلىمالار بىلەن سۆزلىكەن. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ ماقالىدىن دىماللىقتا چۈشىنىپ ئالالمىغان ئون نەچچە ئاتالغۇ ۋە بىر ئوقۇپلا چۈشىنەلمەيدىغان نەزمىلەرگە ئۇچرىدىم ـ دە، ئۇنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا مۇراجەت قىلدىم ۋە بۇلارنى مۇناسىۋەتلىك لوغەتلەردىن ئاقتۇرۇپ ئۆگىنىۋالدىم. قەقنۇس ئەسەرلىرى بىر پۈتۈن تارىخىمىز ئەڭ دەسلەپكى ئەقىل ئۇندۇرمىلىرىدىن ھازىرغىچە نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ، ئەقىل ھۆرلىكىگە ئۇمۇمى يىشىم بېرىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاتالغۇ ۋە سۆزلەرمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ ئۆز ئالدىغا تەلىمات خاراكتېرلىك بىر پۈتۈن دىيالېكتىكىمىزنى ئويلىنىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭدا ئىشلەتمىسە بولمايدىغان ئاتالغۇ ۋە بىزگە تونۇشلۇق بولمىغان مەزمۇنلار بولىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر تىللىرىنى بىلمەيلا قالماستىن، ھازىرقى زامان تىلى ئۈچۈنمۇ ئىزاھلىق لۇغەت ئىزدىمەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇلارمۇ ئۆزىنى بىلمىشكە قاراپ ماڭغانسېرى بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ قەدرىگە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۆزىنى يەنە بىر مەرتىۋە دەڭسەپ كۆرىدۇ. چۈنكى، بىر خەلق ياكى بىر مىللەت نامىنى ھەم ئۇنىڭ سۆزكانىنى ئىزدىگەندە ‹قىيىشقاق، روھلار قويۇپ كەتكەن بەزى سەۋەبلەر بىلەن تارىخى پاكىت بولۇپ قالغان سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى شۇ خەلق تەقدىرىگە كۆيۈنگۈچى غەمگۇزار ئىنسان مەۋجۇتلۇق سىرلىرىنى يەكۈنلەپ مۇھەببەت نېگىزىدىن چىقىپ تاللىغان ئىسمىنى تاللىساق، بۇ خەلقنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىنى بىلگەن ياكى تىكلىگەن بولىمىز. بولمىسا خۇددى مەسخىرە لەقەمنى ئىسمىم دەپ يۈرگەن بىغەم تەكەببۇر بولۇپ قالىمىز. بۇنداقتا، مەيلى شەخسىيەت ياكى جەمئىيەت بولسۇن، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قەدىر ـ قىممىتىنىڭ نېگىزىدىكى ھەقىقەتنى بىلمىگەن ئازغۇن ئەقىدەتلەردىكى بەدەن بىلەن ۋەتەن قالايمىقان كىرىزىس (ئىندىقىراز) ماكانى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ قېرىنداشىم، ئۇنداق قىلماي تارىخىمىزدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئوبدانراق بىر ئويلاپ كۆرۈڭكى، ئۇمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تىلىدىكى ئېغىرلىقنى تۈزەتسۇن. بىزمۇ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەدەبىي ئەسەرلەردەك قارىماي، يېڭى بىر ئىلىمىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئازراق جاپا چېكەيلى. شۇنداق قىلىپ بۇ كىشىنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ماركسىزمچە مەيدانى ۋە كۆپ مىللەتلىك ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ سۇنى سىڭگەن يەرگە سىپىۋاتقان ئەھۋالنى توغرا چۈشىنەيلى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىزگە دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى «مەن ساڭا ئېيتىپ بېرىمەن» دەپ كۆرەڭلىمەيدۇ. لېكىن، ئۇ بىزنى ئىچىمىزدىكى قەندىلىدىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئۆزىمىزنى، چىنلىقنى تېپىۋېلىشقا باشلاپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يولىدا ماڭالىساق، ئۆزىمىز ھەم ياراتقۇچىنى بىلىدىغان يولغا مۇستەقىل كىرىپ قالىمىز.

«870 ـ يىلى 13 ـ ئىمام تاھىرخان مۇھەممەد خۇراسان خانلىقى تەرىپىدىن تارمار بولۇپ، بالىسى فارابى ئانىسى بىلەن دەمەشىق خانىغا بېرىلگەن. فارابى ـــ گىرىك، سىرىس تىللىرىنى ئۆگىنىپ ئەپلاتون، ئارىستوتىل، ئاۋگۇستىن ئەسەرلىرىنى، دىنلار تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ياراتقۇچى ئىشقى ھۆكۈمران ئىدىيە بولىدىغان مەدىنى زامان غايىسىنى ئەسەر قىلغان. بىراق نۇرغۇن سىرلارنى ئەرەب يېرىدە ئېچىپ تاشلىسا، مەنسۇر دارغا ئېسىلغاندەك ئاقىۋەتنى پەھملەپ 950 ـ يىللىرى سامانى نىقابىدا قەشقەرگە كېلىپ شاگىرت تەربىيىلىگەن. بۇلار ھۇسەيىن خەلەب، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (زامان ئۇستازى) بولۇپ، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى «شاھنامە» دىن كېيىنكى ‹شاھادەت ساندۇقى› نى يازغان. ھۇسەيىن خەلەب دىنىنى قىرائەتكە ئوخشاش ئىشقى قىرائەت ـــ مۇقام تەشكىللىگەن. شۇڭا، «مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەيىن ئەجەم دېرلەر» دېگەن رىۋايەت قالغان.[5] مېنىڭچە بۇ كىشىدىنمۇ بىزگە شۇنداق بىر خاتىرە ياكى ئەۋلادقا خاتىرە بولىدىغان رىۋايەتلەر قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ خۇددى ھەقىقەت ئىزدەشكە غەرق بولغان دەرۋىشلەرگە مۇناسىپ ھالدا يەر شارىنى گۇمران قىلىش ۋە يەر شارى قانۇنىغا ئىتائەت بىلەن ياشاش دېگەن ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلگەن «يەر شارىنى ئۇلۇغ پەنجىگاھى ئېھتىياج بىلەن گەردۇنراھى ئېھتىراملىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئۇلۇغ بىرلىك قىلىش مۇمكىن» دەۋاتقان تەمكىن ئالىمدۇر. بىز بولساق ئۇنىڭدىكى دانىشمەنلىككە ئېرىشەلمەي يەنە غاپىللىقىمىز بىلەن ماختانچاقلىق قىلىۋاتقان يەڭگىلتەكلەرمىز. مەن شۇ يەڭگىلتەكلىكىمدىن چىقىپ ئۆزىنى بىلگۈچى تەمكىن بولۇش ئۈچۈن، ئۇنى كەم دېگەندىمۇ 10 يىل ئۆگەندىم. ھازىر نەسىردىن ئەپەندىمگە ئۇستاز بولغان دانىشمەن مويسىپىت ئەپەندىم يوق چاغدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قانمىغان نەسىردىن ئەپەندىم ئۇنىڭ

كۆل كولاش ھەققىدىكى تاپشۇرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرگەنلىكىنى قەبرە ئالدىدا ئۇ پاك روھقا دوكلات قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ «دىنىڭنى تېپىۋالدىڭمۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ سۈكۈتكە چۆمگەن ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەكتىمەن:

«يەر ئۇلۇغۋارلىق ۋە تەنتەنىلىك يوسۇندا يۇلتۇزلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ چوڭقۇر قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۈزۈۋاتاتتى، شامال دەرەخلەرنى شىلدىرلىتاتتى، تۈن قۇشلىرى قىچقىرىشاتتى، ئوت ـ چۆپلەر شەبنەم بىلەن نەملەشكەن ھالدا خۇشبۇي پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ كۆكسىدە يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتاتتى. بۇ دۈپۈلدەشنىڭ ھەممىسىدە ئۇ گەرچە ئۇنى ئېنىق ئاتاپ بېرەلمىسىمۇ، ھېچقانداق شەك-شۈبھىسىز ئۆز ئېتىقادى بارلىقىنى بىردىنلا سەزدى. ئۇنىڭ ئېتىقادى قەلبىدە بارغانسېرى كۈچىيىپ چەتلىرىدىن تاشماقتا ئىدى، لېكىن ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن تەكرارلانمايدىغان بىردىنبىر سۆزنى ئۇ تاپالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سۆزنىڭ قەيەردىدۇر يېقىنلا بىر يەردە بار ئىكەنلىكىنى سېزەتتى؛ ئۇ بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلدى. يالقۇن ئۇنىڭ قەلبىدە خىيالىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى بۈيۈك سۆز بىلەن كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاخىرى ئۇ، ھەددىدىن تاشقىرى زورۇقۇشتىن تاقىتى قالمىغاندەك بولۇپ كۆرۈنگەندە، بۇ سۆز بىردىنلا ئۇنىڭغا يالقۇنلىنىپ كۆرۈندى، پارقىرىدى ۋە لەۋلىرىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، ئۇنى كۆرۈنمەس ئوت بىلەن كۆيدۈردى.

«ھايات!» دەپ خىتاب قىلدى نەسىرىدىن ئەپەندى كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى بايقىماي، ئەندىككەن ۋە تىترىلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىلەر: شامالمۇ، يوپۇرماقلارمۇ، ئوتلارمۇ ۋە ھەتتا يۇلتۇزلارمۇ قىمىرلاپ ۋە تىترىلاپ كەتتى.

ئاجايىپ ئىش، ئۇ دائىم بۇ ئاددىي سۆزنى بىلىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇ بۇ سۆزنىڭ تۈۋى يوق چوڭقۇرلۇقىغا پەقەت ھازىرلا چۈشەندى ۋە ئۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چەكسىز بىر سۆز بولۇپ قالدى.

... ئەنە شۇ خاتىرىلىك كۈندىن يەنى مويسىپىت قەۋرىسى ئۈستىدە كارامەتلىك سۆز ئاڭلانغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئاۋالقىدەك ھايات كەچۈرمەي، باشقىچە ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ھېچقانداق گۇمانسىراشلار بىلەن ئۆزىنى ئازابلىماستىن، ئادىشىپ كېتىشلەر ۋە دۇنيانىڭ باش ـ ئايىغى يوقتەك بولۇپ كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئېزىلمەيدىغان يورۇقلۇقتا ياشاشقا باشلىدى، چۈنكى ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ چېكى، ھەقىقىي ئاچقۇچىغا ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ھەققىدىكى ھېكايە يېڭى كىتاب بولىدۇ. ئۇنى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئىزمۇئىز مېڭىپ كېلىۋاتقان ئورۇن باسارلىرىمىزدىن بىرسى يازىدۇ».[7]

پەقىرنىڭ قارىشىچە، قەقنۇس ئاشۇ «ھايات!» دەپ قىلغان خىتاپلىق بىلەن يېڭى ھايات باشلىغان ئەپەندىمچە بىر يولدا كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ يولىدىن يېڭى ئىز قالىدۇ.

## پايدىلانمىلار

① ياراتقۇچى ئالدىدا پەقىرلىق بىلەن ۋەھدەتتە تۇرۇش، يەنى ئۆزىنى ياراتقۇچىنىڭ بىر زەررە ئاتوم تەركىبى قىلىپ تۇرۇش بىلەن جالال (مەنىۋى پارلىنىش) قا ئىگە بولۇش.

② «ماھايانا» ـــ ماھايان (گەردون) ئەجدادلىرىمىز مىلادىيەنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى كاشانىيان دەۋرىدە «ئون قات ئاسمان ـ ئالەملىك گەردىش ياكى ئون ئاتلىق ھارۋا» مەنىسىدە قوللانغان نام بولۇپ، قەدىمكى ساك ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوغدى تىلىدۇر. «ماھايان» سۆزىدىن تۈرلەنگەن «ماھادىر» دېگەن ئۇقۇم ئون ئاتلىق ھارۋا بىلەن شىر ـ يولۋاس ئۇۋلىغۇچى باھادىر دېگەنلىك بولىدۇ. يەر شارىدىكى پەنجىگامى (بەش قەۋەت) ھاياتلىق قاتلىمى بولغان يەسۇ، ئوت ـ چۆپ، ئوتخور، گۆشخور، ئىنسان تەرتىپىدە ئىنسانلىق ئالىي روھ ماھادىر سۈپەتتۇر (ماھادىر: تىلىمىزدىكى ئارسلان دېگەنلىك بولۇپ، قوش باش بۈركۈت ئىككى پەنجى بىلەن ئىككى شىرنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان، ئىككى شىر بەش ئاتلىق ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىپ بارغان بىر تەسۋىرنىڭ كۈچ بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ.) شۇڭا، بۇ نام شۇ زاماندىكى ئاشۇنداق ھەيۋەتتى بىلەن بۈددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ بىزدىكى نامى بولۇپ قالغان.

③ قەقنۇس: «ئون خۇمايى مۇتلەق ـــ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇلدۇرغۇچى ھەقىقەت، دېگەن ھۆكۈمنىڭ شەرھى بايانى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2007 ـ يىل 2 ـ سان 79 ـ بەت.

④ قەقنۇس: «ئون خۇمايى مۇتلەق ـــ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇلدۇرغۇچى ھەقىقەت، دېگەن ھۆكۈمنىڭ شەرھى بايانى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2007 ـ يىل 1 ـ سان 41 ـ، 42 ـ بەت.

⑤ «ئەزىزى يازغان ‹پەرىدۇددىن ئەتتار›» ناملىق كىتابنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 68 ـ بەت.

⑥ يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) نىڭ «مەخدۇمىنگاھتىكى ئۇلۇغ چېدىر» دېگەن قولىيازمىسىدىن ئېلىندى.

⑦ لېۋنىد سولوۋيوۋ: «نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 886 ـ، 887 ـ بەتلەر.

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدە

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت
ھەزرىتى ئەلى بارات

# تارىخىمىزدىكى تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

تاھىرجان ئەركىن

گېرمانىيە پەيلاسوپى ئېرنىست كاشىر ئۆزىنىڭ «ئادەم ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا ئادەمگە «بەلگىلەشكەن ھايۋان» دېگەن ئېنىقلىمىنى بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «ھەر قانداق بىر مەدەنىيەت شەكلى يىغىپ كەلگەندە بەلگە شەكلى بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بەلگىنىڭ ئىنسان پائالىيىتىدىكى مۇھىملىق دەرىجىسىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، مەيلى قانداق زامان، قانداق ماكان، قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارقىتىش بەلگىلىرى ئىنسان پائالىيىتىدىن مىنۇت - سېكۇنت ئايرىلىپ باققان ئەمەس. چۈنكى تارقىتىش بەلگىلىرى ماددا ۋە ئېنېرگىيە بىلەن بىرگە دۇنيانى تۈزگۈچى ئۈچ ئامىلنىڭ بىرى بولغان ئۇچۇرنى تارقىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاسىتە. روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق بىر پائالىيىتى ئۇچۇرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئۇچۇرلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان تارقىتىش بەلگىلىرىنىڭ رولىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. خۇددى كۈچ تەسىرى بولمىغاندا جىسىمنىڭ نىسپىي تىنچلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغاندەك تارقىتىش بەلگىلىرى بولمىسا ئۇچۇر ئۆز مەنىسىنى تاپالمايدۇ. تارقىتىش بەلگىلىرى ئۇچۇرنى ئىپادىلەشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق بىر پائالىيىتىگە ھەر چاغدا، ھەر جايدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياشايدىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى، تەپەككۇر شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قوللانغان تارقىتىش بەلگىلىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر مەۋجۇد بولىدۇ. چۈنكى تارقىتىش بەلگىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇچۇر تارقىتىش ۋاسىتىسى بولۇپلا قالماي يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە تارىخىي ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس داۋىد پوپېنو (David Popeneo) «مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىنسانلارنىڭ بەلگە ئىجاد قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ ئېيتقان. مۇئەييەن بىر ئۇچۇرنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ۋاسىتە قىلىنغان شۇ بەلگىلەرگە ئۆز دەۋرىنىڭ ۋە مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت تۈسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇزۇن تارىخقا، باي مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭمۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى يوقىلىپ كەتمەي تا ھازىرغىچە جۇلالىنىپ تۇرۇشىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق بەلگىلەرنى ئىجاد قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا قەدىمكى مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مەدەنىيەت يۈكسىلىشىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تارىم ۋادىسىدەك بۇنداق ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن گەۋدىلىك يوسۇندا پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادە قىلىشىنى تەبىئىي شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتكەن. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ زىچ گىرەلىشىشى، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلاردا ئۆز مەدەنىيىتىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرغان. بۇ خىل ئېھتىياج ئاخىرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ تارقىتىش بەلگىلىرىنى قوللىنىشى ئارقىلىق قاندۇرۇلغان. مەن بۇ ماقالىدە قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز قوللانغان ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ تارقىتىش بەلگىلىرى ئىچىدىكى تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. ئەڭ ئىپتىدائىي بەلگە - ئاۋاز

تىل پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئاۋاز ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تارقىتىش بەلگىسى بولغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئاۋاز ئورگانىزملىرى ئارقىلىق ياكى باشقا بۇيۇملاردىن ئاۋاز پەيدا قىلىپ بۇنىڭدىن خىلمۇخىل ئۇچۇرلارنى تارقاتقان. قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز مەيلى ئۇۋچىلىق ئىشلىرىدا بولسۇن ياكى ھەربىي ئىشلاردا بولسۇن ئاۋازدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتكەن. مەسىلەن، ئىسقىرتىش، بۇرغا دۇمباق چېلىش قاتارلىقلار. ئىسقىرتىش قەدىمدە ھەربىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش، ئوۋغا، ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بېرىش مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن. ئەجدادلىرىمىز ئىسقىرتىشنىڭ قېتىم سانى ۋە ئۇدارىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئارقىلىق ئوخشىمىغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەن. مەسىلەن: بۇرۇن ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا سۆيگەن يارىنى چاقىرماقچى بولسا ئىشىكنىڭ

ئالدىغا كېلىپ خۇددى كاككۇك سايرىغاندەك ئۇداردا ئىسقىرتىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ يارىغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان بەلگە ئىدى. بۇرغا ۋە دۇمباق چېلىشلاردىن چىققان ئاۋاز ئارقىلىق قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەن. بۇنداق ئۇچۇرلار ئىچىدە ئۇۋچىلىق ۋە ھەربىي ئۇچۇرلار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە كىچىك دۇمباقنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇۋدا لاچىن ئۇچۇن چېلىنىدىغان دۇمباق دەپ تەبىر بەرگەن. بۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق ئىشلىرىدا دۇمباق چېلىپ كۆندۈرۈلگەن ئوۋ قۇشلىرىغا بەلگە بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار بۇرغا ۋە دۇمباقنى چالغۇ - ئەسۋاب سۈپىتىدىمۇ ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازلارنى كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىغۇچى بەلگە سۈپىتىدە پايدىلانغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت ئالاقىدار يازما ماتېرىياللاردا ۋە سۈرەتلەردە بۇ ھەقتە بايانلار بار.

## 2. ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنا يۈكلەنگەن ماددىي بۇيۇم بەلگىلىرى

ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ يېزىق ئىجاد قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى ئۇزاق جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ تۆۋەن تەلەپتىن تەدرىجىي زورايدى. بىراق يەنىلا فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە قوغدىنىش ئېھتىياج چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچۇر تارقىتىشىمۇ ئەتراپتىكى ھەر قانداق بىر شەيئىگە چۈشەنمەسلىك ئارىلىشىپ كەتكەن سىمۋوللۇق مەنالارنى يۈكلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. جۈملىدىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئەنە شۇ ئەڭ ئاددىي ئۇچۇرلارنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ ماكاندىكى ھەر تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملاردىن بەلگە سۈپىتىدە پايدىلاندى. ئاقىۋەتتە بۇ خىل بۇيۇملار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تارقىتىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى تەبىئىي ماددىي بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر يەتكۈزۈشنىڭ ئورنىنى ئىنسانلار ئۆزلىرى ياسىغان سۈنئىي ماددىي بۇيۇملاردىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئىگىلىدى. تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزمۇ ئوخشاشلا بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ خېلى يۈكسەك تەپەككۇرىنى نامايان قىلدى. ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلغان ماددىي بۇيۇملاردىن بەلگە سۈپىتىدە پايدىلىنىش ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆز ئىپادىسىنى يوقاتقىنى يوق.

**بىرىنچى، خاسىيەتلىك بەلگە —— نان.** نان — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى يېمەكلىكىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشىدا ناندىن ئايرىلالمايدۇ، ناننى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ خىل ئۇلۇغلاشقا ئەمەلىيەتتە نانغا سىغىنىپ كەتكەن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئاساس بولغان. ناننىڭ يۇمىلاق بولۇشىتەك ئالاھىدىلىكى بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ناننى ئۇلۇغلاپلا قالماي يەنە ئۇنى ئۇچۇر تارقىتىشتىكى بەلگە قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار سەپەرگە چىققان كىشىگە نان سوۋغا قىلسا، بۇ سەپەرگە چىققۇچىغا ئاق يول تىلەشتەك سەمىمىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار مېھماننىڭ ئالدىدا ياكى كۈندىلىك غىزالىنىشتا ناننى دۈم قويۇشنى ئېغىر ئالىدۇ. مۇبادا مېھماننىڭ ئالدىدا ناننى دۈم قويسا بۇ شۇ مېھماننى ئىززەت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەلگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇلغان ناننىڭ ئاز - كۆپلۈكىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت - ئىكرامنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە مېھماننىڭ ئالدىغا ناننى ئۈچ تالدىن كەم تىزمايدۇ. خوتەننىڭ كىرىيە ناھىيەسىدە مېھماننىڭ ئالدىغا ئىككەككە تاقاشقۇدەك نان كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ داستىخانغا قويىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇرلاردا يەنە ناننى بىر قىسىم غەيرىي ئىشلاردىمۇ بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىشتەك ئادەتمۇ ساقلانغان. مەسىلەن: قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندا توي ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى قىز تەرەپكە نان ئەۋەتىدۇ. ئەگەر قىز شۇ كۈنگە قەدەر ئىپپىتىنى ساقلىغان بولسا، نانغا ھەر خىل نازۇ - نېمەتلەر قوشۇلۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن رەھمەت - تەزىمنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئوتتۇرىسى تۆشۈك نان ئەۋەتىلىپ، ئايىغى چىقمايدىغان نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ بەلگىسى قىلىنىدۇ. ناننى بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىدىغان بۇ خىل ئادەتلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى مىللىي خاسلىق گەۋدىلىك بولغان ئادەتلەر سۈپىتىدە ساقلىنىپ ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ كەلمەكتە.

**ئىككىنچى، سەلتەنەت بەلگىسى —— بايراق.** بايراق ئۆز جىسمىغا مۇئەييەن بىر ئېتىقاد ۋە مەزمۇننى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئادەتتە بايراق ئاستىغا ئۇيۇشقان كىشىلەر

توپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى بولىدۇ. تارىختا ئۇيغۇرلار بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تېگى كۆك رەڭلىك بايراقنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق بەلگىسى قىلغان. بۇ بايراقتا ئۇلارنىڭ كۆك تەڭرىنى ئۇلۇغلاش، بۆرىنى ئەجداد بىلىشتەك تۇتېم ئېتىقادى مۇجەسسەملەنگەن. ئەجدادلىرىمىز يەنە بايراقنى ئۇرۇش ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىمۇ ئىشلەتكەن.

**ئۈچىنچى، ئۆزىگە ھەمراھ بەلگە —— ھەر خىل قورال-سايمانلار.** تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، ئۇرۇش قوراللىرى ۋە ئەمگەك قوراللىرى ئۆز دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن گورىزونتال ئۇچۇر تارقىتىشتىكى مۇھىم بەلگىلەر سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قورال - سايمانلار ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئارقىلىق كۆپلەپ قېزىۋېلىنغان شۇ خىل بۇيۇملار بىزنى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىدىئال قاراشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى، تەبىئەت - ھايات چۈشەنچىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەردۇر. بىز بۇ يەردە شۇ بۇيۇملارنىڭ تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدىغان بەلگىلىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە توختالمايمىز، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇ جىسىملاردىن قانداق قىلىپ گورىزونتال ئۇچۇر تارقىتىشتىكى بەلگە سۈپىتىدە قوللانغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەجدادلىرىمىز ئوقيانى بەلگە سۈپىتىدە ئەڭ كۆپ قوللانغان. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئوقيا ئاتقا ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان ھەمراھى ئىدى. ئوقيا ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماھىر خۇزخۇرلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى گىرېكچە ئاتىلىشى) ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىنى ئۇچۇر تارقىتىشتىكى بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىشى ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. ئەجدادلىرىمىز ئوقنى ئىنئام - تارتۇقنىڭ بەلگىسى قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ باللىرىغا ئۆز زېمىنىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا ئوق سوۋغا قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەنە بىراۋ ئوقيا چۈشەپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ شۇ چۈشىگە ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشىدىكەنسەن، دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقيانى ئىنئام - تارتۇقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇيدىغان چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى. ئۇرۇش دەۋرلىرىدە يەنى قوماندان قامچا ئارقىلىقمۇ جەڭ ئۇچۇرىنى يەتكۈزگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «خوجا سېلىم» دا: «رۇملۇقلار شاھى ئاخىر بېشىدىن قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ لەشكەرلىرىنى جەڭگە كىرىشكە ئەمىر قىلدى» دېگەن بايانلار بار. بۇ يەردە قامچا «ئۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگۈچى بەلگە بولغان. قوماندانىنىڭ قامچىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇشى «ئۇرۇش بىزدىن ئايلانسۇن، ھۇجۇمغا ئۆتەيلى» دېگەندەك مەنىنى ئىپادىلىگەن.

**تۆتىنچى، ئالاھىدە بەلگە —— ياغاچتىن ياسالغان جىنسىي ئەزا.** ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىنى بىر خىل سىرلىق ھادىسە سۈپىتىدە چۈشەنگەن. نەتىجىدە ئۇلار ئەرلىك، ئاياللىق جىنسىي ئەزالارنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان، بۇ دەل ئىنسانلارنىڭ جىنسىي تېۋىنىش ئادىتى ئىدى. تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياغاچتىن جىنسىي ئەزاغا تەقلىد قىلىپ ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسىي ئەزالارنى ئويۇپ چىققان. لوپنۇردىن تېپىلغان قەدىمىي قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا تەقلىدىي ياغاچ جىنسىي ئەزالار ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇلار لەھەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە بولغان بۇ ئەڭ قەدىمىي ئاممىۋى تارقىتىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. پەرىزىمچە، قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل ئالاھىدە بەلگىنى «يىغاچ» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە «يىغاچ» سۆزىگە ياغاچ، ئەرلىك تاناسىل ئەزا دېگەندەك تەبىرلەرنى بەرگەن. لوپنۇر قەدىمىي قەبرىستانلىقىغا تىكلەنگەن شۇ بەلگىلەرنىڭ ماتېرىيالى ياغاچ، شەكلى جىنسىي ئەزاغا تەقلىد قىلىنغان. روشەنكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى يۇقىرىقى ئاتىلىش بىلەن بۇ خىل ئالاھىدە بەلگىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مۇئەييەن سىمۋوللۇق مەنانى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىگەن ماددىي بۇيۇم بەلگىلىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش تەسكە توختايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق سىمۋوللۇق مەنانىڭ تۇراقلىق بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەجدادلىرىمىز يەنە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي جىسىملارنى بىرگە قوللىنىش ئارقىلىق مۇكەممەل بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى يەتكۈزگەن. قەدىمكى ئاخمانىيلەردىن پادىشاھ دارا ساكلارغا تەسلىم بولمىسا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، ساكلار پادىشاھى ئۇنىڭغا پاقا، چاشقان، قۇش ۋە ئوق قاتارلىق جىسىملار بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىكەن: «ھەي دارا، قۇشتەك تېز ئۇچۇپ كەت. پاقىدەك كۆلگە كىرىۋال ياكى چاشقاندەك تۆشۈككە يوشۇرۇنىۋال، بولمىسا ئوق يەيسەن.» بۇ خىلدىكى تارقىتىشنى ئايرىم جىسىملارنى بەلگە

قىلىپ ئۇچۇر تارقاتقانغا قارىغاندا بىر قەدەر مۇكەممەل دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى تارقىتىشتا بەلگە قىلىنغان جىسىم ئىپادىلەيدىغان مەنا شۇ شەيئىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى ئاساس قىلغان. بۇ خىلدىكى ئۇچۇر تارقىتىش ئادىتىنىمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىن ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «دانىشمەن ئانا»دا پادىشاھنىڭ قىزى گۈلجەمىلە ئاشىقى زەرگەر يىگىتكە ئۆز مەقسىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەينەك، تاغاق، گۈللۈكلەردىن پايدىلىنىدۇ. يەنى مەلىكە يىگىتنى كۆرۈپ يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ ئاۋۋال ئالدىنى، ئاندىن ئارقىسىنى كۆرسىتىدۇ، بېشىدىكى تارغاقنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ كۆلچەككە تاشلايدۇ ـ دە، شىپاڭدىن چۈشۈپ گۈللۈك ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە بۇ مەلىكىنىڭ كۈندۈزى كەلمەي كېچىسى كەل، باغنىڭ كۆلچەككە سۇ كىرىدىغان سۈڭگۈچىنىڭ ۋادەكلىرىنى سۇندۇرۇپ شۇيەردىن كىر، گۈللۈكتە ئۇچرىشىمىز دېگىنى ئىكەن.

ماددىي بويۇملارنى تارقىتىش بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىش ئىنسانىيەت ئۇچۇر تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمىي ئىزنالىرىنىڭ بىرى. بۇنداق بەلگىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىمىي، تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئىزنالارنى بىز بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋىلىققا ياندىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن كۆپلەپ تاپالايمىز.

## 3. ئىلاھىيەت بەلگىسى ـ سىرلىق ئوت ۋە تۈتۈن

ئىپتىدائىي شامان ئېتىقادى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئوتنى ئۇلۇغلايتتى ۋە ئوتقا چوقۇناتتى. بۇ خىلدىكى ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق ئېتىقاد قالدۇقلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوق. توي قىلغاندا قىزنى گۈلخاندىن ئاتلىتىش، ئىسرىق سېلىش قاتارلىق ئادەتلەر ئەنە شۇ ئېتىقادنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى قالدۇقلىرىدۇر. قەدىمدە ئەجدادلىرىمىز ئوت، تۈتۈننى ئىلاھىي بەلگە سۈپىتىدىلا قوللانماستىن، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىكى جەڭ ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان بەلگە سۈپىتىدىمۇ قوللانغان. رايونىمىزدا ھېلىمۇ ئىزىنى يوقاتمىغان قەدىمكى تۇر خارابىلىرى بۇ خىل تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ روشەن شاھىتىدۇر. يەنى ئەجدادلىرىمىز بۆرە مايىقىنى كۆيدۈرۈشتىن چىققان ئىسنىڭ ئېغىر بولۇش، شامالدا ئاسان ئېغىپ كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى ئۈنۈملۈك يەتكۈزگەن. بۆرە مايىقىنى كۆيدۈرۈشتىن چىققان ئىسنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى، ئوت يالقۇنىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ئارقىلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئۇچرىتالايمىز. چۆچەكلەردىكى باتۇر، زېرەك باش پېرسوناژلار ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانات ياكى قۇشلاردىن بولغان دوستلىرىنىڭ تۈك، پەيلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ۋە تۈتۈننى تارقىتىش بەلگىسى قىلغانلىقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلىرى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار ئوتنى بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىدۇ. بىراۋ چۈشىدە ئوت كېتىپ چۈش كۆرسە باشقىلار ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىگە «باي بولىدىكەنسەن» دەپ تەبىر بېرىدۇ. بۇ خىل تەبىر ئوتنى بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىغان چۈشەنچىنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى كېيىنكى ساقىندىلىرى.

## 4. ئۇچۇر تارقىتىش ئىشلىرىدىكى يېڭى سەكرەش ــ ئۆتكۈنچى يازما بەلگىلەر

ئۆتكۈنچى يازما بەلگىلەر بولسا ماددىي بويۇم بەلگىلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئىلغار بولغان تارقىتىش بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ھەر خىل بويۇملارنىڭ سىرتىغا سىزىپ قالدۇرۇلغان، يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاساس بولغان شەرتلىك بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇ خىل بەلگىلەرنى خېلى كۆپ قوللانغان. بۇنداق بەلگىلەر كۆپىنچە ھەر خىل قول ـ ھۈنەر بويۇملىرى ۋە قىيا تاشلارغا سىزىپ قالدۇرۇلغان. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ساپال بويۇملاردىن ۋە قىيا تاشلاردىن بۇنداق بەلگىلەرنى كۆپ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن: «☉» بەلگىسى قۇياش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «⋀⋀» بەلگىسى تاغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق ئېتىقاد دەۋرىدىكى تاغقا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. «○—○، ⊕—⊕» بۇ ھارۋا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. پەرىزىمچە، «○—○» ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھارۋىنى، «⊕—⊕» تىنچ تۇرغان ھارۋىنى ئىپادىلىسە كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە رايونىمىزدىن يېزىق ھەرپلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلەرمۇ تېپىلغان. پىچان ناھىيەسى لەمجىن غولىدىكى بىر قورام تاشقا ئەنە شۇنداق بەلگىلەر ئويۇلغان.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئۆتكۈنچى يازما

بەلگىلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نەققاشلىق، ياغاچچىلىق، ئويمىچىلىق نۇسخىلىرىغا ئايلىنىپ، بىزگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان، سەنئەت ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدىغان بەلگىلەردىن بولۇپ قالدى.

## 5. سالاھىيەتلىك بەلگە - تامغا

ئۇيغۇر تىلىدا «تامغا» سۆزى ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىرى، بەلگە چۈشۈرىدىغان ئەسۋاب. يەنە بىرى، شۇ ئەسۋابتىن چىققان ئىز، ئەن، يەنى بەلگە. ماقالىمىزنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تامغا سۆزى ئىككىنچى خىل مەنىسىدە يەنى ئىز، ئەن، بەلگە دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

تامغا تارىختا ھەرقايسى خان - بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي — ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى خەت - چەكلەردە، جۈملىدىن خان ۋە بەگلەرنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدا، شۇنداقلا ئاۋام خەلقنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھۆججەت ۋە خاس مۈلۈكلەردە ئىشلىتىلىپ، دۆلەت تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان، ئىجاد قىلىنغان خاس بەلگە. تامغا شەكىل جەھەتتىن ئۆتكۈنچى يازما بەلگىلەرگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ رەسمىيلەشكەنلىكى ۋە قېلىپلاشقانلىقى بىلەن ئۆتكۈنچى يازما بەلگىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان رەسمىيلىشىش ۋە قېلىپلىشىش تامغىلارنىڭ مۇئەييەن تەۋەلىك ۋە سالاھىيەت مەنىسىگە ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ نېمە مەقسەتتە قوللانغانلىقىغا ئاساسەن تامغىلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، تەستىق - شاھىدلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تامغىلار. يەنى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئىشلاردا مۇئەييەن شەخسىي سالاھىيەت ياكى ئورگاننىڭ سالاھىيىتىنى بىلدۈرىدىغان خاس بەلگە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتتىكى مەزمۇننى تەستىقلىغانلىق ياكى شاھىد بولغانلىقنى بىلدۈرىدىغان تامغىلار. بۇ خىل تامغىلار تۇرپاندىكى قەدىمىي توختام تۈرىدىكى ھۆججەتلەردە ۋە چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت بىر قىسىم يازما ھۆججەتلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ چاغاتاي دەۋرىگە ئائىت بىر قىسىم ھۆججەتلەرگە 50 - 60 تامغا بېسىلغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇلار ئارىسىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدىغان ئىككىسىنى زادىلا تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن تامغىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئومۇملىشىش دەرىجىسىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا نەقەدەر كەڭ قوللىنىلغان بەلگە تۈرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىككىنچى تۈرى، پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە قوللىنىلغان تامغىلار. ئەجدادلىرىمىز تارىختا بىر ئۇرۇقنىڭ مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاغلىرىنى يەنە بىر ئۇرۇقنىڭكىدىن، بىر ئائىلىنىڭ مال - مۈلۈك، ئات - ئۇلاغلىرىنى يەنە بىر ئائىلىنىڭكىدىن پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىدە قوللانغان تامغىلارنى كۆرسىتىدۇ. نىكولسكى «ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مەدەنىيىتى» دە، كۆچمەن قەۋملەردە ئاتلارغا ئىگىلىرىنىڭ تامغىلىرى بېسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ مال - ۋارانلىرىغا سالىدىغان تامغا بەلگىلىرىدىن ئۇچۇر بەرگەن. ئۇلاغلارغا تامغا سېلىش، ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ مەۋجۇت. يېزىلاردا چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر ھېلىھەم ئۇلاغلىرىغا تامغا سالىدۇ.

ئۈچىنچى تۈرى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەقسىتىدە قوللىنىلغان تامغىلار. بۇ خىلدىكى تامغىلار خەت - چەك ئالاقىلىرىدە، خەت چەكلەرنى باشقىلارنىڭ ئوقۇۋېلىپ، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە خەت - چەكلەرنىڭ پىچەتلەنگەن جايىغا سېلىنغان خاس بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. خوتەننىڭ نىيە خارابىلىكىدىن تېپىلغان قەدىمكى قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەر تامغىلانغان كىگىز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن سېغىز لاي بىلەن پىچەتلەنگەن. بۇخىل تامغا بەلگىلىرى ئاساسەن ئادەم بېشى ياكى گۈل نۇسخىلىرى بولغان. ئەجدادلىرىمىز تامغىلاردىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەخپىيەتلىكنى قوغدىغان. تامغا — ئەجدادلىرىمىز كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەڭ كۆلەمدە قوللانغان خاس بەلگە بولۇپ، ئۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

## 6. ھەرىكەتتىكى بەلگە — بەدەن تىلى

بەدەن تىلى بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى ياكى ئايرىم ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل ئۆزگىرىش ھالەتلىرى ئارقىلىق مۇئەييەن ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بەلگىدۇر. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، بەدەن تىلى قۇرۇلما جەھەتتىن ئاغزاكى تىل بىلەن پاراللېللىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بەدەن تىلى سىستېمىسىدىكى ھەر قانداق بىر ھالەت بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئوخشاشلىقتا ئىگە. دېمىسىمۇ ئادەم سۆزلىگەن چاغدا ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملىنىڭ مەنىسىگە قارىتا

ئوخشىمىغان، شۇ خىل مەنىلەرگە ماسلاشقان بەدەن تىل بەلگىلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. كىشىلەر ھەرۋاقىت بەدەن تىلى بەلگىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئورتاقلىقتىن بولسا كېرەك، بىز قوللىنىدىغان نۇرغۇن بەدەن تىل بەلگىلىرى دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە. مەسىلەن، بىرەر ئىشنى ماختىغاندا باش مالتاقنى چىقىرىش، باشقىلارغا خوش دېگەندە قول پۇلاڭلىتىش قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت، ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە بەدەن تىل ئادەتلىرىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇراسىملىرى، ھېيت ـ ئايەملىرى ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا بەدەن تىلىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش بەلگىلەر سىستېمىسى

| قەبىلە نامى | تامغىسى | قەبىلە نامى | تامغىسى | قەبىلە نامى | تامغىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| قىنىق |  | بوگدۇر |  | ئۆرەگىر |  |
| قايىغ |  | بايات |  | توتىرقا |  |
| بايۇندۇر |  | يازغىر |  | گۆلايۇدلۇغ |  |
| ئىۋا |  | ئەيمۇر |  | توگەر |  |
| سالغۇر |  | قارابولۇك |  | پەچەنەك |  |
| ئافشار |  | ئالقا بولۇك |  | چۇۋۇلدار |  |
| بەكتىلى |  | ئىگدىر |  | چەبنى |  |

نى ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كۆرۈشكەن چاغدا ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ ئازراق ئېگىلىدۇ. بۇ سالام قىلغۇچىنىڭ قارشى تەرەپكە چىن كۆڭلىدىن سالامەتلىك تىلىگەنلىكى ۋە ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چوڭلار يەنە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا ساقىلىنى تۇتاملايدۇ (ئۇيغۇرلار ساقالنى چوڭ بىلىدۇ، ئۇيغۇر چوڭلىرى ئارىسىدا ساقال قويۇش ئادىتى ئومۇملاشقان).

چۈنكى ئۇيغۇرلار ساقال قويۇشنى ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ، دانالىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە ساقىلىنى تۇتاملاش ئاچچىقىنى كەلتۈرگۈچىگە «مېنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىمگە دەخلى ـ تەرۇز قىلدىڭ» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزىدىغان بەلگە ھېسابلىنىدۇ). ئۇيغۇرلار يەنە بىرەر ئىش نەتىجىلىك بولمىسا قولى بىلەن پېشانىسىنى ئۇرىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، پېشانە مېڭىنىڭ ئاساسىي قىسمى جايلاشقان ئورۇن، مېڭە بولسا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سالىدىغان جاي. پېشانىگە ئۇرۇش «ھەي مېنىڭ ئەقلىم نەگە كەتكەندۇ» دېگەندەك خاپىلىق، پۇشايمان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە بىر قىسىم بەدەن تىلى بەلگىلىرىنى تابۇ دائىرىسىگە كىرگۈزگەن (تابۇ ئىنگلىزچە taboo سۆزىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن چەكلەنگەن ئىش ـ ئادەتلەر دېگەن مەنىدە). مەسىلەن، ئىشىكنى يۆلەپ ئولتۇرۇش. بۇ خىل بەدەن تىلى ئۇيغۇرلاردا غېرىپ ـ مىسكىنلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئادەتتە چوڭلار بالىلارنىڭ ئىشىك يۆلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. چوڭلارنىڭ ئالدىدا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرۇش، چوڭلارنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتۈش، باشقىلارغا تاپىنىنى توغرىلاپ ئولتۇرۇش قاتارلىق بەدەن ھالەتلىرىنى ئۇيغۇرلار ئېغىر ئالىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ھالەتلەرنى ھۆرمەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىلكىشنى يامان كۆرىدۇ، شۇنداقلا قاتتىق ئېغىر ئالىدۇ. بۇنى ئۇيغۇرلار ھۆرمەتسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇپلا قالماي، بەلكى تازىلىققا رىئايە قىلمىغانلىق دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلار ئايرىم بەدەن تىلى بەلگىلىرىگە ئالدىن بېشارەت بەلگىلىرىنى يۈكلىگەن. مەسىلەن، كىچىك بالىلار بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چاتىرىقىدىن قارىسا، چوڭلار «بالا يول كۆرۈۋاتىدۇ، قارىغاندا ئۆيگە ئەزىزلەر (مېھمانلار) كەلگۈدەك» دەپ ئېيتىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماننى ئەزىز بىلىشتەك ئادىتىنىڭ بەدەن تىلى بەلگىلىرىدىكى ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي خاسلىق گەۋدىلەنگەن بەدەن تىلى بەلگىلىرى ئىجادىيىتى يەنە سەنئەتلەشكەن بەدەن تىلىنى ئىجاد قىلىشىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇندىن باشقا يەن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەدەن تىلىنى سەنئەتلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئۇسسۇل ماھىيەتتە سەنئەتلەشكەن بەدەن تىلى بەلگىلىرى سىستېمىسىدۇر. ئۇيغۇر دولان ئۇسسۇلىدىكى ئۇنداق بەك ئۈزلۈكقىمۇ، ئارتۇقچە قوپاللىققىمۇ ياتمايدىغان ھەرىكەتلەر ۋە ھەر خىل ھالەتلەر بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ

قەدىمكى ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ ئاددىي كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىدۇ. دولان ئۇسسۇلىدىكى ھەر خىل ھەرىكەتلەردىن بىز ئۇۋ كۆزىتىۋاتقان، ساداق كېرىۋاتقان مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بەدەن تىلى بەلگىلىرىنى بىر قاراپلا ھېس قىلالايمىز. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەدەن تىلى بەلگىلىرىنى ئىجاد قىلغان، شۇنداقلا بۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇئەييەن ئۇچۇر ئىپادىلەيدىغان ۋاستە قىلىپ قوللىنىپ، ئۆزگىچە بەدەن تىلى مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان.

## 7. گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىم

كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىملەر يالغۇز بەدەن ئەزالىرىنى قوغدايدىغان بۇيۇم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىشلەتكۈچىگە مۇناسىۋەتلىك مۇئەييەن ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بەلگىلەردۇر. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار فىزىئولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە قوغدىنىش ئېھتىياجى بويىچە، مەسىلەن، بەدەننى ئىسسىق ساقلاش، بەدەن ئەزالىرىنى قوغداش، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن بەدەننى يېپىنچاقلىغان ۋە يۈزلىرىگە ھەر خىل غەيرىي شەكىللەردە گىرىم قىلغان. ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى فىزىئولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە قوغدىنىش ئېھتىياجىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆزىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى تۇغۇلغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلاردا ئېستېتىك تۇيغۇ كۈچىيىپ گۈزەللىككە ئىنتىلگەن. نەتىجىدە ھەر خىل پاسوندىكى كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىپ كىيگەن ۋە ھەر خىل تەبىئىي گىرىم بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ چىرايىنى ھۆسنلىگەن. ئاخىرى كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىم بۇيۇملىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىپادىلەيدىغان گۈزەللىك بەلگىلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەك ۋە گىرىمدەك پورترېت بەلگىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. خەلقىمىز ئارىسىدا «چىراي سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دېگەن ماقال بار. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرى: «چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزەڭ كىي، ياخشى تائامىڭنى مېھمانغا بەر» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. روشەنكى، يۇقىرىقى ھېكمەتلەر خەلقىمىزنىڭ پورترېت بەلگىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىدا تا ھازىرغا قەدەر تارقىلىپ كەلمەكتە.

**بىرىنچى، باش كىيىم.** ئۇيغۇرلار باش كىيىم كىيىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. ئادەتتە باش كىيىمنى قالايمىقان يەرگە قويۇشنى (ئاياغ تەرەپكە قويۇش، تاشلاش)، باش كىيىمدىن ئاتلاش، تېپىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. باش كىيىم ئۇيغۇرلارنىڭ پورترېت بەلگىلىرى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ھەر خىل تۈردىكى باش كىيىملەرنى ئىجاد قىلغان. چەرچەن زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قالپاق، تۇماق، قۇلاقچا، تور بۆك، پوسما، رومال قاتارلىق ھەر خىل باش كىيىملەر بۇنىڭ ئىسپاتى. ئومۇمەن، رايون پەرقى، كەسپىي پەرق، ياش ـ قۇرام پەرقى، جىنسىي پەرق تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى كۆپ خىللاشقان. بىر كىشىنىڭ باش كىيىمگە قاراپ ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ۋە ياش ـ قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە باش كىيىم كىيىش ئادىتى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، باش كىيىم يەنىلا ھەر تۈرلۈك مۇراسىملاردا كىيىلىپ باشقىلارغا كىيگۈچىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقىدەك ئۇچۇرلاردىن مەلۇمات بېرىدىغان مۇھىم پورترېت بەلگىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى، ئۈستىباش كىيىملىرى.** ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە تارىخىي جۇغراپىيەلىك شارائىت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمدىن تارتىپ بەدەن كىيىملىرىدە روشەن مىللىي خاسلىقنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە جىنسىي پەرقنىمۇ ئىپادە قىلغان. يەنى بەدەن كىيىملىرى مىللىي كىملىكنىڭ ۋە جىنسىي پەرقنىڭ روشەن پورترېت بەلگىسى بولغان. بۇرۇن ئۇيغۇر ئەرلىرى سىدام ۋە يوللۇق رەختلەردىن ئالدى ئوچۇق تون، ئۇزۇن تامبال (ئىشتان) كىيگەن، بېلىگە ھەر خىل رەختلەردىن پوتا باغلىغان. ئاياللار بولسا ئۆزىنىڭ گۈزەللىك تەلىپى ۋە فىزىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن گۈللۈك ۋە رەڭدار رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەك، ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان تامبالتەك ياقىلىق جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى كىيگەن. يۇقىرىقىدەك كىيىنىش ئادەتلىرى ھېلىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپلەپ كۆرۈلىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئاياغ كىيىملىرى.** ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن كىگىز پايپاق، ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك قاتارلىق ئاياغ كىيىملەرنى كىيگەنلىكى مەلۇم. ئاياغ كىيىملەر گەرچە كىيگۈچى ھەققىدە بىر قەدەر كونكرېتراق بولغان ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىسىمۇ،

ئۇيغۇر موزدوزلىرىنىڭ چىۋەر قولىدىن چىققان بۇ ئاياغ كىيىملەر روشەن جىنس پەرقىنى ئىپادە قىلغان. ئادەتتە ئەرەنچە ئۆتۈكلەر قوپالراق ھەم سىدام تىكىلگەن. ئايالچىلىرى بولسا سىپتا، نەقىشلىك تىكىلگەن. ئاياغ كىيىملىرىمۇ ئوخشاشلا مىللىي خاسلىقنى ۋە جىنس پەرقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان يەنە بىر تۈرلۈك بەلگە ھېسابلىنىدۇ. قەدىمدە كىيىم ـ كېچەكلەر يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پورترېت بەلگىلەردىن بىرى بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئايغا چوقۇنىدىغان قەبىلىلىرىنىڭ ئاق مۇراسىم كىيىمى، كۈنگە چوقۇنىدىغان قەبىلىلىرىنىڭ قىزىل مۇراسىم كىيىمى كىيگەنلىكى مەلۇم.

ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپلا ياسىنىش ۋە پەردازلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ خېلى يۈكسەك ئىجادىي تەپەككۇرىنى نامايان قىلغان. بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇسما، خېنە قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاچ، قاش، كۆز، قول، پۇتلىرىنى زىننەتلىگەن ۋە ئاسرىغان. خېنە ۋە ئۇسما قويۇش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىككە گۈزەللىك قوشقۇچى خاس بەلگىلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە چاچ گىرىمىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئاياللارنىڭ ئىچكى كۆڭلۈك، شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىپادىلەشنى ياقتۇرمىغانلىقىدىن، بولۇپمۇ ياش ـ قۇرامىنى دېيىشنى ياقتۇرمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ تەخمىنىي ياش ـ قۇرامىنى، توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، تۇل ياكى ئەمەسلىكىنى، نەۋرىلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئوخشىمىغان چاچ گىرىملىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان.

ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلار چاچلىرىنى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر، ھەتتا قىرىق بىر قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ، ھەرگىز جۈپ قىلىپ ئۆرمەيدۇ، تاق ئۆرۈيدۇ. پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. پاتاڭ چاچ قويمايدۇ. چوكانلار (توي قىلغان قىزلار) چېچىنى جۈپ ئۆرۈيدۇ ھەم ياڭاق سېكىلەك چاچ قويىدۇ. تۇل قالغان جۇۋانلار ياڭاق سېكىلەك چاچ قويۇش بىلەن بىرگە يەنە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز...تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. نەۋرىلىك بولغان ياشانغان ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ چاچ تەڭگە بىلەن جۈپلىشىۋالىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ گىرىمى، ئۆزگىچە مىللىي خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان گۈزەللىك بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە چاچ گىرىمى قىلغان ئايالغا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگۈچى خاس بەلگىدۇر.

ئومۇمەن، ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ تارقىتىش بەلگىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتقان. يەنە كېلىپ، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا مىللىي خاسلىق روشەن ئىپادىلىنىدىغان خاس بەلگىلەرنى ئىجاد قىلىشتا ۋە بېيىتىشتا ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى نامايان قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرىنىڭ بۇنداق كۆپ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇشى بىر تاساددىپىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلارغا ئىگە. ئالدى بىلەن مەركىزىي ئاسىيادەك بۇنداق تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلغان؛ قۇملۇق، بوستانلىق، يايلاق ئېكولوگىيەسى زىچ گىرەلىشىپ كەتكەن ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت ئەجدادلىرىمىزنىڭ خىلمۇخىل تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرىنى ئىجاد قىلىشى ۋە قوللىنىشى ئۈچۈن ئىلھام بەخش ئەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەجدادلىرىمىز تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا تارىخىي ئىزچىللىقنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ كەلگەن. ئۇلار قوللانغان تارقىتىش بەلگىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز تىلسىز تارقىتىشنى تەبىئىي جىسىملار ئارقىلىق ئۇچۇر تارقىتىشتىن سۈنئىي بۇيۇملار ئارقىلىق ئۇچۇر تارقىتىشقا ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق ئۇچۇر تارقىتىشتىن، ئابستراكتلاشتۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىجاد قىلغان قوپال سىزمىلارغا، قوپال سىزمىلاردىن تېخىمۇ ئابستراكتلاشتۇرۇلغان ئۆتكۈنچى يازما بەلگىلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ خىل ئىزچىللىق جەريانىدا ئەجدادلىرىمىز يېڭى بىر خىل تارقىتىش ئۇسۇلىنى ئىختىرا قىلىش بىلەن كونىسىدىن ۋاز كەچمىگەن، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيەت قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ خىل ئىجادچانلىق ۋە ۋارىسچانلىق ئۇيغۇر تىلسىز تارقىتىش بەلگىلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى ئىچكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئەتكەن.

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابدۇقەييۇم مىجىت

## 1. مۇقەددىمە

«مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» (culture change) — «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» (social change) ياكى «ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» (change – socio – cultural) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئىنسانشۇناسلار «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئىشلەتسە، جەمئىيەتشۇناسلار «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى بار دەپ قارىسا، بەزىلەر بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقى يوق دەپ قارايدۇ. پەرقى بار دەپ قارىغۇچىلار ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەمئىيەت سىستېمىسى قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيەسىنىڭ ئالمىشىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. پەرقى يوق دەپ قارىغۇچىلار ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدۇر، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە «ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەشەببۇس ۋە كۆز قاراشلىرى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق كۆپلىگەن فىلولوگىيە پەنلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە قاتلاملىرىنى شەرھىيلەش ۋە چۈشىنىشتە بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ مۇھىم. ئوخشاش بولمىغان ئېقىمدىكى ئىنسانشۇناسلارنىڭ «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ئۇقۇمىغا بەرگەن تەبىرلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. گېرمانىيە مەدەنىيەت چەمبىرى ئېقىمىدىكى ئالىملار مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى — ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت دەپ قارىسا، ئەنگلىيەلىك مەدەنىيەت تارقىلىشى ئېقىمىدىكىلەر مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ كۆچۈش دولقۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزئارا بېرىكىشى ۋە سىڭىشىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ئۇقۇمىنىڭ ئورنىغا «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، «جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ۋە «ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» دېگەن ئۇقۇملارنى كۆپ ئىشلىتىشىدۇ. ئەنگلىيە فۇنكسىيە ئېقىمىنىڭ تەرەپدارلىرى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى «مەدەنىيەتنىڭ ياتلىشىشى»، «مەدەنىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى» دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، دۇنيادا قايتىدىن مەدەنىيەت تەتقىقاتى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ئامېرىكىدا يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى، مەدەنىيەتنىڭ ياتلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن ئۇقۇملار ئىلىم ساھەسىدە قايتىدىن مودا بولۇشقا باشلىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا «جەمئىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى ياكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» دېگەن ئاتالغۇلار مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى «مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن پاراللېل ھالەتتە ئىشلىتىلدى. بەزىلەر پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى — ئوخشاش بولمىغان مىللىي تونۇش ۋە ئۇيۇنتۇشنىڭ شەخسنىڭ پىسخىكىسىدىكى (روھىي ھالىتىدىكى) ئۆزگىرىش جەريانى دەپ تەبىر بەرسە، بەزىلەر مەدەنىيەتكە ماسلىشىش نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى — قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق ھالدا ماسلىشىش جەريانى، دەپ تەبىر بەردى، يەنە بەزىلەر ھازىرقى ئىلىمنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى ئاز ئېنېرگىيەدىن كۆپ مىقداردىكى ئېنېرگىيەگە، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئېنېرگىيەدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېنېرگىيەگە ئېرىشىش جەريانى، دەپ قاراشتى. قىسقىسى، ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيە ۋە ئېقىمدىكىلەرنىڭ «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ئۇقۇمىغا بەرگەن ئېنىقلىمىسى ئوخشاش بولمىدى. چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئېنىقلىما ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ئۇقۇمىغا بېرىلگەن تەبىرلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى — مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشى ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىلىق ئۆزگىرىشى، شۇنداقلا مەدەنىيەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆزلۈكىدىن يېڭى مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايمىز. ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى بىر ھەقىقەت. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئا-

مىللار ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى چوقۇمكى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەت مۇقىم، تىنچ بولغان مەزگىللەردە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ئاساسلىق مەدەنىيەتنىڭ جۇغلىنىشىدا ئىپادىلەنسە، جەمئىيەت تەۋرىنىش، داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرغان مەزگىللەردە بىر پۈتۈن مەدەنىيەتتە سۈپەت خاراكتېرلىك جىددىي ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مۇئەييەن ۋە ئىنكارى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ، ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىش ياكى توختاپ قېلىش، چېكىنىش، يوقىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۆنىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەيلى ئۆز مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ سىرتقا تارقىلىشى، تارىلىشى بولسۇن ياكى يات مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى بولسۇن ھەممىسى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە كىرىدۇ. مەدەنىيەتتىكى سىرتقا تارقىلىش، تارىلىش، سىڭىپ كىرىش، قوبۇل قىلىنىش قوش يۆنىلىشلىك ھالەتتە بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئۆز ئەتراپىدىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇناسىپ رەۋىشتە تەڭشەپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ھەر خىل تەبىئىي ئۆزگىرىش ياكى ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن بىر مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى مەدەنىيەتنىڭ يادرولۇق رايونىدىمۇ يۆتكىلىش، ئالمىشىش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، بىز مەدەنىيەت ئۆزگىرىش شەكلى (ياكى دائىرىسى) نى شۇ مەدەنىيەتنىڭ چەمبىرىكى ۋە قاتلىمىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكى ۋە قاتلاملىرى ئارىسىدىكى تەسىر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ قارىيالايمىز.

«مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئېنىقلىمىسىدا بەزى ئوخشىماسلىق ۋە ئىختىلاپلار بار. بەزى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرى ھەربىر مەدەنىيەت بولسا بىر خىل تەشكىللىك، سىستېمىلىق گەۋدە، شۇڭا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى يەككە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ياكى مەدەنىيەت مەزمۇنىنىڭ ئالمىشىشى، كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار پەقەت مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىلا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھېسابلاپ، مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەل قارىغان. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر مەيلى كۆرگىلى بولسۇن - بولمىسۇن ھەرىكەت ھالىتىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرىكەت مۇتلەق، تىنچلىق نىسپىي بولىدۇ، ئۆزگىرىش تەدرىجىي ئۆزگىرىش بىلەن توختاۋسىز ئۆزگىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشىنى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىشىنى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى دەپ قارىماسلىق، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم ئىنسانشۇناسلار بۇنداق قاراشنى رەت قىلىدۇ. رەت قىلغۇچىلارنىڭ قارىشى شۇكى، ئۆزگىرىش دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھادىسىسى، مەدەنىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى، مۇقىملىقى بولسا نىسپىي بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مەدەنىيەتنىڭ ھەر قانداق تەرەپتىكى ھەر قانداق ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىشى، ئۇ ماددىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى، مەدەنىيەتنىڭ يەككە ئالاھىدىلىكى ۋە بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

بارنېت (H.G.Barnett) نىڭ «يېڭىلىق يارىتىش: مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسلىرى» (1953 - يىلى) ناملىق ئەسىرى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يېڭىلىق يارىتىش بارلىق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسى دېگەن يەكۈننى چىقارغان. يېڭىلىق يارىتىش تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش، كەشىپ قىلىش ۋە بايقاش، تارقىلىش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بۇلار مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ يولى ۋە جەريانى. مەملىكىتىمىز جەمئىيەتشۇناسى سۇن بېنۋېن ئەپەندى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە «مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىسىدىكى ئۆزگىرىشتۇر» دەپ تەبىر بەرگەن. ئىنسانشۇناس شى يىلۇڭ ئەپەندى 1986 - يىلى ئېلان قىلغان «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى» ناملىق ئەسىرىدە: «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى — مەدەنىيەت مەزمۇنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئالدىنقىسى يەككە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ياكى مەدەنىيەت تۈپىدىكى مۇستەقىل ئۆزگىرىش، كېيىنكىسى مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ياكى كۆپ قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماگۇاڭخېي ئەپەندى «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرىدە: «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ كۆرسىتىدىغىنى تېخنىكا، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە ھەرىكەت مىزانى قاتارلىق تەرەپلەردە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش جەريانلىرىدۇر» دەيدۇ. ئومۇمەن، ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە بەرگەن ئېنىقلىمىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئاساسەن ئوخ-

شىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە ئېنىقلىما بەرگەن ياكى ئۇنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا ئالدى بىلەن كۆزدە تۇتۇلىۋاتقان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ دەۋر چېكىنى ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى قىسقا ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشمۇ ياكى دەۋرىي ئۆزگىرىشمۇ ۋە ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆزگىرىشمۇ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى قىسقا مەزگىللىك ئۆزگىرىشمۇ ياكى مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن جەريانىدىكى ئومۇمىي ئۆزگىرىش ھالىتىمۇ دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلىۋالغاندا ئاندىن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى ئەتراپلىق، چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ ھەمدە ھەر خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەدەنىيەتتىكى نۇرغۇن كىچىك، قىسقا مەزگىللىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ جۇغلىنىشى، توپلىنىشى بىلەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ ھەمدە سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈش جەريانى روياپقا چىقىدۇ. ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە بەرگەن تەبىر ۋە ئېنىقلىمىلىرىدا مۇئەييەن پەرقلەر بولسىمۇ، بۇ قاراشلارنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) مەدەنىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى، مۇقىملىقى نىسپىي بولىدۇ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. بۇ قاراش ھەرىكەت مۇتلەق، تىنچلىق نىسپىي بولىدۇ، دەيدىغان پەلسەپىۋى قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2) ئىنسانشۇناسلار ئالدىنقى مەزگىللەردىكى ئالىملارنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى پەقەت مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش، يەنى مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىلا كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشتىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار مەدەنىيەتنىڭ تىك (ۋېرتىكال) ئۆزگىرىشىگىلا دىققەت قىلىپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەتنىڭ توغرا يۆنىلىشلىك ئۆزگىرىشى ــ مەسىلەن، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كېتىشىگىمۇ دىققەت قىلدى.

3) مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشىگىلا دىققەت قىلىپلا قالماي، مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇن ئۆزگىرىشىگىمۇ دىققەت قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مەدەنىيەتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەمدە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى يېڭىلىق يارىتىش، تارقىلىش، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش، سىڭىشىش، توقۇنۇش، ماسلىشىش، قوشۇلۇش، ئاسسىمىلاتسىيە ۋە تەرتىپكە سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت ھەرىكەت ھالىتىدىكى جەريانىدا تەتقىق قىلىنىدۇ.

## 2. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇلى

1) تارىخنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا مەدەنىيەتنىڭ تارىختىكى ھەر قايسى تەرەققىيات باسقۇچى ۋە قاتلاملىرىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ھۆججەت، ۋەسىقىلەر، ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى، ئەسلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆتمۈشتىكى تارىخنى تەتقىقات يۈزىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىغا تايىنىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن بىر «نۆل نۇقتا» نى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ بېكىتىۋېلىش كېرەك. بەزى ئالىملار بۇ قاراشنى ئىلمىي ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قاراش بويىچە بولغاندا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە باشلىشىنىڭ ئالدىنقى نۇقتىسى تىنچ ھالەتتەك تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىلىشىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى ئۆلچەملىك سىزىق قىلىۋېلىپ، ئىككى مەدەنىيەت ئارىلاشقان، ئۇچراشقاندىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

2) كەسمە يۈز تەھلىلى ئۇسۇلى. بۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تەتقىقاتىدا ئەڭ ئېقىۋاتقان ئۇسۇل بولۇپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. ئىككى خىل مەدەنىيەت ئارىلاشقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىش ئەندىزىسى ۋە جەريانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپكە قوللانغان پوزىتسىيە، مەدەنىيەت توپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، كۈچ سېلىشتۇرمىسى، بىر تەرەپنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكلىرى بولغان تاللىشى، توقۇنۇش، تەڭشەش، ماسلىشىش، قوبۇل قىلىش، پۈتۈنلەش، رەت قىلىش ۋە ماسلىششقا قارشى تۇرۇش ... قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

3) قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى. قايتا ـ قايتا تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى مەدەنىيەت ئەھۋالى بىر قۇر تەتقىق قىلىپ بولۇنغان رايون ۋە جەمئىيەتلەرنى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنە قايتا تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلغاندا مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى، تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىنغاندىكى ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىدىكى پەرق ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشتا بۇ خىل ئۇسۇل مۇھىم رول ئوينايدۇ.

4) ئۆزگىرىشنى تىك يۆلىنىش (ۋېرتىكال) بويىچە تەت-

قىق قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل «سىجىل كۆزىتىش ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ مۇقىم بىر نۇقتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، مەدەنىيەتتىكى يۈز بەرگەن بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتىدا، توغرا خاتىرلەپ تۇرۇش، نېمىنىڭ، قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

## 3. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى ئېقىملىرى

مەدەنىيەت ئىنساشۇناسلىقىدىكى ھەر خىل نەزەرىيەۋى ئېقىملارنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە بولغان تونۇشى، چۈشىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈشى، بەرگەن تەبىرلىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر مەۋجۇد. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىسى، تەھلىل قىلىشتىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا، ئۇلارنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) كىلاسسىك تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيەسى

كىلاسسىك تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئەنگلىيەلىك ئېدۋارد تەيلور، جېمىس فرازىر، خاددون ۋە ئامېرىكىلىق لېۋىس ھېنرى مورگان قاتارلىق ئالىملار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار مەدەنىيىتى تۆۋەن دەرىجىدىن (ئىپتىدائىي ھالەت) يۇقىرى دەرىجىگە (مەدەنىيەتلىك دەۋر) قاراپ تەدرىجي تەرەققىي قىلغان، دەپ قارايدۇ ھەمدە چېكىنىش نەزەرىيىسى بىلەن ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش نەزەرىيەسىگە قارشى تۇرىدۇ. كىلاسسىك تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇن دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن بولغان مىللەتلەردە مەدەنىيەتنىڭ «چېكىنىش» (ئىنۋولىيۇتسىيە، رودىمېنتلىشىش) نەزەرىيەسى بىلەن «ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش» قىياسلىرىغا تايىنىپ دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى پەرقلەرنى چۈشەندۈرۈش قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. مەدەنىيەتنىڭ «چېكىنىش» نەزەرىيەسىنىڭ قارىشى مۇنداق ئىدى: تەڭرى بارلىق ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ياراتقان. ئەمما بەزىلەر چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ بېھىشتىن قوغلانغان ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا ئوخشاش تەڭرىنىڭ شاپائىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاخىرى ياۋايىلىق (مەدەنىيەتسىزلىك) ھالەتكە چېكىنگەن، دەپ قارايدۇ. «ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش» قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بولسا، ئىنسانلار مەدەنىيىتى نېئاندېرتال ئادىمىنىڭ ساقلانمىسى يەر قاتلىمىغا پېتىپ «ئۇلتۇرۇشۇپ قالغان» ىغا ئوخشاش ئۇلتۇرۇشۇپ، يەر قاتلىمىغا چۆكۈپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل قاراشنى كىشىلەر ئىنكار قىلدى. ئېدۋارد تەيلور «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىدا مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىش نەزەرىيەسى بىلەن ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىش قىياسىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياۋايى قەبىلىلەر ئۇنتۇپ كېتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۆگىنىش ئارقىلىق تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار ھەرگىزمۇ يۇقىرى باسقۇچتىن تۆۋەن باسقۇچقا چېكىنگەن ئەمەس، بەلكى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەن.» كىلاسسىك تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋەكىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق پەرىزى بار: (1) ئىنسانلار پسىخىكىسىدىكى بىردەكلىك. ئوخشاش بولمىغان ئىرقلار ئوخشاش پسىخىك ساپا ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. (2) ئىنسانلارنىڭ پسىخىك بىردەكلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللاردا پەيدا بولىدىغان مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشلىقى. (3) ئىنسانلار مەدەنىيەت جەھەتتە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتا ئوخشاش تەرتىپ ۋە ئوخشاش لىنىيەلىك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئېدۋارد تەيلورنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، دىن ئانىمىزمدىن (ھەممە شەيئىدە روھ مەۋجۇد دېگەن قاراشتىن) كۆپ ئىلاھچىلىق (پولىتېئىزم) قا، كۆپ ئىلاھچىلىقتىن بىر ئىلاھچىلىق (مونوتېئىستىزم) قا قاراپ تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت بولسا ياۋايىلىق (ۋارۋارلىق) جەمئىيىتىدىن تەدرىجي مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە تەرەققىي قىلغان.

جېمىس فرازىرنىڭ قارىشىچىمۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، سېھىرگەرلىك دىنغا، دىن پەنگە قاراپ تەدرىجى تەرەققىي قىلغان. ئىنسانشۇناس مورگاننىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى جاھالەت (نادانلىق) دەۋرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن جاھالەت دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرقى دەۋرىگە، ئۇنىڭدىن ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە قاراپ تەدرىجي تەرەققىي قىلغان، يەنە تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئائىلە تەرەققىياتى جەھەتتە ئىنسانلار قالايمىقان نىكاھ، شېرىك (توپ) نىكاھ ۋە پۇنالۇئاچە نىكاھ تۈزۈمىدىكى ئائىلە، جۈپ نىكاھ ۋە جۈپ نىكاھ تۈزۈمىدىكى ئائىلە، بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق (پولىگامىيە) تۈزۈمىدىكى نىكاھ ۋە ئاتا جەمەت چوڭ ئائىلە، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق (مونوگامىيە) تۈزۈمىدىكى نىكاھ ۋە كىچىك ئائىلە قاتارلىق باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈردى. تەيلور، فرازىر، مورگان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ تەتقىقاتلىرى كىلاسسىك تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ ئۇل ئاساسىنى تىك-

...لىدى. بۇ ئالىملار ئىنسانىيەت ئومۇمىي مەدەنىيىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى تارىخ پەلسەپىسى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلغان بولغاچقا، مەدەنىيەتنىڭ بەزى تەرەققىيات جەريانلىرىغا سەل قاراشتىن خالىي بولالمىغان. تارىخ پەلسەپىسى خۇددى تەيلور ئېيتقاندەك ئومۇمىي پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە كەلگۈسىنى قىياس قىلىدىغان بىر پەن. كىلاسسىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى مۇئەييەن دەرىجىدە دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بەزى خاتا ماتېرىياللارغا بەزى ناتوغرا يەكۈنلەرنى چىقىرىپ قويغان. كىلاسسىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنىڭ ئىدىيالىزملىق تۈسى ۋە ياۋروپا مەركەزچىلىك تۈسى قويۇق. ئۇلار ياۋروپا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى سۈپىتىدە قارىغان. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى مۇستەملىكىچىلەرنى ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قانۇنلاشتۇرىدىغان ئالىي فورمىسى بىلەن تەمىنلەپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى «يۇقىرى دەرىجىلىك» مەدەنىيەت ۋە «ئىپتىدائىي» مەدەنىيەت دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈپ مەدەنىيەت باراۋەرسىزلىكى ۋە مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىكى ئىدىيەلىرىنى ئالغا سۈرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسىگە زىت كېلىدۇ. پەندىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى بىلەن قوراللانغان ئىنسانشۇناسلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى تېزلىكتە پەندىكى تەدرىجىي تەرەققىيات پرىنسىپىنى مەدەنىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئايلاندۇردى.

2) تارقىلىش ئېقىمى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىلاسسىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى تەنقىدلەش دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش نەزەرىيەسى ئېقىمى پەيدا بولدى. تارقىلىش ئېقىمى «مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئېقىمى» ياكى «مەدەنىيەت دىففۇزىيەسى» (diffusionism) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ تارقىلىشىمۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە كىرىدۇ. بۇ ئېقىم تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇستەقىل مەدەنىيەت ئىجاد قىلىش كۈچى ۋە ئىقتىدارى بولۇشى ناتايىن. شۇڭا، ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق مەدەنىيەت تارقىلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پۈتۈن دۇنيا بويىچە پەقەت بىر قانچە جايدىلا مەدەنىيەت ئىختىرا قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاساسلىق مەدەنىيەت تارقىتىش مەركەزلىرى شەكىللەنگەن. ھەر خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى مۇشۇ مەركەزدىن ئۆزلۈكسىز سىرتقا تارقىلىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنبەلەردىن كەلگەن مەدەنىيەت ئامىللىرى مۇئەييەن جايلاردا ئۇچرىشىپ، ئۆز ئارا قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مەدەنىيەتكە ئوخشىمايدىغان، يېڭىچە بىر خىل مەدەنىيەت شەكىللەنگەن. كۆپ قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىنى مەدەنىيەت ئۆزگىرىش مېخانىزملىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى مەلۇم مەدەنىيەت ئامىلى ياكى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بىر جەمئىيەتتىن يەنە بىر جەمئىيەتكە يۆتكىلىشى ياكى ئۆز ئارا ئۆتىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ئاڭلىق تارقىلىش ۋە ئاڭسىز تارقىلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاڭلىق تارقىلىش بولسا بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەت ياكى دۆلەتلەرگە مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئېكسپورت قىلىشىنى ۋە بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ باشقا مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مەدەنىيىتىنى مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك تەقلىد قىلىشى، كىرگۈزۈشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. باشقا مەدەنىيەتتىن يېڭى تېخنىكا، يېڭى پرىنسىپ، يېڭى ئۇسۇللارنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش بۈگۈنكى جەمئىيەتتە كۆپ ئومۇملاشقان ھادىسە. ماددىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش خېلى ئاسان بولسىمۇ، لېكىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىش تەس، ھەتتا مۇمكىن بولمايدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئەھۋاللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ:

(1) مەدەنىيەتنى ئارىيەتكە ئېلىشنىڭ تاللاشچانلىقى بولىدۇ. ئادەتتە ئادەم بىر مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنى قوبۇل قىلىش قىلماسلىقنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپنىڭ مەدەنىيىتىگە پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىق بەلگىلەيدۇ.

(2) مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرىنىڭ تارقىلىشى بىلەن قوبۇل قىلىنىشى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ مەدەنىيىتىدىكى نىسپىي ئەۋزەللىكلەر، ماسلىشىشچانلىق، مۇرەككەپلىك، مۇمكىنچىلىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

(3) ئوخشاش بىر جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشى باشقىلاردىن تېز بولىدۇ. M. روجېرس «يېڭىلىقنىڭ تارقىلىشى: بىر خىل ھالقىما مەدەنىيەت تەتقىقات ئۇسۇلى» ناملىق ئەسىرىدە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلغۇچى مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىبدۇ: بىرىنچى، ياخشى تەربىيىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئىككىنچى، نىسبەتەن مەدەنىيەتلىك بولىدۇ. ئۈچىنچى، نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ. تۆتىنچى، يۇقىرى قاتلام جەمئىيەتكە ئاشىناراق كېلىدۇ. بەشىنچى، سەل چوڭ كۆلەمدىكى سودا خاراكتېرلىك ۋە مەخسۇسلاشقان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالتىنچى، سۆھبەتلىشىشكە ما-

ھىرراق بولىدۇ. ئادەتتە دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىشى ئاندا-ساندا ئالاقە قىلىشىدىغان مىللەتلەرگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

(4) «تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان» بىر جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىككە ئىگە جەمئىيەتكە قارىغاندا باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشى تېز ۋە كۆپ بولىدۇ. مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا مىللىي مەركەزچىلىك قارىشىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە توسالغۇلۇق رول ئوينايدۇ.

گەرچە مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھەر خىل ئامىللارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىسىمۇ، ئۇ يەنىلا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى جەريانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، يېڭىلىقنىڭ ئومۇملىشىش شەكلى. كىلاسسىك تەدرىجىي تەرەققىيات ئېقىمىدىكىلەر ئىجادىيەت ۋە بايقاشنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىكى رولىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى تارقىلىشنىڭ رولىنىمۇ تەكىتلىگەن. مەسىلەن، مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە: «بارلىق زور ئىجادىيەت ۋە بايقاشلار ئۆزلۈكىدىن تۆت ئەتراپقا تارقىلىدۇ.» دەيدۇ. تەيلورمۇ مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىش پىرىنسىپلىرىنى بايان قىلىدۇ. مالىنوۋسكى رايوننىڭ ئىچكى قىسمى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مۇستەقىل تەدرىجىي تەرەققىياتتىن كېلىدۇ. ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارىلىشىشى پەيدا قىلغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تارقىلىشتىن بولىدۇ، دەيدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، مەدەنىيەتكە ماسلىشىش ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە سەل قارىساق بولمايدۇ. مەدەنىيەتكە ماسلىشىش مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ بىر ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى نەزەرىيەسىدىكى بىر مۇھىم ئۇقۇم. ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىرى ئۇنى «acculturation» دەپ ئاتايدۇ. ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاسىيا، ئافرىقا ئىنسانشۇناسلىرى «مەدەنىيەت ئالاقىسى، ئارىلىشىشى» (文化接触، culture contact) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەنىسى ئوخشاش. بىر كەشپىياتنى باشقىلار قوبۇل قىلغان، ئىشلەتكەن ۋاقىتتا ئاندىن مەدەنىيەتكە ماسلىشىش يۈز بېرىدۇ. مەدەنىيەتكە ماسلىشىش جەريانى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى، مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرىكىشى، ئالمىشىشى، قوشۇلۇشى، ئاسسىمىلاتسىيە، ئايرىمچىلىق ۋە يېتىم قالدۇرۇش، ئىنكاس قايتۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارقىلىش ئېقىمى ئىچىدە ئەنگلىيە تارقىلىش ئېقىمىنىڭ كۆزقاراشلىرى ئۆزگىچىرەك بولۇپ، ئۇ «پان-مىسىرىزم» (Pan-Egyptism) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا مەدەنىيەت ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ئىكەن، مەدەنىيەت چوقۇم مەلۇم بىر قۇتۇپتىكى مۇۋاپىق مۇھىتتىن تەرەققىي قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان. بۇ خىل مۇھىت پەقەت مىسىردىلا بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى، مەنبەسى مىسىر بولۇپ، ئۇ باشقا جايلارغا تارقىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا كۆپىيىش ياكى ئازىيىش بولغان ھەم مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ. پان-مىسىرىزمچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى مىسىردىكى ئەلئېھرام، تاش مەبۇد ئېتىقادچىلىقى ۋە مومىيادىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدە پاكىتتىن كەلگەن. شۇڭا، ئۇلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى مىسىردا، دەپ قارايدۇ. ئەمما ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەدەنىيەت چۆكمىلىرىنىڭ ئەلئېھرام ۋە مومىيالاردىنمۇ بۇرۇن تۇرىدىغانلىقى، مىسىرنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىش مەنبەسى، دەپ قاراشنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. تارقىلىش ئېقىمى مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەدەنىيەتنىڭ جۇغراپىيەلىك، بوشلۇق ۋە يەرلىكلىك ئۆزگىرىشىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن. مەدەنىيەتنىڭ توغرا يۆنىلىشلىك تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشقا بەك كىرىشىپ كېتىپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى پەقەت ئۇنىڭ تارقىلىش جەريانى دەپ قارىغان ۋە ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارىغا سەل قارىغان. ئىنسانشۇناسلار مەدەنىيەت تارقىلىش ئېقىمىنىڭ نەزەرىيەلىرىگە تايىنىپ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىلەرگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

3) فۇنكسىيە ئېقىمى

فۇنكسىيە ئېقىمى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ رولى، قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغان بولغاچقا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تىلغا ئېلىنغاندا ئۇلار مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىشى ياكى ئالمىشىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىغان. فۇنكسىيە ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان مالىنوۋسكى «مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە قارىتا كونكرېت بايانلارنى بەرگەن. فۇنكسىيە ئېقىمىنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى رادكلىف براۋۇن مەدەنىيەتلەر ئارىلاشقان ۋاقىتتا كېلىپ چىقىدىغان ئۆزئارا رولنى بايان قىلغان. ئۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلغاندا، داۋاملىشىشچانلىققا ئىگە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تاپقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

4) تارىخ ئېقىمى

ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس بوئاس ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىـ

رى شەكىللەندۈرگەن تارىخ ئېقىمى كىلاسسىك تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيەسىگە ئەڭ زور، ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ ئېقىم يەنە «ئامېرىكا ئېقىمى»، «تارىخ تەنقىد ئېقىمى» ۋە «تارىخ ئالاھىدە نەزەرىيەسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار گەرچە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۆزگىرىش ئىلگىرىلەش دېمەكتۇر، دەپ قارايدىغان قاراشنى رەت قىلىدۇ، ھەمدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە بىر خىل يەككە ئۆزگىرىش مۇساپىسى بولىدىغانلىقىنى، ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپاتلار بولمىغان ئەھۋالدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە باسقۇچىنى تەقلىد قىلىپ چىقىرىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ئامېرىكا تارىخ ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولغان بوئاس ھەر بىر مىللەتنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكنى تەكىتلەيدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىياتنى بەلگىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقى تەسىرنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىرى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەرىكەتچان ھالىتىگە قىزىقىشقا باشلىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئامېرىكا ئىنسانشۇناسى خېرسكورىتس (Melrille Jean Herskorits، 1895 ~1963) مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى قىلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە بوئاسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئامېرىكا تارىخ ئېقىمى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىرى دەسلەپتە ئىندىئانلار بىلەن ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىلىرى بىلەن ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىشىشىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ئىنسانشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ ئىنسانشۇناسلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ كۆپ تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر.

قىسقىسى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە جەمئىيەتشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى قاتارلىق پەنلەر پەلسەپە، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل پەن بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ۋاقىتتا ئىنسانشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار ئىنسانلار قانداق قىلىپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ياۋايىلىق (ۋارۋارلىق) ھالىتىدىن قانداق قىلىپ مەدەنىيەتلىك ھالەتكە ئۆتتى، دېگەن مەسىلىگە دىققەت قىلدى ۋە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دارۋىن ئوتتۇرىغا قويغان جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى مەدەنىيەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تەدبىقلاندى. ئىنسانشۇناسلار مەدەنىيەتنىمۇ جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ماس ھالدا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانشۇناسلار دەۋاتقان تەدرىجىي تەرەققىيات مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانلىرىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىدىكى ھەرقايسى نەزەرىيەۋى ئېقىملار مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن شەرھلەشتىن شەكىللەنگەن. گەرچە كۆپلىگەن ئىنسانشۇناسلار مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە مەخسۇس نەزەرىيەۋى تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈشى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تەزكىرىلىرى ۋە ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان جەمئىيەتلەردىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە بايان تۇسىنى ئالغان خاتىرىلەرنى كۆپلەپ قالدۇرغان. مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي شەكىللىنىپ تا ھازىرغىچە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ھەققىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار قىلىندى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تەتقىقاتى بۇندىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى سىجىل داۋاملىشىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نېمە؟ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەندىزىسى قانداق بولىدۇ؟ كىشىلەر مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە قانداق ماسلىشىدۇ؟ قانداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەش ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بولغان زامانىۋىلىشىش ۋە يەر شارىلىشىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## 4. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار

1) تەبىئىي مۇھىت. مەسىلەن، قۇملىشىپ كېتىش بىلەن تېرىلغۇ يەرلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئاچارچىلىق، مۇھىت بۇلغىنىش قاتارلىق بىر تالاي ئەگەشمە خاراكتېرلىك مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتقا ماسلىشىشىدىكى بىر خىل ۋاسىتە. ئوبيېكتىپ

مۇھىت ئۆزگەرگەن ۋاقىتتا، مەدەنىيەتمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 ـ يىلى ئورخۇن ۋادىسىدىن تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىشى پەقەت بىر جۇغراپىيىلىك چوڭ كۆچۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر قېتىملىق چوڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆچۈشى مەلۇم مەنىدە مەدەنىيەتنىڭ كۆچۈشىدۇر. ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىسىغا كېلىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيىتى تارىم ۋادىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇش بىلەن بىرگە يەنە تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە تارىم ۋادىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قۇرغاق رايون مەدەنىيىتى، دېيىشكە بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك مۇھىت مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا تەبىئىي مۇھىت 50% رول ئوينايدۇ.

2) تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش سەۋەبى. ھازىرقى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى پەقەت تەبىئەت ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىغا بويسۇنغان، ماسلاشقان جەمئىيەتلا ئالغا قاراپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ «ئالاھىدە تەدرىجىي تەرەققىيات» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئورتاق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغانلىرى «ئادەتتىكى تەدرىجىي تەرەققىيات» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئالاھىدە تەدرىجىي تەرەققىيات» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىش مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىچكى سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت تارقىلىش جەريانىدا ھەر خىل مەدەنىيەت بوشلۇقلىرىدىكى كېڭىيىش ۋە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە قاراپ ئۆزىدە بولمىغان يېڭى تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆزىدىكى بەزى پاسسىپ تەرەپلەرنى يوقىتىدۇ. ئاشلىق يىغىش باسقۇچى تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە تەرەققىي قىلغان ۋاقىتتا، ئېشىنچا ئاشلىق پەيدا بولدى، يېڭى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرى ئىجاد قىلىندى، نوپۇس كۆپەيدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېشىنچا ئاشلىقنىڭ تەقسىملىنىشى باي-نامراتلىق قارىمۇقارشىلىقى، ئەمگەك تەقسىماتى ۋە كەسىپلىشىش قارىمۇقارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەتتە بىر تۇتاش مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى.

3) نوپۇس سەۋەبى. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىمۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مۇستەقىل ئىچكى سەۋەبكە مەنسۇپ. ئىنسانلاردىكى بىيولوگىيەلىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش نوپۇس ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نوپۇس ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانشۇناسلىقتا نوپۇس ئۆزگىرىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ماكرولۇق نوپۇس تەتقىقاتى مۇلاھىزە قىلىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تاشقى سەۋەبلىرى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى. مەدەنىيەتنىڭ ئىجاد قىلىنىش، بايقىلىش ياكى تارقىلىش جەريانىدا يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ شەكىللىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى جەريانىدا مۇئەييەن بىر رايوندا ئىشلەنگەن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بۇيۇم ئۆزىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزى بارغان جايغا بىللە ئېلىپ بارىدۇ، ھەمدە ئۆزىنى سېتىۋالغان كىشىنىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ۋە باشقا تەرەپلىرىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى تۈرتكىسىدە بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا تارقالغان بۇيۇم ماھىيەتتە مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۇ مىللەتنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، مىللىي ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنىڭ ماددىي كاپالىتىدۇر. شۇڭا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئامىللىرىنى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەلگىلىك تۈرتكە بولىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنە بىرى، مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى تىپىك مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش جۈملىسىگە كىرىدۇ. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت. ئۇيغۇرلاردا ھەر قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئالماشقان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى كەسكىن بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قېتىم يېڭى دىن قوبۇل قىلىنغاندا ئۇنىڭ ئالدىدىكى دىنىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت تەركىبلىرى زور دەرىجىدە سىقىپ چىقىرىلغان ۋە تاشلىۋېتىلگەن. بۇنداق قىلىش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جۇغلىنىشىغا تولىمۇ پايدىسىز. دىنىي ئېتىقاد ئالماشقان ۋاقىتتىكى مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىش، قوبۇل قىلىنىش، ئۆزلىشىش ۋە ماسلىشىش جەريانلىرى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور داۋالغۇشلارنى، تاللاش ۋە شاللاشنى، ھەتتا ئۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. دىنىي ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى بىلەن مىللەتنىڭ قىممەت قاراش سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان ھەر خىل ئا-

مىللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس ئىزچىل ھەرىكىتى داۋامىدا روياپقا چىقىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا مەدەنىيەتنىڭ مۇقىملىقلىقى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىقى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىلاستىكلىق باغلىنىش مەۋجۇد.

## 5. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تىپلىرى

1) ئاڭسىز ئۆزگىرىش

ئاڭسىز ئۆزگىرىش (involuntary change) «تەبىئىي ئۆزگىرىش» (natural change) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئاڭسىزلىق ھەربىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئەقىل ئىشلەتمەي، ھېچقانداق ئاڭ ـ ئىدىيەسىز بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدە ئۆزگىرىشنىڭ سۇبيېكتى ئاڭسىز ھالدا بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى بىر خىل تەبىئىي ئۆزگىرىش جەريانىدۇر ھەم بىر خىل پىلانسىز ھالەتتۇر. بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇشۇنداق بىر خىل ئاڭسىز ئۆزگىرىشتۇر. تەبىئىي ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىختىرا قىلىنغان مەلۇم بىر يېڭى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەممىسى ئاڭسىز ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، 18 ـ ئەسىردە ۋات پار ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغاندا ئۇ شۇ ۋاقىتتا بۇ خىل تېخنىكىنى ئىجاد قىلىشنىڭ قىممىتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان پار ماشىنىسىنىڭ ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىنى قوزغىشى، بۇ ئىنقىلابنىڭ پۈتكۈل كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە دۇنيا ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيتى. مەدەنىيەتنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تارقىلىشىمۇ ئاڭسىز ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قاتناش قوراللىرى ۋە ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىمۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاڭسىز ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىۋەتتى.

2) ئاڭلىق ئۆزگىرىش

ئاڭلىق ئۆزگىرىش (voluntary change) «ئىختىيارىي ئۆزگىرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆزگىرىش سۇبيېكتى بولغان شەخس (جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى زاتلار) نىڭ ياكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى، ئاڭلىق ھالدا باشقا مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ياكى قىسمەن تۈزۈملەر، ھەتتا مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. مەدەنىيەتنىڭ ئاڭلىق ئۆزگىرىشى ئادەتتە ئۈچ تىپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تەشەببۇسكار ئۆزگىرىش، يېتەكلەشچان ئۆزگىرىش ۋە مەجبۇرى ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت.

(1) تەشەببۇسكار ئۆزگىرىش

تەشەببۇسكار ئۆزگىرىش يەنە «پىلانلىق ئۆزگىرىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشتە ئۆزگىرىش سۇبيېكتى ئاڭلىق، ئىختىيارىي، تەشەببۇسكار ھالەتتە ئۆزگىرىشنى باشلايدۇ. مەسىلەن، قانۇن ئۆزگەرتىش، ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش، دۆلىتىمىزدىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىقلارمۇ بۇ خىل ئۆزگىرىشكە كىرىدۇ. زامانىۋى جەمئىيەتتىكى بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كۆپىنچە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تۈرتكە بولىدۇ، باشلامچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر پىلانلىق ئۆزگىرىشلەردۇر.

(2) يېتەكلەشچان ئۆزگىرىش

يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بولسا مەلۇم بىر مەدەنىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ پىلانلىق ھالدا باشقا بىر مەدەنىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە مەجبۇرلاش ياكى ياردەم بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

(3) مەجبۇرى ئۆزگىرىش

مەجبۇرى ئۆزگىرىش ئاساسلىقى مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ باشقا بىر مەدەنىيەتتە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەجبۇرى ئۆزگىرىشنىڭ ئاڭلىق ئۆزگىرىشكە تەۋە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ خىل ئۆزگىرىشتە تۈرتكە بولغۇچى ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى ھالدا ئۆزگىرىش قىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيدا قىلىدۇ. ئۇ سىياسىي ئېزىش ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيەگە يانداشىدۇ. بۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى مىسال بولالايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئافرىقىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن نېگىرلار ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەسلىي يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئىندىئانلارغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە سىياسەتلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىن. مەيلى قايسى تىپتىكى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بولسۇن، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتى، ئۆزگىرىش يۆنىلىشى، مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت بوشلۇقى، دەۋر ۋە دەۋر بوشلۇقى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بارلىق مەدەنىيەتلەردە ئەزەلدىن بار بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىك.

## 6. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زىيىنى

مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بىر مۇقەررەر جەريان. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتا مۇنداق ئىككى خىل پوزىتسىيە مەۋجۇد: بىرى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى چېكىنىش دەپ قاراش. يەنە بىرى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرلەش دەپ قاراش. ئەلۋەتتە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنى ھېچكىم خالىمايدۇ. چۈنكى، چېكىنىش بىر خىل زىيانلىق ئۆزگىرىش. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە مايىل كىشىلەر ئۆز مەدەنىيىتىدە يەنە داۋاملىق ئۆزگىرىش بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئۆزگىرىش كۆپ بولغانسېرى مەدەنىيەت ئۆز ئەسلىنى يوقىتىدۇ، مىللىيلىكى سۇسلايدۇ، دەپ ئويلاپ، يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش ھەرىكەتلىرىگە بىر خىل گۇمان نەزىرىدە قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا نىسبەتەن مەلۇم ئەۋزەل، ئورۇنلۇق تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئىنساندا ئۆزگىرىشكە، كەلگۈسىگە يۈزلەنمەي ئامال يوق. يەنە بەزى كىشىلەر ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى، مەنىۋى مەدەنىيەت بارغانسېرى چېكىنىپ ماڭىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ بارلىق ماددىي ئېھتىياجلىرى قېنىپ كەتسە ياكى ئەڭ ئاساسلىق، زۆرۈر بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرى قانمىسا ئۇنىڭ روھى بۇزۇلۇشقا، پۇچەكلىشىشكە ياكى يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بىر مەزگىل غەربتىكى فروئىدچىلار، مەۋجۇدىيەتچىلەر ئېقىمىدىكىلەردە بىر مەزگىل مودا بولغان. ئۇلار ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، ماددىي بايلىقلار كۆپەيگەنسېرى، كىشىلەرنىڭ روھى شۇنچە گادايلىشىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيىتى شۇنچە چېكىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق بىز بۇ قاراشنى ئىلمىي ئەمەس دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم جەريانى. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا بولىدۇ. مەدەنىيەت ئەۋلادمۇئەۋلاد تەرەققىي قىلىدۇ. ئومۇمەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى توختاۋسىز داۋاملىشىپ تۇرىدىغان جەريان بولۇپ، بۇ جەرياندا مەدەنىيەت قايتا ھاسىل بولىدۇ، قايتا تۇغۇلىدۇ. مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئەنە شۇ تىنىمسىز، توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا شەكىللىنىدۇ.

كۈنىمىزدە يەر شارىلىشىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى سۈرئىتى تېزلىشىپ كەتتى. تاشقى مەدەنىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولىدىغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىز بولماقتا. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ۋاسىتىلىك ياكى بىۋاسىتە ھالدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگىلىشى، سىرتقا كېڭىيىشىدىن كېلىپ چىقماقتا. دۇنيا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى تاۋارلىشىش بىلەن دىنىي ئۆزگىرىشتە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. تاۋارلىشىش دۇنيا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. تاۋارلىشىش ئادىتى بەزى جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆز جەمئىيىتىدىكى بۇيۇملارنى تەقسىملەش ئۇسۇلىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ قالدى. مۇبادا بۇ خىل تاۋارلىشىش ئادىتى تۇراقلىشىپ قالسا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئۆزگىرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش جەمئىيەت، سىياسىي، ھەتتا پسىخىكا قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. شەھەرلىشىش يېزا جەمئىيەتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تاۋارلىشىشنىڭ يولى مۇنداق بىر نەچچە خىل بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچى ناتۇرال ئۇۋۇچىلىق ياكى يېزا ئىگىلىك جەمئىيەتلىرىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى سودا- سېتىققا تايىنىپ قالغاندا، تاۋارلىشىشنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىككىنچى، ئەسلىي مەلۇم بىر رايوندا ياشايدىغان كىشىلەر باشقا جايغا كۆچۈپ بېرىپ ئىشچى بولۇش، مەلۇم رايون ئەتراپىدىكى بەزى كىشىلەر خىزمەت قىلىپ مائاش ئېلىش پۇرسىتى بار قوشنا رايونلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىش. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىرىكچىلىك ئېھتىياجلىرىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئېشىنچا قىسمى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇلغاندا تاۋارلىشىش شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈز بېرىدۇ. تۆتىنچى، تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكنىڭ ئومۇملىشىشى. تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكتە بارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى تاۋار سۈپىتىدە ساتقىلى بولىدۇ. ئېھتىمال يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى سانائەتلىشىشى مۇمكىن. تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكتە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ماشىنا بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. تاۋارلاشقان يېزا ئىگىلىكى سىنىپنىڭ ئىككى قۇتۇپلىشىشىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنلىرى بىلەن دېھقانلار، يەر ئىگىسى بىلەن ئورتاقچى دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق ئۆزگىرىش كىشىلەرنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا داۋاملىشىدۇ. دۇنياۋى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت بۇ قايىنامدىن مۇستەسنا بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنى قاچۇرۇش، بېكىنىۋېلىش، جىم تۇرىۋېلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇش مىللەت ياكى دۆلەتنى پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ

قويىدۇ. يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى تارىخىي شەرت-شارائىتلىرى ۋە قىممەت سىستېمىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا ھەر قانداق ئۆزگىرىشكە سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئاڭلىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى كونترول قىلىش دەرىجىسى زورايتىش مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ساغلام يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىنىڭ كاپالىتى. سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقىتىپ قويماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا قوبۇل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى، تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزغىلى بولىدۇ. ئۆز قەۋمىنىڭ قىممەت قارىشىنى يوقىتىش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنى بۇلغاش بەدىلىگە ئېرىشكەن ماددىي مەدەنىيەت بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇ قەۋمنىڭ مەنىۋىيەت بوھرانلىرىدا ئۆرتىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىر - بىرىگە بولغان تەسىرىنى توغرا چۈشىنىش، ماددىي مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىشى، خارابلىشىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتى ۋە ۋەزىيىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە كونترول قىلغىلى، مەلۇم مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى ئۆزگەرمەسلىكىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. تەشەببۇسكار بولماسلىق، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش مەلۇم مەنىدە ئۆز ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قېلىشتۇر.

قىسقىسى، ئورتاق پىسخىكا بىرلىكى، ئورتاق تىل بىرلىكى، ئورتاق رايون بىرلىكى ۋە ئورتاق ئىقتىسادىي بىرلىك قاتارلىق مىللەتنى شەكىللەندۈرگۈچى مۇھىم ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىققاندىلا، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا چۈشەنگىلى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەتنى توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى بىلەن يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا پەرقلەندۈرگەندە، ئۆزگىرىش بىلەن مەدەنىيەتنىڭ فوكۇس نۇقتىسىنى دەل تاپالىغاندىلا، ئاندىن مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا يۈز بېرىدىغان كەسكىن بۇرۇلۇش، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتۈشنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ قارشىسى بولغان مەدەنىيەتنىڭ نىسپىي تۇرغۇن، تىنچ ھالىتىنىمۇ نەزەر - ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈر. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى مۇشۇ سۈرئەتتە داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟ مەدەنىيەت كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشىگە قاراپ ماڭامدۇ ياكى ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىپتىكى بىر مەدەنىيەت شەكىللىنەمدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، لېكىن مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ مەزمۇنى، سەۋەبى، شەكلى ۋە يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ چۈشىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، پايدىلىق ھالەتتە داۋاملىشىشىغا تۆھپە قوشۇش مۇمكىن.

---

## پايدىلانمىلار:

1. چېن خۇاۋېن: «مەدەنىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (خەنزۇچە)، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 2003 - يىل 6 - ئاي 3 - نەشرى، 179 ~ 172 - بەتلەر.

2. ليۇ جىنلوڭ: «مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، تيەنجىن نەشرىياتى، 2003 - يىل 6 - ئاي 3 - نەشرى، 243 ~ 220 - بەتلەر.

3. [ئامېرىكا] ۋىلىيام خاۋىلەند (چۇي تېيىڭ، جاڭ سۇي تەرجىمىسى) «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى، 2006 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 467 ~ 452 - بەتلەر.

4. شى يىلوڭ: «تەدبىق ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 153 ~ 91 - بەتلەر.

5. خۇ چىۋاڭ، ليۇ شىجې باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى لۇغىتى» (خەنزۇچە)، يۈەن فاڭ نەشرىياتى، 2000 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 79 ~ 78 - بەتلەر.

6. ما گۇاڭخەي: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، شەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 398 - بەت.

7. جوۋ داميڭ: «ئىنسانشۇناسلىققا مۇقەددىمە» (خەنزۇچە)، يۈننەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 297 ~ 277 - بەتلەر.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتمىن

# ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمى ھەققىدە ئىزدىنىش

مۇتەللىپ ئىقبال

تارىختىن بۇيان بارچە خەلقنىڭ ئۆلگۈچىگە بولغان ماتەم - تەزىيەسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل بولۇپ كەلدى. بەزى مىللەتلەر قارىلىق كىيىمى ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە بولغان ساداقىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. بەزى مىللەتلەر ئويۇن - تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى توختىتىش ئارقىلىق تەزىيەسىنى ئىپادىلىدى. يەنە بەزى مىللەتلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھاراق ۋە ناخشا - ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلىدى. جۈملىدىن تەركىي خەلقلەر قەدىمدە ئۆلگۈچى ئۈچۈن ماتەمنى ئىپادىلەشتە يۈزلىرىنى تىلىپ قان چىقىرىش، قۇلاقلىرىنى كېسىش، ئات چاپتۇرۇپ چېدىرلارنى يەتتە قېتىم ئايلىنىش، قوي، كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىش، قارىلىق كىيىمى كىيىش... قاتارلىق ماتەم پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلار مۇشۇ خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇقەددەم خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن مىللەتتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىم ئاساسەن قارا ۋە ئاق رەڭلىك، يەنى ئەريا - ئايال ئوخشاش ھالدا قارا ۋە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە بولغان ماتەمنى، قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. قارىلىقنىڭ ۋاقتى جەھەتتىن ئۇيغۇرلاردا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىش ئومۇملاشقان بولۇپ، مۇسىبەت بولغۇچى ئۆيدىكىلەر 80 - يىللار ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى 40 كۈن قارىلىق كىيىمى كىيىدىغان ۋەقارىلىق تۇتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. بەزى ئەتىقاتلارغا قارىغاندا يىل نەزىرى بېرىلگۈچە قارىلىق تۇتىدىغان ئەھۋالمۇ بولغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە قارىلىقنىڭ ۋاقتى قىسقىراشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بەزى كىشىلەرنىڭ بىرنەچچە كۈن قارىلىق كىيىمى كىيىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈندە ئۆلگۈچىنىڭ قولۇم - قوشنىلىرى ۋە تۇغقانلىرى قارىلىق كىيىمىنى بەك ئۇزۇن كىيمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەدەتتە قارىلىق كىيىمنى قارىلىق تۇتقۇچى ئۆزى خالاپ سېلىۋېتىدىغان ئەھۋال يوق. باشتا ئېيتىلغاندەك قارىلىق تۇتۇش ۋاقتى تۇغقاندارچىلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە شەھەرلەردە يەتتە كۈندە قارىلىق سۇندۇرىلىدۇ. يېزىلاردا بەزىدە يىگىرمە، بەزىدە قىرىق كۈنگىچە قارىلىق داۋاملىشىدۇ. قارىلىق كىيىمنى سالدۇرۇشتا مۇسىبەت تۇتقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرى ئۆلگۈچىنىڭ يەتتە ۋە قىرىق نەزىرلىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئايرىم كىيىم تەييارلاپ (گۈللۈك ۋە رەڭلىك كىيىملەر) مۇسىبەتدارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ كەيدۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار.

ۋاھالەنكى، ئاق ۋە قارا قارىمۇقارشى مەنىدىكى ئىككى خىل رەڭ بولۇپ، قارا ۋە ئاق رەڭنىڭ خالقىمىزنىڭ ئىستېتىك قارىشىدا تۇتىدىغان ئورنىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمى نېمە ئۈچۈن تۇم قارا ياكى تۇم ئاق رەڭدە ئەمەس؟ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى قارىلىق كىيىمىدە ئەر - ئايال ئوخشاش ھالدا بەدەننىڭ ئاستى قىسمىغا قارا رەڭلىك كىيىملەرنى، بەدەننىڭ ئۈستۈن قىسمىغا ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ. بۇ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسى بولۇپ، ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

خەلقىمىز ئاق رەڭنى ماتەمنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا توي كۈنى ئاق كۆينەك كىيىشنى نۇرغۇن كىشىلەر چەكلىگەنىدى. ياۋروپا تارىخىدا توي كۈنى قىزنىڭ ئاق رەڭلىك توي كۆينىكى كىيىشى 19 - ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ئىش بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە شەھەر ئۇيغۇرلىرى ۋە يېزىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا توي مۇراسىمىدا ئاق رەڭلىك توي كۆڭلىكى كىيىش ئومۇملاشتى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئورتاق ھالدا دەپنە - مۇراسىملاردا ئەرلەر ۋە ئاياللار ئاساسەن ئاق رەڭلىك پوتا باغلايدۇ. ئاياللار ئاق ياكى قارا رەڭلىك ياغلىق ئارتىدۇ. ئەرلەر قارىغا مايىل سىدام ياكى قارا رەختلەردىن تىكىلگەن يەكتەك، تونلارنى كىيىدۇ. توي كۆينىكىنىڭ رەڭگى بىلەن قارىلىق كىيىمىنىڭ رەڭگىدىكى ئوخشاشلىق مەدەنىيەت تارىخى ئوخشاش بولمىغان ئەللەردىن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ خەلقىمىزدىكى ئىپادىسى، خالاس.

قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قارىلىق كىيىمى سېرىق رەڭ بولغان ئىكەن، چۈنكى سېرىق رەڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈلۈك يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى ئىدى. خىرىستىئان دىنىنىڭ بۇرۇنقى مۇخلىسلىرىنىڭ قارىلىق كىيىمى ئاق رەڭدە بولغان ئىكەن. چۈنكى ئاق رەڭ قايتا تىرىلىشنىڭ ئىپادىسى بولغاچقا، كىشىلەر ئۆلگۈچىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. بۇددا دىنىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قارا رەڭ قارىلىق قىلىشقا ماس كەلمەيدۇ.

چۈنكى بۇددا دىندا قارا رەڭ قاراڭغۇلۇقنىڭ نامايەندىسى ئىدى. مىسىرلىقلار ئاق رەڭنى بەخت ۋە دوستلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. «ياپونلۇقلاردا خەلق ئىچىدە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە يەر ئىلاھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈلىدىكەن، نەزىر ئىگىسى ئاق رەڭلىك كىيىم، قارا باش كىيىمى كىيىپ تاازىم بىلەن يەر ئىلاھىنىڭ پاكىزە يەرە چۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن». مۇڭغۇللار قارا رەڭلىك كىيىم كىيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قارا رەڭ يامانلىقنىڭ بىشارتى بولۇپ، بەختسىزلىك، بالا ـ قازا، نامراتلىق، تەھدىت، ئىچى يامانلىق قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئاق رەڭگە ئالاھىدە چوقۇنىدۇ. ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭ كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك قارىشىدىكى ئالاھىدە رەڭلەر بولۇپ، ماتەمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

## 1. ئۇيغۇرلاردىكى قارىلىق كىيىمنىڭ كېلىپ چىقىشى

نۇرغۇنلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا قارىلىق كىيىم ئىنسانلارنىڭ دەپنە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى، يەنى ھەممە نەرسىدە روھ بار دەپ قارايدىغان ئىپتىدائىي ئانىمىزىملىق ئېتىقادىدىن كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ دەپ قارىغان. ئىپتىدائىي ئېتىقادتا ئۆلگۈچىنىڭ روھى جاھاننى كېزىپ يۈرىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۆلگۈچى ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، نەزىر قىلىپ تۇرمىسا ئۆلگۈچىنىڭ روھى ھايات كىشىلەرگە تۈرلۈك بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن كىشىلەر نۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قارىلىق كىيىممۇ دەل روھتىن قورقۇشنىڭ نەتىجىسى بىلەن كېلىپ چىققان. قارىلىق كىيىمنىڭ ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ماتەم تەزىيە مەنىسى بىلدۈرۈشى كېيىن پەيدا بولغان قاراش ھېسابلىنىدۇ. قارىلىق كىيىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى مەلۇم پەرھىزنى ئىپادىلىگەنلىكىدە. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر روھلارغا نىسبەتەن قورقۇش پسىخىكىسىدا بولغان بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ ئۆزلىرىگە بالا ئېلىپ كېلىشىدىن قورققان، شۇڭلاشقا روھنىڭ تونۇيالماسلىقى ۋە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەپنە مۇراسىملاردا چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كىيىملىرىگە رەڭلەرنى سۈركەپ ئادەتتىكىدىن پەرقلەنگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمقى زاماندىكى قارىلىق كىيىملىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللىيەلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلگۈچى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇپ، قارىلىق كىيىمى كىيىدىغانلىقى تارىخى خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەن. «تارىخنامە، ھونلار تەزكىرىسى» دە: «مېيىت ساندۇققا سېلىنىدۇ، قارىلىق كىيىمى كىيىدۇ، ماتەم ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقانلار نەچچە مىڭغا يېتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئويمانلىقنىڭ شىمالىدىكى كۇچا، قارا شەھەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمى ھەققىدە تارىخنامىدىكى خاتىرىلە نىسبەتەن ئاددى بولۇپ، ئۆلۈك كۆيدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىدۇ، قارىلىق كىيىمى يەتتە كۈن كىيىلىدۇ. سوغدىلار ئادەتتە ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن. قارا رەڭ ئۇلاردا كىيىش چەكلىنىدىغان رەڭ بولغان. سوغدىلارنىڭ قارىلىق كىيىمى قارا رەڭدە بولغان.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە قارىلىق ئۈچۈن ئاساسەن ئاق ۋە قارا رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ. گەرچە بەزى رايونلاردا، بولۇپمۇ شەھەرلەردە قارىلىق كىيىمنىڭ شەكلى ۋە رەڭ ئالاھىدىلىكى يېزىلاردىكىدەك قويۇق بولمىسىمۇ، بىردەك ھالدا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش ئادىتى مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەت مائاشلىقلار قاتلىمىدا قارىلىق ئۈچۈن ئەرلەر دوپپا كىيىش، ئاياللار بېشىغا پەقەت ياغلىق ئارتىش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ قېلىپلىشىپ بولالماسلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بىنورمال ئۆزگىرىشتىن كەلگەن ئەھۋال. قارىلىق كىيىملەرنىڭ رەڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتى، دىنى قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمىدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرى

ۋەھالەنكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ دېتاللىرى مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىسىدۇر. بىر مىللەتنىڭ لوغەت فوندىدىكى سۆزلەرگە ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ. چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەردە مال ـ چارۋىلارنى ئاتاش ۋە يۇڭ بويۇملىرىغا نىسبەتەن لوغەت فوندى ئىنتايىن باي بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تىل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئېچىپ بېرىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ۋاستە. ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى ئاق ۋە قارا رەڭ چۈشەنچىسىمۇ دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

كۆپىنچە خەلقلەردە ئاساسەن دېگۈدەك قارا رەڭ يامانلىقنىڭ سىمۋولى، ئاق رەڭ پاكلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان. رەڭلەردىكى بۇ خىل قاراش كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىدىن كەلگەن بولۇپ، پاكىزە نەرسىلەر ئاق رەڭدە بولغان، مەينەت نەرسىلەر كۆپىنچە ھالدا قارا رەڭگە مايىل ۋە شۇ خىل رەڭدە بولغان. شۇڭلاشقا نۇرغۇنلىغان

مىللەتلەردە ئاق رەڭ پاكلىقنىڭ، قارا رەڭ يامانلىقنىڭ، بالايىئاپەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ۋە قارا رەڭ چۈشەنچىسىدىكى سىمۋوللۇق مەنىلەرمۇ باشقا خەلقلەر بىلەن ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرە قارا رەڭ قەبىھلىكنىڭ، يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە ئالىيجانابلىقنىڭ، ھۆرمەتنىڭ، چوڭ سۈپەتلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا چوڭلارنىڭ كىيىم كېيىشتىكى رەڭ ئۆلچىمىدە قارا ئاساس سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چوڭلارنىڭ نەزىرىدە سىدام ياكى قارىغا مايىل رەڭلەر ئۇلارنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن سوغۇققان، پىشقان ۋە توختالغان خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ خىل رەڭ قارىشى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رەڭ قارىشى بىلەن بىر نۇقتىدا كېسىشكەن. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا قارا سۆزىنىڭ «بۈيۈك، ئۇلۇغ» دېگەندەك مەنىلىرى بولغان. بۈگۈنكى كۈندىكى بۇ خىل مەنىلەر يوقالمىغان. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە قارا سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھات بېرىلگەن: 1. قارا رەڭ؛ 2. پۇقرا، خەلق، مىللەت؛ 3. ئۇلۇغ، كاتتا، چوڭ. ئۇيغۇر تىلىدا قارا سۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرىككەن شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. قارا چاپلىماق، قارىسى كۆرۈنمەك،قارا كۈن، قارا پېشانە، قارا يېتىم، قارا كۈچ، ئاق بىلەن قارا ( ھەق بىلەن ناھەق)، قارا باسماق...

قارا سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىنىڭ كۆپ بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى قارىمۇقارشى مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار قەدىمدە تۆت تەرەپنى تۆت خىل رەڭگە سىمۋول قىلغان. شەرق ئاق رەڭنىڭ، غەرب قىزىل رەڭنىڭ، جەنۇب يېشىل رەڭنىڭ، شىمال قارا رەڭنىڭ سىمۋولى بولغان. بىز مەڭگۈ تاشلاردىن كۆلتېگىننىڭ ئاق ئېتىغا مىنىپ جەڭگە كىرىپ، ئۇتۇق قازانغانلىقى ۋە ئاتلىق قىسىملارنىڭ ئاتنىڭ رەڭگى بويىچە سەپكە تىزىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلارنى ئۇچرىتىمىز.

قارا تىلىمىزدا نۇرغۇنلىغان مەنىلەرگە ئىگە. مەسىلەن، قىزلار ئۇچۈن قارا كۆز ۋە قارا چاچ گۈزەللىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئوقۇمىغان كىشىنى قارا قورساق دەپ تىللايدىغان ئادەت بار. قارا بالا ــ چوڭ بالا. ئۇيغۇرلاردا يەنە يوقلۇقنى قارا سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، قارا نوپۇس (نوپۇسى يوق)، قارا قورساق (بىلىمى يوق)، قارا توپراق (ئۆلۈم)، قارا كۆڭۈل (سەمىيەتسىز).

ئۇيغۇرلارنىڭ قارا رەڭ چۈشەنچىسىدىكى قارا رەڭنىڭ يامانلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قەبىھلىكنىڭ، يوقلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇشى باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىۋاستە رەڭ تۇيغۇسىدىن كەلگەن. «قاراڭغۇلۇق ۋە مەينەتلىك تەبىئىي ھالدا قارا رەڭنى ئەسلىتىدۇ. سىمۋوللۇق مەنىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قارا رەڭ يامانلىق ۋە ئىنكارنىڭ ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەڭ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تارىخىدا شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، زاراتۇسترا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئىشەنگەن بولۇپ، بۇ دىنلارنىڭ رەڭلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. شامان مانى، زاراتۇسترا دىنلىرىدا يورۇقلۇق مەدھىيلىنىپ، قاراڭغۇلۇقتا نەپرەت ئوقۇلغان. چۈنكى بۇ دىنلارنىڭ دىنى ئىدىيىسىدە يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق چىقارغۇچى شەيئىلەر ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان. ئاق رەڭ يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولغاچقا مانى مۇخلىسلىرى ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگەن. شامان دىنى گەرچە كۆن تەڭرى، ئاي تەڭرى قاتارلىقلارنى ئۇلۇغلىسىمۇ، ئەمما شامانلارنىڭ كىيىمىدە ئاق رەڭ يوق دېيەرلىك. بۇددا دىنى يورۇقلۇقنى مەدھىيلىگەچكە، قارا رەڭ قاراڭغۇلۇق، زاۋاللىقنىڭ، دوزاخنىڭ سىمۋولى بولغان. بۇددا دىنىدا ئاق رەڭلىك نىلۇپەر قايتا ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى بولغان. خىرىستىيان دىنىدا ئەيسا تىرىلگەندە ئاق كىيىم كىيەرمىش.

ئاق رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇقەددەس رەڭلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان زاراتۇسترا دىنى، شامان دىنى ۋە مانى دىنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاق رەڭگە بولغان سىمۋوللۇق چۈشەنچە مەۋجۇت بولۇپ، ئاق رەڭ تەڭرىنىڭ، يورۇقلۇقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە بىراۋ سەپەرگە چىقسا ئاق يول بولسۇن دەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن قارىلىق كىيىمى كىيىشتە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان مىللەتلەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردە ئاق رەڭ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۇلار ئاق رەڭلىك باش كىيىمى كىيىدۇ، ئاق ياغلىق ئارتىدۇ. ئاق كىيىم كىيىدۇ. دىنىي خادىملار ئاق رەڭلىك سەللە ئورايدۇ. ھەجگە بارغاندا ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ. ئۆلگەندە ئاق رەڭلىك رەخت بىلەن كېپەنلىك قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى يەنە قارا رەڭنى ئۇلۇغلايدىغان دىن. قارا رەڭ تەمكىنلىك، ئېغىر ــ بېسىقلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، يەنە ئېگىز، چوڭ، كۈچلۈك، ھۆرمەت مەنىسىگە ئىگە. قارا رەڭ مەرتىۋىنى ئىپادىلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئىدىيىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، بەخت ۋە ئىلاھىيلىق قاتارلىق كۆپ خىل مەنىلەرگە ئىگە بولغان. ئىسلام دىنى ئاق رەڭنى ئۇلۇغلىغانغا ئوخشاش قارا رەڭنىمۇ ئۇلۇغلايدۇ.

ئەرەب قۇملۇقىغا كۈن نۇرى تىك چۈشكەچكە، ئاق رەڭ كۈن نۇرىنى توسۇپ ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەرەبلەردە ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىش ئادەتكە ئايلانغان. ئىسلام دىنىدا كىيىملەرنىڭ بەك رەڭلىك ۋە گۈللۈك بولۇپ كېتىشى چەكلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۈللۈك ۋە قىزىل رەڭلەردىن كىيىم كىيىش چەكلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنىدا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپىنچە مىللەتلەردە ئاق ياكى قارا رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش ئومۇملاشقان ئادەتلەرنىڭ بىرى. روھنىڭ رەڭگى دىنى تۈستىكى كىيىملەرنىڭ رەڭگى ھېسابلانغان، ئاق رەڭ قەدىمدىن بۇيان دىنى خادىملارنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى بولغان. ھىندىستان ۋە ياپونىيەدىكى دىنى خادىملار ئاق رەڭلىك كىيىم كىيگەن. كاتولىك دىنىدا ئىبادەت قىلىدىغان چاغدا پوپلار ئاق رەڭلىك ئۇزۇن يەكتەك كىيگەن. دۆلىتىمىزدە خۇيزۇلار ئاساسەن ئاق ۋە قارا رەڭدە كىيىم كىيىدۇ. يەنى ئەرلەر ئاق بۆك، ئاياللار ئاق ۋە قارا رەڭلىك ياغلىق ئارتىدۇ. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار بۇنى بىردەك ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ پاكىزلىقىنى سۆيىدىغان قارىشىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ.

**3. خەلقىمىزنىڭ قارىلىق كىيىمىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى**

مېنىڭچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمىدىكى ئاق ۋە قارا رەڭلەرنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن:

ئاق رەڭ قەدىمدىن بۇيان پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سىمۋولى بولغانغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىم مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى يوقاتمىغان. ئاق رەڭنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دەپنە مۇراسىملاردا ماتەم ـ تەزىيە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن. دەسلەپتە ئېيتىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مانى، شامان، زارائاستىر، بۇددا دىنلىرىنىڭ ھەممىسى يورۇقلۇقنىڭ مەنبىئى بولغان ئاق رەڭگە ئالاھىدە ئىلاس قىلاتتى. ئىلاسم دىنى گەرچە ھەممە نەرسىدە روھ بار دەپ قارىمىسىمۇ، ئەمما زېمىندىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ جېنى بار دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. مەيلى قەدىمدە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇرلاردا ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ، دەيدىغان قاراش بولغاچقا ئۇيغۇرلار ماتەم ئۈچۈن ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشى ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئۈچۈن ئاق سەپەر تىلەش، ئۆلگۈچىنىڭ پاكلىقىنى تىلەش ۋە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇپ، جەننەتكە كىرىشىنى يوشۇرۇن ئۈمىد قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمىنىڭ ئىگىلەيدىغان نىسبىتى ئادەم بەدىنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئاق رەڭنىڭ ۋاستىلىق رولى ئارقىلىق ئادەم ئەڭ ئاخىرى ئىلاھقا يېقىنلىشالايدۇ. چۈنكى ئۆلۈم يوقىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يوقلۇق دۇنياسىغا قايتىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «مۇقەددەسلىك» ئاق رەڭنىڭ باشقا بىر مەدەنىيەت مەنىسىنى بەرپا قىلىدۇ. «ئاق رەڭنىڭ قارىلىق كىيىمى قىلىنىشىنىڭ مەنبەسى دىندىكى دۇنيا ئالمىشىش قارىشىدىن كەلگەن بولۇپ، دۇنيا ئالمىشىش ئىدىيەسى ئۆلۈمنى بۇ دۇنيادىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىش دەپ قارىمايدۇ.

قارا رەڭنىڭ ھازىرلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل رەڭ قارىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن. قارا رەڭ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار مۇسىبەت ۋە ھازا مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىلىق كىيىمىدىكى قارا رەڭ ئادەتتە بەدەننىڭ تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى جايلاردا ئاياللار قارىلىق ئۈچۈن ياغلىقنىڭ قارىسىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئوخشاشلا ماتەم ۋە مۇسىبەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. خوتەننىڭ كېرىيە رايونىدىكى ئاياللا قارىلىق ئۈچۈن قارا كىچىك دوپپىسىنى ئىشلىتىدۇ ۋە ئۇنى بېشىدىكى ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە قوندۇرىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا بەدەن ۋە تۆۋەن قىسىملارغا قارا رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ. خوتەننىڭ باشقا جايلىرىدا ئاياللار ئايرىم ساندا قارا ياغلىق ئارتىدىغان ئىشمۇ بار بولۇپ، خوتەندە ئاياللار ئاقسۇ رايونلىرىدىكىدەك بىلىگە ئاق سالىدىغا ئىش يوق. يىغىپ ئېيتساق، ئاق رەڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۇ دۇنيالىق سەپىرى ئۈچۈن ياخشى تىلەك، پاكلىق ۋە ئۈمىد مەنىسىدە، قارا رەڭ پەقەت تەزىيە، يەنى مۇسىبەت بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، قارىلىق كىيىمنىڭ رەڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەڭلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىنىڭ تارىخ يىلتىزىنى چۈشەنگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ۋە ھازىرقى ھەققىدىكى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولىكلور كەسپى 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ۋاقىت ۋە ھايات

گۇلمىھرە زۇنۇن

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، تەبىئەت دۇنياسىدا، پۈتكۈل يەرشارىدا، پايانسىز ئالەمدە ھەممىگە سىڭگەن، ئۈن ـ تىنسىز، شەكىلسىز، ئەمما ئاجايىپ زور بەلگىلەش كۈچىگە ئىگە قۇدرەتلىك نەرسە بار. ئۇنىڭسىز ماكان، زامان بولمايدۇ، ئۇ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، ھەممىدە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزىدۇ.

ئۇ تاڭ سەھەردە چېچىلىۋاتقان ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىدا ۋە شەلپەردەك يېيىلىۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرىدا مەۋجۇت؛ ئۇ ھەر بىر تال يېشىل ياپراقتا، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ۋە تاغۇ ـ دەريالاردا مەۋجۇت؛ ئۇ ياشانغانلارنىڭ چىرايىدىكى سان ـ ساناقسىز قورۇقتا، قىزلارنىڭ يۈزلىرىدە مەۋجۇت؛ ئۇ ئەلئىھرامدا، قەدىمكى رىمدىكى ھايۋان سوقۇشتۇرۇش مەيدانلىرىدا ۋە سەددىچىن سېپىلىدىكى ئۆپراپ كەتكەن خىش ـ تاشلاردا مەۋجۇت؛ ئۇ مۇزىيلارغا قويۇلغان تاش ۋاشاق، مىس داڭقان، خۇمىن زەمبىرەكى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئورغاق ـ بولقا شەكلى چۈشۈرۈلگەن بايرىقىدا مەۋجۇت؛ ئۇ بۈگۈن نەشىر قىلىنغان گېزىتتە ۋە ئالىملارنى مەپتۇن قىلىۋاتقان قەدىمىي يادىكارلىقلاردا مەۋجۇت؛ ئۇ كۆكتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىز ۋە ئاستا كېتىۋاتقان كالا ھارۋىلىرىدا مەۋجۇت؛ ئۇ ھەيۋەتلىك سائەت مۇنارلىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىكىدىكى كىچىككىنە قول سائەتلىرىدە، كۆكتىكى چاقناپ تۇرغان ھەر بىر يۇلتۇزدا مەۋجۇت؛ ئۇ مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئوقۇپ نەتىجىگە ئېرىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈلكە يۈگۈرگەن يۈزلىرىدە مەۋجۇت ۋە ياكى «ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى» نىمۇ قولىغا ئالالماي يىغلاپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىرىدا مەۋجۇت. مانا بۇ — ۋاقىتتۇر.

ئەڭ ئۇزۇن نەرسە ـ ۋاقىت، چۈنكى ئۇنىڭ چېكى يوق؛ ئەڭ قىسقا نەرسىمۇ ۋاقىت، چۈنكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەممە پىلانلىرىنى، نىشانلىرىنى ئورۇنلاپ تۈگىتەلمەيدۇ. كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئۈچۈن ۋاقىت ئەڭ ئاستا، خوشال ئۆتكەنلەر ئۈچۈن ۋاقىت ئەڭ تېز بولىدۇ. ئۇنى چەكسىزلىككە زورايتقىلى ھەم بۆلۈپ چەكسىز كىچىكلەتكىلىمۇ بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۆتۈپ كەتكەندە ھەممە كىشى ئېچىنىدۇ. ئۇ بولمايدىكەن، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار خاتىرىلەشكە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرنى يادىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلۇغ نەرسىلەرگە مەڭگۈلۈك ھايات بەخش ئېتىدۇ. مانا بۇ ۋاقىت، ۋاقىت نەقەدەر سىرلىق ۋە كىشىنى نەقەدەر مەپتۇن قىلىدۇ ـ ھە!

«نادانلار زارلىنار تۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا، دانالار ئېچىنار كۈنىنىڭ قىسقىلىقىغا.» مەن بۇ سۆزگە ناھايىتى قىزىقىمەن، ئۇنىڭ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە مانا مۇشۇنداق زارلىنىدىغان نادان ياشلىرىمىز كۆپەيمەكتە، كۈن ـ كۈنلەپ، ئاي ـ ئايلاپ لاغايلاپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي ۋاقىت دوقمۇشىدا تەمتىرەپ يۈرگەن شۇ بىچارە ياشلىرىمىزغا: «ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتىڭنى تۇتۇۋال، ئېسىت دەيسەن، ئېچىنىسەن، بۈگۈن ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە. ئىزىنىمۇ تاپالمايسەن ئەتە ئۇنى ئىزدىگەندە» دەپ تەكىتلەپ قويغۇم كېلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىمدە ئوقۇغۇچىلىرىمغا ھەمىشە دىن كۆپ تەكىتلەيدىغىنىم: «ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭلار!» دېگەن سۆز بولسا كېرەك. مەن ھازىرقى ياشلىرىمىزغا، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئۆزۈمنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسى ۋە ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن، ۋاقىتنى ۋە ھاياتنى قەدىرلەش ئۈستىدە پىكىر ئورتاقلىقى ھاسىل قىلىشنى لايىق تاپتىم. بۇنىڭ ياشلارنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ۋاقىتنى ھەم ھاياتنى قەدىرلىشىگە ئاز ـ تولا ئىلھام بولۇشىنى، ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالدى بىلەن ۋاقىت روھىڭىزنى يېتىلدۈرۈڭ. تۇرمۇشتا كۆپ ئادەم ۋاقىتنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، تالاي قېتىم زور ئىرادە تىكلەيدۇ، ئىنچىكە پىلانلارنى تۈزىدۇ، نىشانلارنى بېكىتىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ پىلانلىرى ئۇزۇنغا بارمايلا يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. بۇ دەل «نەزمىنامە» دىكى «ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشى باردۇر، ئەمما ئازدۇر غەلىبىلىك ئاخىرلاشقىنى» دېگەن ھېكمەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلاردا زادى نېمە كەمچىل؟ ئۇلاردا كەمچىل بولۇۋاتقىنى دەل ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، قەدىرلەش روھىدۇر. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ۋاقىت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاقىتنى پىلانلاش، ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ بىر خىل سەنئەتتۇر. ئۇنداق بولسا، ۋاقىتىمىزنى قانداق پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرىمىز؟

ۋاقىتنى پىلانلاشتا ئۇسۇل ئىنتايىن مۇھىم ئۇنى پەقەت

مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ خۇددى لايغا ئوخشاش، چىڭ تۇتمىسىڭىز بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن قېچىپ كېتىدۇ. چىڭ تۇتۇش ۋاقىتنى پىلانلاشتىكى توپ مەسىلە، پەقەت چىڭ تۇتقاندىلا ۋاقىتنى پىلانلاشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ھەر قانداق بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك بولىدۇ، ۋاقىت كۆپ بولسا، ئىمكانىيەت كۆپرەك بولىدۇ-دە، پىلانلىق، ئىلمىي ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. ۋاقىتنى تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي، پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

## بىرىنچى، ۋاقىت پىلانلاشنىڭ تۈرلىرى

**1. ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش.** بۇ،ئۇزۇن مۇددەتلىك، ھەتتا پۈتۈن بىر ئۆمۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا بىر ياكى بىر نەچچە كۆرەش نىشانى بەلگىلەپ چىقىلغان، ئومۇمىي پىلان تۈزۈپ چىقىلغان بولىدۇ.

**2. باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرۇش.** ۋاقىت باسقۇچلارغا، يەنى بىر ھەپتىگە، بىر ئايغا، بىر يىلغا ھەتتا بىر نەچچە يىلغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەلۇم بىر نىشانغا يېتىشكە سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت بەلگىلىنىدۇ.

**3. قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش.** قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇنىڭدا مەلۇم ۋاقىت، سائەت، كۈنلەرنى بىرلىك قىلغان ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قولغا ئالماقچى بولغان ، قىلىدىغان ياكى پۈتكۈزىدىغان ئىشلار بەلگىلىنىدۇ.

## ئىككىنچى، ۋاقىت پىلانلاش ئۇسۇلى

**1. ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇش.** ئېنىق بىر پىلان ياكى ۋاقىت جەدۋىلى بولۇشى، بولسا ۋاقىت تەپسىلىي خاتىرىلەپ قويۇلۇشى كېرەك.

**2. ئادەتتىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇش.** تەخمىنەن بىرەر ۋاقىتنى پىلانلاپ تىرىشىش نىشانىنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش زۆرۈر. بۇنىڭدا ۋاقىت چېكى بولمايدۇ، دائىم ھېسابلاپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولمايدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىدىغان كىشىلەر كۆپرەك. بۇ ئۇسۇلنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، بىر قەدەر جانلىق بولىدۇ، ۋاقىت قاتتىق چەكلەنمەيدۇ.

**3. كەيپىياتقا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش.** بۇ، ۋاقىتنى كەيپىياتقا، ئىلھامنىڭ كېلىشىگە، ئىجادىيەت ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى شەخسنىڭ ئۆز ئادىتىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى مەشغۇلات تەرتىۋىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئېپى كەلگەن چاغدا داۋاملىق ئىشلەشكە بولىدۇ.

**4. مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش.** ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ـ بىر قىسىم ۋاقىتنى يىغىپ ئەڭ مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈشكە قارىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەرگىزمۇ ۋاقىتنى پارچىلىۋەتمەسلىك كېرەك، بىرەر ئىشنى باشلا ـ باشلىمايلا ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ۋاقىتنى بۆلۈۋەتسەك، دىققەت چېچىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلىمۇ بولمايدۇ، ۋاقىتنى يىغىپ دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ.

**5. ئارىلىقتىكى ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇش.** تۇرمۇشتا پارچە ۋاقىتلار نۇرغۇن، يوشۇرۇن كۈچىمۇ زور. پارچە ۋاقىت ئومۇمىي ۋاقىت ئارىلىقىدىكى ۋاقىتلار بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا ماھىر بولۇش كېرەك. ئۇخلاشتىن بۇرۇن، تاماقتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن، باردى ـ كەلدى ئارىلىقلىرىدا، بىرەر نەرسىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، دەرس ئارىلىقىدىكى بىكار ۋاقىتلارنى كىشىلەر بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان، ئەمما ۋاقىتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەر مۇشۇنداق ۋاقىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

## ئۈچىنچى، ۋاقىت پىلانلاش تەرتىۋى

بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشتا ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىش كېرەك:

1. قايسى ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟

2. ھەر بىر ئىشنى ئورۇنلاپ بولۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

3. ئىشلەشكە تېگىشلىك بۇ ئىشلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى قانداق (يەنى ئاۋۋال قايسىسىنى، ئاندىن قايسىسىنى ئىشلەش كېرەك) دېگەندەك.

ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئالدىراش ئىشلارنى ئاۋۋال بېجىرىدىغان ئادىتى بار. ئەمما بەزىدە ئالدىراش ئىشنىڭ مۇھىم ئىش بولۇشى ناتايىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشنىڭ مۇھىملىقىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرغان تۈزۈك. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە، مۇھىملىقى جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ياكى پەرقلەندۈرۈش قىيىن بولغان ئىشلارنى سەرپ قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئالدىدا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغىنىنى ئىشلەش، ئاندىن قىسقا ۋاقىت كېتىدىغىنىنى ئىشلەش كېرەك. بەزىدە قىسقا ۋاقىت كېتىدىغىنىنى ئالدىدا ئىشلەپ،ئاندىن ۋاقىتنى، زېھنىنى ۋە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغىنىنى ئىشلىسىمۇ بولىدۇ. بەزى ھاللاردا ئىشنىڭ قىيىن ۋە ئاسانلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ئىمتىھان بەرگەندە، تەجرىبىلىك كىشىلەر ئالدى بىلەن ئاسان سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ، ئاخىرىدا قىيىن سوئاللار ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ. ئەگەر دەسلەپتە قىيىن سوئاللار بىلەن بولۇپ كېتىپ قالغاندا، ۋاقىتنى

(ئاخىرى 73 ـ بەتتە)

# جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنى ھەم ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللارنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدىغان پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىگە تەبىر بېرىشكە توغرا كەلگەندە مۇنداق تۆت نۇقتا ھەققىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق — بىر پەن. يەنى جەمئىيەتشۇناسلىقتا سىستېمىلىق كۆزىتىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن دەلىل ـ ئىسپاتلار ئاساسىدا مۇئەييەن بىر سوئالغا لوگىكىلىق يوسۇندا جاۋاب ئىزدىلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات داۋامىدا جەمئىيەتشۇناسلار ئەمەلىي پاكىتلارنى توپلاش ئۈچۈن سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ يوسۇندا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ؛ ھېسسىياتقا بېرىلمەيدۇ. ئەرزىگۈدەك سوئالنى تېپىش جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قەدەم. ئاندىن تەتقىقاتچى باشقا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىشى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ ياردىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كەڭ بىر ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ — مۇئەييەن بىر ئائىلىنىڭ، مۇئەييەن بىر مەكتەپنىڭ ياكى مۇئەييەن بىر دۆلەتنىڭ ئەزاسىمىز. ئاشۇ ئىجتىمائىي سىستېمىلار نىسپىي ھالدا بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزنى بەلگىلەيدۇ ۋە ھاياتىمىزنى مۇئەييەن بىر تەرتىپكە سالىدۇ. ئادەملەرنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەت ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئادەملەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ، ئەمما جەمئىيەت نىسپىي ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار بىر جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ئالاقىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. سىز مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلدا باشقا بىر ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىسىز، قارشى تەرەپمۇ مۇئەييەن بىر ئۇسۇلدا سىزگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئاشۇ ھەرىكەتلەر ۋە ئىنكاسلار ئىجتىمائىي ئالاقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىختىيارىي، ئادەتتىكىچە ئالاقىلەرمۇ، رەسمىي، نورمال ئالاقىلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئىككى ئادەمنىڭ يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىشى بىلەن ئىككى دۆلەت زۇڭتۇڭىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى ئوخشاشلا بىر ئىجتىمائىي ئالاقە شەكلى بولۇپ، بۇ ھال مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە يۈرۈشۈش ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قوشۇپ قويۇش كېرەككى، بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز چۆلدە ياكى مەلۇم بىر جايدا ھەرىكەت قىلسا، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇش ئۈچۈن ئادەملەر باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغان بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تار مەنىدىن جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزگىرىشنى تەتقىق قىلىدۇ دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات مۇئەييەن بىر ئەندىزە مۇئەييەن بىر قۇرۇلما ئىچىدە داۋاملاشسىمۇ، ئەمما ئۇ ھامان ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولىدۇ. ھەتتا ھاياتىمىزنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىدا جىق ئۆزگىرىش بولمىغان تەقدىردىمۇ بۈگۈنىمىز تۈنۈگۈنىدىن پەرقلىنىشى مۇمكىن (تىم كۇرى، روبېرت جيۇبو، كېنت سىۋرىيەن، 5 ـ 2: 2008).

يۇقىرىقى تۆت نۇقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە تەتقىقات دائىرىسى ھەققىدىكى ئەڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى يۇقىرىدا دېيىلگەن بىر نەچچە نۇقتا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭكى، يول ئۈستىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ پارىڭىدىن تارتىپ يەر شارىلىشىش مۇساپىسىگىچە بولغان نۇرغۇن تېما جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىدە بولىدۇ.

## جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە قانداق ياردەم بېرىدۇ؟

ئۆزىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا ئېرىشكەن تونۇشلىرىمىز ئاساسىدا دۇنيانى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى نېمىشقا ھازىرقى ھايات شەكلىگە ئېرىشكەنلىكىمىز، قانداق بولۇپ ھازىرقى كىملىكىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە ھازىرغىچە توغرا، نورمال، تەبىئىي بىلىنىپ كەلگەن تونۇشلارنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە بىز ھازىر

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى

كۈنگەن ھايات شەكلىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە جەريانلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز جەمئىيەتشۇناسلىقنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگىنىمىزدە ئەتراپىمىزدىكى ئىجتىمائىي كونتېكىستتىن دېرەك بېرىدىغان شەخسىي ھاياتىمىزنىڭ يۈرۈشۈشىدىكى مۇرەككەپ سىرلارنى ۋە مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. سەۋەبى، جەمئىيەتشۇناسلارچە ئويلىنىشنى ئۆگىنىش دېگەنلىك جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر. جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش يالغۇز بىلىم ئېلىش جەريانىلا ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ھاياتىنىڭ چۈشەنچىلىرىدىن ۋە بىر تەرەپلىمە تونۇشلىرىدىن خالىي بولالايدىغان ۋە مەسىلىنى كەڭرى كونتېكىستتا قويۇپ پىكىر قىلالايدىغان ئادەملەردۇر (ئانتونى گىددىنس، 2001 - يىل).

جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ، بۇ ئۇقۇم ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى س. رايت مىللس (1916 - 1961) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر دېگەنلىك كۈندىلىك ھاياتىمىز توغرىسىدا ئادەتلەنگەن، تەييار تونۇشىمىزدىن خالىي ھالدا ئويلىنىش دېگەنلىكتۇر (س. رايت مىللس، 1970 - يىل). مەسىلەن، ئۆلۈۋېلىشتىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى مىسالغا ئالساق، بىر جەمئىيەتتە بىر ئادەم ئۆلۈۋالسا ئۇ بىر شەخسنىڭ مەسىلىسىدۇر. ئەمما بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈۋالسا ئۇ ئومۇمنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى مەسىلىلەردىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىرغىچە بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئۆلۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش رىتىمى تېز دۆلەتلەردە يۇقىرى، مۇسۇلمان ئەللىرىدە تۆۋەن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش بىزدىن جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش بىزگە مەدەنىيەتنىڭ كۈچىنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىمىز ئادەتلەنگەندەك بىرلا خىل بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ بىزگە ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئوبيېكتىپ، سوغۇققان پىكىر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. باشقىلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى، قانداق مەدەنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنسەك، ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىنىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. كۆپىنچە ھاللاردا بىزنىڭ ئادەتلەنگەن تونۇشلىرىمىز ئاساسىدا باشقىلار ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈمىمىزدە چولتىلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە مەسىلىگە بىر كۆز بىلەن قارىماسلىقنى، ئوبيېكتىپ يوسۇندا پىكىر قىلىشنى، باشقىلارغا قارىغۇلارچە باھا بەرمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تونۇتىدۇ، كىملىكىمىز ھەققىدە چوڭقۇرراق چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلدۇرىدۇ. ئۆزىمىزنى، بىزنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەتنى ياخشىراق چۈشەنسەك، كەلگۈسىمىزگە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق يوسۇندا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز. ئۆزىنى جەمئىيەتشۇناسلىق بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىگەن ئادەملەر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بايقاشلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرگە تېخىمۇ ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئىنكاس قايتۇرۇپ ھەرىكەتلىرىنى تەڭشىيەلەيدۇ. مەسىلەن، ھازىرغىچە غەرب ئەللىرىدە مۇھەت ئاسراش خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى ھەرىكەتلەردە، مۇھىتنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكى مەلۇم.

سىياسەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۈنۈمىنى تەھلىل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىش — جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى كۆزلەپ يۈرگۈزۈلگەن سىياسەت ئەسلىدىكى مەقسەتلىرىگە يېتەلمەسلىكى ياكى كۈتمىگەن ئاقىۋەت سادىر قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۇرغۇن ئادەملەر روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنى روھىي كېسەللەرنى داۋالايدىغان جاي دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ئېرۋىڭ گوفمان 1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىدىكى بىر قانچە چوڭ دوختۇرخانىلاردا جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئارقىلىق روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنىڭ بىمار داۋالاش مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى كېسەلنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدىغانلىقى، بۇنداق بولۇشىغا دوختۇرخانىدىكى خىزمەت قائىدىلىرى ۋە قائىدە - تۈزۈملەر سەۋەب بولغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئەگەر بىز جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي دۇنياسى ھەققىدە ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭىچە تونۇشلارغا ئىگە بولالايمىز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنى تەڭشىيەلەيمىز.

## جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى

پسخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتشۇناسلىق غەربتە پەيدا بولغان ۋە غەربتە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىن 250 يىل بۇرۇن

جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن پەن تۇغۇل، بۇنداق ئۇقۇممۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ شەكىللىنىشىگە 18 ـ، 19 ـ ئەسىردىكى غەرب دۇنياسىدا كۆرۈلگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر سەۋەبچى بولدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ھەم ئوتتۇرىلىرىدا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە شۇ چاغدىكى كىشىلەر ھېس قىلىپ بولالمايدىغان دەرىجىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىرىغا يېتەلمىدى. شۇ دەۋردىكى مۇتەپەككۇرلار ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاشۇ قاراشلار ئاستا ـ ئاستا جۇغلىنىپ جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەدە ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار جەمئىيەتنى ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق يوسۇندا تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە ئەنئەنىۋى ياكى دىنىي تۈسى قويۇق تونۇشلارنىڭ ئورنىنى ئەقلىيلەشكەن، ھېسسىياتتىن خالىي تونۇشلار ئىگىلەشكە باشلىدى.

1789 ـ يىلى پارتلىغان فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئەنە شۇ ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاب بولدى. فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى فىرانسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ئومۇمييۈزلۈك داۋالغۇتقان بىر ئىنقىلاب بولدى، شۇنداقلا غەرب دۇنياسىدا زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش مۇساپىسىنىڭ سىگنالىنى چالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەدە پارتلىغان سانائەت ئىنقىلابى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى يەنە بىرقەدەم ئالغا سىلجىتتى. بۇ ئىنقىلاب كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتتى، جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىدى. مەسىلەن، پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن يەنە بىر كۈچلۈك ئېنېرگىيە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولدى؛ پاراخوتلار دولقۇنغا ۋە شامالغا بېقىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلدى؛ تۆمۈريوللاردا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان يولۇچىلار پويىز ئارقىلىق توشۇلىدىغان بولدى. شەھەرلەر كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە غەربىي ياۋروپادا ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ سىياسىي تەرتىپتىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ھۆكۈمەتتە ئۆز ئاۋازىنى ياڭرىتالايدىغان بولدى.

فېئودال جەمئىيەتنىڭ ئەنە شۇ يوسۇندا ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا جەمئىيەتشۇناسلىق ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى پەننى بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكەن، پۈتكۈل ياۋروپادا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشىنىش تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولاتتى. فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئاۋگۇست كومىت (1798 ـ 1857) «جەمئىيەتشۇناسلىق» سۆزىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ «تەجرىبىچىلىك پەلسەپىسى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كومىت سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان ياۋروپانىڭ يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆزىتىش، تەجرىبە ئاساسىدا ئېرىشكەن پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ خىل ئېھتىياج ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت يېڭى بىر پەننىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھازىرغىچە ئۆزىنى چۈشىنىش جەريانى دىنىي تونۇش، مېتافىزىك تونۇش ۋە ئىلمىي تونۇشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى. ئىلمىي تونۇش ئوبيېكتىپ پاكىت ۋە سىستېمىلىق كۆزىتىشنى ئاساس قىلغان تونۇش بولۇپ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مۇشۇ خىل تونۇش بىلەنلا شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق دەل ئىلمىي تونۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان پەن. گەرچە ئاۋگۇست كومىتنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرى ھازىرقى جەمئىيەتشۇناسلىق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن گۆدەك ۋە ساددا بولسىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پەن بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئۇنىڭ ئوينىغان رولىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

## جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پېشۋالىرى ۋە ئاساسلىق نەزەرىيە سىستېمىلىرى

ئاۋگۇست كومىتتىن 20 يىل كېيىن تۇغۇلغان كارل ماركس سانائەت ئىنقىلابىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ ھېسابلىدى. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە بارلىققا كەلدى. كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى سەۋەبلىك ھالڭ پەيدا بولدى. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئېزىلگۈچىلەر ئۆز تەبىئىتىدىن، مەھ-

سولاتتىنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئەتراپىدىكىلەردىن ياتلاشتى. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە ئىگە بولالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. كارل ماركس كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاخىرى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە، ئىنقىلابقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ پەرىزى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئىسپاتلاندى، ماركسنىڭ نەزەرىيەلىرى توقۇنۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ئاۋگوست كومىت ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى ئېمىل دۇركايىم (1817 ـ 1958) ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پىنىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئېمىل دۇركايىمنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئاسان ئۇيۇشالايدۇ؛ چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئورتاق مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشى ئاساسىدا بىرلىككە كېلەلەيدۇ. سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە بولسا كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى بېقىنغانلىقى ئۈچۈن يېقىنلىشىدۇ. سەۋەبى، بۇنداق جەمئىيەتلەردە پەرقلىق ئىش تەقسىماتى بويىچە ئىجتىمائىي كاتېگورىيەلەرگە ئورالغان ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ھاجىتى چۈشىدۇ. دۇركايىمنىڭ قارىشىچە، سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە سانائەتلىشىش جەريانى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنى يىمىرىپ تاشلىدى؛ ئەمما شۇنىڭغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە تاپتىن چىقىش، ئۆلۈۋېلىش ھادىسىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇ بۇ خىلدىكى قاراشلىرىنى «ئۆلۈۋېلىش»، «ئىش تەقسىماتى»، «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈردى ـ دە، جەمئىيەتشۇناسلىقتا فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

فىرانسىيەگە قوشنا گېرمانىيەدە ماكس ۋېبېر (1820 ـ 1964) ئىسىملىك بىر مۇتەپەككۇر ئېمىل دۇركايىم بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بىر دەۋردە دېگۇدەك قەلەم تەۋرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كاپىتالىزم روھى ۋە پروتېستانت ئەخلاقى»، «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت» قاتارلىق بەش يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، سانائەتلىشىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنۇم، نىشان ۋە پايدىنى قوغلىشىپ ھېسابچى، پۇرسەتپەرەس بولۇپ كېتىدۇ؛ ھېسسىياتچانلىق ئەمەس، ئەقلىيلىشىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئورگانلارغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا چۈشىدىغان ئېھتىياج ئېشىپ، بيوروكراتلىق ئەۋج ئالىدۇ. سانائەتلەشكەن، بيوروكراتىك جەمئىيەتلەردە ياشىغۇچى ئاخىرى بيوروكراتلىق ۋە باشقۇرۇش شەكلىنىڭ (ماكس ۋېبېر ئۇنى «تۆمۈر قەپەز» دەپ ئاتايدۇ) تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىنسانلىق سۈپىتىنى بارغانسېرى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ ئەسەرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر ھەرىكەتكە يۈكلەنگەن مەنەلەرنى شەرھلەش ئاساسىي تېما بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىلەن كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىقتا سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

كار ماركس، ئېمىل دۇركايىم، ماكس ۋېبېر باشچىلىقىدىكى ياۋروپا جەمئىيەتشۇناسلىقى ئامېرىكىغا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىلا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىر ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك جەمئىيەتشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلار بىر مۇنچىلىغان تالانتلىق ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكولتېتى شەھەر تەتقىقاتى ۋە سىمۋوللۇق ئالاقە ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن زور شۆھرەت قازاندى. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى جورج مىد (1863 ـ 1931) ئەنە شۇ چىكاگو پىكىر ئېقىمىغا ۋە سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم جەمئىيەتشۇناس ئىدى. جورج مىدنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا يېتىلىدۇ. رول، قىياپەت ۋە پاراڭ ئاشۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئۈچ مۇھىم ئېلېمېنتى بولۇپ، ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك مەنەلەرنى، سىمۋوللارنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا ئادەملەر ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ ۋە ئۆز ھەرىكىتىدە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىنكاسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جورج مىدنىڭ قاراشلىرى كېيىن ئېرۋىڭ گوفمان، خېربېرت بلۇمېر قاتارلىق نەزەرىيەچىلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاقە ھەققىدىكى نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى تۇرغۇزۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونس (1902 ـ 1979) فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى ئېمىل دۇركايىمنىڭ نەزەرىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشتى. فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى بويىچە ئويلانغاندا، جەمئىيەت ھەر خىل ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ ماسلىشىپ يۈرۈشۈشى نەتى-

جىسمىدە تەرتىپ ۋە ئىناقلىق ساقلىنىدىغان ماكرو قۇرۇلما. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى بولسا جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىشتۇر. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىستېمىلارنىڭ يۇرۇشۇشى ئىنساننىڭ ئىچكى ئورگانىزملىرىنىڭ يۇرۇشۇشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىز يۈرەكتىن ئىبارەت قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزانىڭ فۇنكسىيەسىنى چۈشەنمەكچى بولساق، يۈرەكنىڭ باشقا ئورگانىزملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىز جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت - مائارىپ، سىياسىي - ئىقتىساد، قاتارلىق ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ باشقا سىستېمىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ بېرىشىمىز كېرەك. فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىدىكى رولىغا يۇكسەك باھا بېرىدۇ.

توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىگە قارشى پىكىر قىلىش ۋە كارل ماركس نەزەرىيەسىدىن ئىلھاملىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولدى. ئەنگلىيەلىك جەمئىيەتشۇناس رالف دارېندورف ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى لېۋىس كوزېر توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى فۇنكسىيىزمچى نەزەرىيەچىلەرگە ئوخشاشلا بىر جەمئىيەتتە قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ئەمما فۇنكسىيىزمچى نەزەرىيەچىلەرنىڭ قىممەت قاراش ۋە ئورتاقلىقنى زىيادە تەكىتلىشىگە قارشى تۇرىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەت ئارزۇ - ھەۋەسى، قىزىقىشى، مەنپەئەتى ھەر خىل بولغان ئىجتىمائىي توپلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ھەر خىل مەنپەئەت، ھەر خىل قىزىقىش بولىدۇ دېگەنلىك — زىددىيەتنىڭ ئۇرۇقى بار دېگەنلىكتۇر. جەمئىيەتتە ھامان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپتىكىلەر يەنە بىر ئىجتىمائىي توپتىكىلەردىن جىقراق مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، تەڭسىزلىك تۈگىمەيدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى بىر جەمئىيەتتىكى مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئىجتىمائىي توپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەن توپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە كونترول مۇناسىۋىتىنىڭ بىر جەمئىيەتتە قانداق يىلتىز تارتىدىغانلىقى ۋە قانداق مەۋجۇدلۇقىنى ساقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

بىز جەمئىيەتشۇناسلىقتا ھەر خىل بەس - مۇنازىرىنى، پەرقلىق نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز؛ نەزەرىيەلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاز كەم ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنىڭ زورلۇقىنى دەلىللەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتا ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر نەزەرىيە سىستېمىسى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئەمەس. ئىنسان ھەرىكىتىگە يۈكلەنگەن مەنىلەرنى، ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ، قۇرۇلمىلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە جەمئىيەتشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن بەس - مۇنازىرە ئۈزۈلگەن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بىز جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆگەنگەندە ھەربىر نەزەرىيەنى بىر قورال، توغرىراقى، نەزەرىيەۋى قورال دەپ چۈشىنىشىمىز، ئەمما مەلۇم بىر نەزەرىيەگە ئەل بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ھاياتتا ھەربىر ئەسۋابنىڭ ياكى قورالنىڭ ئۆز رولى بولىدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىقتا كەتمەن، گۈرجەك، ئارا، ئوتىغۇچ، ئورغاق قاتارلىق سايمانلارنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىدىغان يېرى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، جەمئىيەتشۇناسلىقتا فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى، سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى ۋە توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىزگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ياردەم بېرىدۇ، بىر مەسىلىنى ھەر خىل نۇقتىدا تۇرۇپ قاراشنى ئۆگىتىدۇ.

---

## ستاتا مەنبەلىرى:

① ئانتونى گىددىنس، 2001 - يىل، «جەمئىيەتشۇناسلىق» (4 - نەشرى)

Anthony Giddens. 2001. Sociology(4th Edition). Cambridge: Polity Press

② س. رايت مىللىس، 1970 - يىل، «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر»

C. Wright Mills. 1970. Sociological Imagination. Oxford :oxford; University Press.

③ تىم كۇرى، روبېرت جىيوبو، كېنت سۋرىيەن، 2008 - يىل، «21 - ئەسىر ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىق» (5 - نەشرى)

Tim Curry, Robert Jiobu, Kent Schwirian, 2008. Socigligy for The Twentieth Century(5th edition), New Jersey: Pearson Prentice Hell.

## ماقالىدە ئۇچرايدىغان ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | |
|---|---|
| Anthony Giddens (1938 —) | ئانتونى گىددېنس |
| C. Wright Mills (1916 — 1961) | س. رايت مىللس |
| Auguste Comte (1798 — 1857) | ئاۋگۇست كومت |
| Karl Marx (1818 — 1883) | كارل ماركس |
| Emile Durkeim (1858 — 1917) | ئېمىل دۇركايىم |
| Max Weber (1864 — 1920) | ماكس ۋېبېر |
| Herbert Blumer (1900 — 1986) | خېربېرت بلۇمېر |
| Erving Goffman (1922 — 1982) | ئېرۋىڭ گوفمان |
| Talcott Parsons (1902 — 1979) | تالكوت پارسونس |
| Ralf Dahrendorf (1928 —) | رالف دارېندورف |
| Lewis Coser (1913 — 2001) | لېۋىس كوزېر |

## ماقالىدە ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Sociology | 社会学 | جەمئىيەتشۇناسلىق |
| Sociologist | 社会学家 | جەمئىيەتشۇناس |
| Sociological Imagination | 社会想象力 | جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر |
| Social Structure | 社会结构 | ئىجتىمائىي قۇرۇلما |
| Social Interaction | 社会交往 | ئىجتىمائىي ئالاقە |
| Social Change | 社会变迁 | ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش |
| Traditional Societies | 传统社会 | ئەنئەنىۋى جەمئىيەت |
| Industrial Societies | 工业化社会学 | سانائەتلەشكەن جەمئىيەتشۇناسلىق |
| Functionalism | 功能主义 | فۇنكسىيىزم |
| Symbolic Interactionism | 互动理论 | سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى |
| Conflict Theory | 冲突理论 | توقۇنۇش نەزەرىيەسى |

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتى

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

(بېشى 67 - بەت)

قولدىن بېرىپ قويىمىز - دە، ئاخىرىدا ئالدىراپ قالىمىز.

كىشىلىك ھايات گويا غايىبانە ھايات زەنجىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ زەنجىر كىشىلەرنىڭ يېشىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ۋاقىت ھالقىلىرىدىن شەكىللەنگەن. ۋاقىت ۋە ھايات كىشىلەرگە: «مېنى قەدىرلەڭلار» دەپ مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ! فىرانكلىن مۇنداق دەيدۇ: «سەن ھاياتنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ئەگەر ياخشى كۆرسەڭ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما. چۈنكى ۋاقىت ئاز - ئازدىن ھاياتنى تەشكىل قىلىدۇ.»

كىشىلەرگە شۇنى ئېيتىمىزكى، مەيلى سىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىز جەۋلان قىلىپ تۇرغان ۋاقتىڭىز بولسۇن، ياكى چاچ - ساقاللىرىڭىزغا ئاق كىرگەن چاغلىرىڭىز بولسۇن، مەيلى ئىشلىرىڭىز يۇرۇشۇپ، ھەممىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن چاغلىرىڭىز بولسۇن، ياكى بەختسىزلىككە، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ بېشىڭىز قېتىپ گاڭگىراپ قالغان چاغلىرىڭىزدا بولسۇن، ۋاقىتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماڭ، ۋاقىتقا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلماڭ.

سۆيۈملۈك دوستۇم، ۋاقىتنى بىر مىنۇت، بىر سېكۇنتتىن چىڭ تۇتايلى. ئالدىمىزدىكى مىنۇت - سېكۇنتلار بىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىشىمىزدىكى مۇساپە خاتىرىسى، يۈكسەك چوققىغا چىقىشىمىزدىكى پەلەمپەي. ئەنە، ھايات سائىتىنىڭ ئاۋازى ياڭرىماقتا، ئۇ گويا كىشىلەرنى جەڭگە ئۈندىگۈچى دۇمباقتەك ئەرشتە گۈلدۈرلىمەكتە، ئالەمدە ياڭرىماقتا.

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

# قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىنىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى قىممىتى

شەرىپە ئابدۇغوپۇر

ئىنسان بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە ياشىمايدۇ، بەلكى كوللېكتىپ توپ ئىچىدە ياشايدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى، ئىنسانىي پەزىلىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز يېگانە ئادەمدە ئەسلىدە بار ئابستراكت نەرسە ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى» بولىدۇ. ① شۇڭا كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى، قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەش، قوشنىلار بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقىي مىزانلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ھەم بىزگە قىممەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇپ، بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىزنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە پەزىلەتلىك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىمىزغا يول كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ سەۋەبلىك بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىز قوشنىدارچىلىقنى ئۇلۇغ بىلىمىز. چۈنكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئېيتقاندەك: «ئىنسان — مىللەت ۋە ئىنسانىيەت زەنجىرىدىكى بىر ھالقا»، ئائىلە ئۇچۇن بولسا ئاتىلىغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئۇچرىشىدىغان جەمئىيەت ئۇنىڭ قوشنا - قولۇملىرىدۇر. شۇڭا قوشنا - قولۇملار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش ئارقىلىق بالىلاردا ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆزقارىشىنى يېتىلدۈرۈش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسىدۇر.

**1. قوشنىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، ئەپۇچان كەڭ قورساق بولۇش**

قوشنىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، ئۇلار ھەققىدە ئۆسەك تارقىتىش ئەخلاققا خىلاپتۇر. بۇ ھەقتە بىر داڭلىق ئەدىب شۇنداق دېگەنىكەن: «ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئەسلىمىلەر كۆمۈلگەن كىچىككىنە بىر ئارال بولىدۇ. بۇ ئارال باشقا ھەرقانداق ئادەمگە پىنھان تۇرىدۇ ... ھەربىر ئادەم ئايغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىر تەرىپى پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغىنى بىلەن يەنە بىر تەرىپى ئەزەلدىن باشقىلار كۆرۈشكە بولمايدىغان زۇلمەتتۇر». ②

ئەسلىمىلەر كۆمۈلگەن ئاشۇ ئارال بىلەن ئاينىڭ قاراڭغۇ تەرىپى — كىشىلىك ھاياتتىكى شەخسىيەت دۇنياسىدۇر. ئادەمنىڭ شەخسىيەت دۇنياسىدا مۇھەببەت جۇدالىقى، ئائىلىدىكى زىددىيەتلەر، ئىش - ئوقەتتىكى مەغلۇبىيەت، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق، ... قاتارلىق باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان تەرەپلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بىراق ئەتراپىمىزدا ئاز بىر قىسىم قوشنىلار باركى، ئۇلار ھەر دائىم باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان سۆز - چۆچەك تارقىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇش بەدىلىگە ئارىدىكى ئىناقلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ، جېدەل - ماجىرانىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، ئاقىۋەتتە ئوتنى ئۆچۈرەلمەي ئۆزىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا قوشنىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزلىرى باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان ئىچكى ئىشلىرىغا نەزەر سالماسلىق، ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتماسلىق قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئىسەنلىك تىلىسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ، تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.»③ دېگەن. قوشنىلار مۇناسىۋىتىدە گەپ - سۆزگە ۋە ئىش - ھەرىكەتلەرگە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئەيىپ - نۇقسان ۋە كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىنى باشقىلار ئالدىدا بولۇپمۇ ئۆز بالىلىرى ئالدىدا سۆكۈشتىن ساقلىنىپ، بالىلارغا قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۈلگە بولۇش كېرەك. چۈنكى بالىلار بىزنىڭ ئەينىكىمىز. دانالار: «ئەگەر سەن بىر ئادەمنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى كۆزەت» دېگەن. شۇڭا بىز قولۇم - قوشنا، ئەل - جامائەت ئالدىدىكى گۈزەل ئوبرازىمىزنى پەقەت بالىلارغا ئىجابىي جەھەتتىن ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق نامايان قىلىمىز. قوشنىلار ئۆزئارا قانچە ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇپ، ئارىدىكى نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىيالىسىلا ئەتراپتىكى جامائەت ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە شۇنچە سازاۋەر بولالايدۇ.

ھېكايات: ئەنگلىيەدىكى مەلۇم شىركەتنىڭ ئادەتتىكى خادىمى كوئوكنىڭ كەسپتە پۇختا ئىكەنلىكىنى ھەممە ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە قىزىققانلىق قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللارغىچە بىر ئىزدا توختاپ قاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئايال كۆچۈپ كېلىپ كوئوكقا قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق بۇ ئايال ئىشكىنى

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى

جېنىنىڭ بارچە قاتتىق ياپقانلىقى ۋە تورۇپ ـ تورۇپلا ئۆيدە ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئاخشىمىسى كوئۇك زادى ئۇخلىيالماپتۇ. بىر كۈنى كوئۇك ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ: «ھەي! يۈرۈش ـ تۇرۇشتا سىلىق ـ سىپايىراق بولۇپ، مېنى ئارامىمدا قويسىڭىز بولمامدۇ؟» دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال تېرىكىپ كېتىپتۇ: «كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىز، سىز قانچىلىك نېمە ئىدىڭىز؟ سىز پرېزىدېنت ئەمەسقۇ! » دەپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كوئۇك ئۆزىنى ئاران بېسىۋاپتۇ: «خەپ كىملىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام!» دەپتۇ. ئەتىسى كوئۇك ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلسە، ئايالمۇ قايتىپ كەلگەنىكەن. كوئۇك بۇ ئايال قوشنىسىغا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشىكنى قەستەن جالاق ـ جۇلۇق يېپىپ، ئۆيدە ھە دەپ ۋارقىراپتۇ. بىراق شۇندىن باشلاپ ھېلىقى ئايالنىڭ غەلۋە ـ غوۋغاسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، كوئۇكنىڭ چىدىغۇچىلىكىنى قويماپتۇ. كوئۇك «بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ، قانداق قىلسام بولار؟» دەپتۇ. كوئۇك ئاخىرى مۇنداق بىر ئامالنى تېپىپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى ئايال قايتىپ كېلىپ قارىسا ئىشىككە بىر كونۋېرت قىستۇرۇقلۇق تۇرغىدەك. ئۇ كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسا خەتتە مۇنداق يېزىلغانىكەن: «سۆيۈملۈك قوشنام: ھېلىقى كۈنى سىزگە ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ ئۇنداق قىلىش ئادىتىممۇ يوق ئىدى. بىراق شۇ كۈنى شۇم خەۋەردىن بېشارەت بەرگەن بىر خەتنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى باسالماي قاپتىمەن. ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، — قوشنىڭىزدىن». يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كوئۇكمۇ ئىشىكنى ئاچاي دەپ قارىسا ئىشىككە بىر كونۋېرت قىستۇرۇقلۇق تۇرغىدەك. خەتكە مۇنداق يېزىلغانىكەن: «سۆيۈملۈك قوشنام: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان مېنىڭ كۆڭلۈممۇ جايىدا ئەمەس، چۈنكى خىزمەتتە بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقۇپ قالدىم. خېتىڭىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدۇم. سىزنىڭ قەدىناس دوستىڭىزدىن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، — قوشنىڭىزدىن» شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىككىسى تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلىشىدىغان بوپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئايال مەلۇم بىر چوڭ شىركەتكە باش مۇدىر بوپتۇ. ئۇ كوئۇكنى بىر مەھەل كۆزەتكەندىن كېيىن ئۇنى بۆلۈم مەسئۇللىقىغا تەكلىپ قىپتۇ. باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىش ئادىتىنى تاشلاپ، تۇرمۇشتا باشقىلار بىلەن ئۇم ـ ئىناق ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىرى تەدرىجىي كامال تېپىپ، ئادەتتىكى خادىملىق ئورنىدىن شىركەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى سېپىگە كىرىپتۇ. ④

بۇ ھېكايەتتىن بىز قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بىر ـ بىرىگە يول قويۇش، ئارىدىكى مەسىلىلەرگە سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، كەڭ قورساقلىق بىلەن بىر ـ بىرىنى ئەپۇ قىلىشنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدىكى گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ياخشى بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادىتى مەيلى ئائىلىدە بولسۇن، مەيلى خىزمەت ئورنىدا بولسۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىدۇر.

2. غەيۋەتخورلۇقتىن ساقلىنىپ، ئەيىبنى ئۆزىدىن ئىزدەش

بىزدە: «غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى» دېگەن ھېكمەت بار. پاك دىل كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئالدىدا بولسۇن ياكى كەينىدە بولسۇن بىر خىل بولىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن تىللىمايدۇ ھەم ئالدىدا ئارتۇقچە خۇشامەت قىلىپ ماختاپمۇ ئۇچۇرمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا يەنە بىر قىسىم قوشنىلار باركى، ئۇلار ھەممىدىن ئۆزىنى ئۈستۈن قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ھەر دائىم باشقىلارنى چۈكۈرىدىغان، قوشنىلار ئارا ئوت قويرۇقلۇق قىلىدىغان، كونا خاماننى سورۇپ چىقىپ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان جېدەل ـ ماجىرانى تۇغدۇرۇپ، قوشنىلارنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقىنى شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ. بىز ھەر دائىم باشقىلار ئالدىدا ئامال بار قولۇم ـ قوشنىلىرىمىزنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى تەرىپلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە بىزدە: «ياخشى گەپ ئىسسىقتۇ، يامان گەپ سوۋۇقتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. باشقىلار بىزگە: «پالانىخان سىزنى مانداق يامان دېدى» دېگەن زەللىنى ئېلىپ كەلسە، سىز قارشى تەرەپكە «بەلكىم ئۇ قېرىندىشىمنىڭ دېگىنى توغرىدۇ، مەندىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ، پۇرسەت چىقىرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام بولغىدەك» دېسىڭىز سىزگە زەللە كۆتۈرۈپ كەلگەن ئۇ سۇخەنچى سىزنىڭ گېپىڭىزنىمۇ يەتكۈزۈشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. سىزنىڭ سىلىق ھەم چىرايلىق گېپىڭىزنى ئاڭلىغان كىشى چوقۇم گەپ ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ ھەم ئۆزى ئۈستىدىمۇ ئويلىنىشقا تىرىشىدۇ. مانا بۇ ئوتتۇرىدىكى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن چىقىدىغان تۈگىمەس جېدەللەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياخشى چارە. ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە: «پالانى سىزنى نېمىلەرنى دېدى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا-

كەن. ئۇ كىشى: «بولدى ئاڭلىمايلا قوياي، سىز دۈشمىنىمدىنمۇ چوڭ دۈشمەن بولمىسىڭىز، ئۇ ئۆزى كېلىپ دېيەلمىگەن گەپنى سىز يۈزۈمدىن - يۈزۈمگە دېيەلەمتىڭىز» دەپتىكەن. شۇڭا ئوتتۇرىدا گەپ توشۇش يامان ئىللەتتۇر.

**3. تام قوشنىلار ئارا ھەر دائىم ئۇلارنىڭ تىنچلىقىنى ئويلاش**

ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق ناھايىتى مۇقەددەستۇر. قوشنىدارچىلىقنىڭ ئادا قىلىنىشى ئەرلەردىن كۆپرەك ئاياللارغا باغلانغان بولىدۇ. لېكىن بىر كىشىنىڭ ئىككى قوشنىسى بولسا، قانداق قىلىدۇ. قايسىسىنى قايسىسىدىن ئارتۇق بىلىدۇ؟ شۇڭا بىزدە «تام قوشنام، جان قوشنام» دېگەن ماقال بار. تام قوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتتە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى پاراكەندە قىلىدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ساقلىنىش كېرەك، «قوشنا يىغلىغاندا، سەن كۈلمە» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە ئورتاقلىشىش، ئەكسىچە ھەرىكەتلەردە بولماسلىق، ئۇلارنىڭ دەردى - ئەھۋالىغا يېتىش، ئاغرىقلىرىدىن ھال سوراش، بىر تام قوشنىلارنى مۇمكىن قەدەر مەنىۋى جەھەتتە يۆلەش، مېھمانلارغا قوشۇپ تەكلىپ قىلىش كېرەك. بۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان گۈزەل ئەخلاقدۇر.

يېزىلاردا بۇ ئەھۋال بىرقەدەر قويۇق بولغىنى بىلەن شەھەرلەرنىڭ قوشنىدارچىلىقىدا، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەرنىڭ قوشنىدارچىلىقىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى. شەھەرلەر بىنالىشىپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئېگىز بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقتىن ۋە خىزمەت ئالدىراشچىلىقى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تۈپەيلىدىن تۇرمۇش رىتىمى جىددىيلىشىپ، قوشنىلار بىر - بىرى بىلەن ئانچە كۆپ ئۇچرىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ قوشنىلار ھال - قىلىق پەيتلەردە بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىشلار داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مانا بۇلار قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى قوشنىدارچىلىق ئەخلاقىدۇر. بىراق بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان ئاز بىر قىسىم ئائىلىلەردە تام قوشنا ھېسابلىنىدىغان ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىلارنىڭ تىنچلىقىنى ئويلىمايدىغان، شۇ سەۋەبلىك قوشنىلار ئارا ئازارلىشىپ بالىلارغا يامان تەسىر قالدۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. بىزدە: «دىل ئازاردىن خۇدا بىزار» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بىز تەرەققىياتقا ئەگىشىپ خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك كىچىك بىنالارغا كىرىۋالغان بولساقمۇ كۆڭلىمىزنى كەڭ تۇتساق، ئەپۇچان بولساق، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا تىنچلىقىمىزنى قوغدىساق، بالىلارغا قوشنىلارنىڭ ئارامىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ياخشى ئادەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرسەك، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئۈلگە بولساق بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**4. بالىلار ئارىسىغا كىرىپ، قوشنىلار ئارا ئازارلىشىشتىن ساقلىنىش**

قوشنىدارچىلىقتا بالىلار مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇھىم. بالىلار ئارىسىغا كىرىپ جېدەل - ماجىرا تېرىغاندا قوشنىلارنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىدۇ. چوڭلار تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن بىلەن بالىلار يەنىلا بىرگە ئوينايدۇ. لېكىن بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئازارلىشىپ قالغان قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىرگە ئوينىشىغا يول قويماي بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، بالىلارنى كىچىكىدىن غەيۋەتخور قىلىپ تەربىيەلەشكە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۈرۈر، بىرى ياخشى، بىرى ئەسكى جاھاندا قالۇر» (238 - بېيىت) دېگەن. شۇڭا زۆرۈر تېپىلسا ئۆزرە سوراش، قوشنا بالىلىرىنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئوينىشىنى، بالىلارنىڭ ئۆزئارا چىقىشىپ دوست بولۇپ ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىراق بەش بارماق تەڭ بولمىغىنىدەك بۇ مۇرەككەپ جەمئىيەتتە ھەممە قوشنىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، مەشغۇل بولغان ئىش - ئوقەتلىرى دۇرۇس بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بۇنداق قوشنىلارغا ئومۇمەن بالىلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. چۈنكى كونىلاردا: «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بۇ خىل قوشنىلارغا ئومۇمەن بالىلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك، ئەمما ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىغۋالىرى ياكى ئائىلە ئىشلىرىغا نەزەر سالمىغان ياخشى. بىر - بىرىمىزگە سالام - سەھەت قىلىش بىزنىڭ ئەخلاق بۇرچىمىز. بىزدە: «سالام قىلىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز» دېگەن گەپ بار.

**5. قوشنىلار ئارا ھەمكارلىقتا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆزىنىلا مەركەز قىلىشتىن ساقلىنىش**

كونىلاردا: «قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول» دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قوشنىلار ئارا بىر - بىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە، تۇرمۇشتىكى ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ئادەت بار. شۇڭا «چاڭقىغانغا سۇ بەر، مۈزلىگەنگە ئوت» دېگەندەك مەھەللىدىكى ئىگە - چاقىسىز، يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىلىرى بىلەن «يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشناڭ ياخشى» دېگەن ماقالنى

ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. چۈنكى قوشنا ھەرقاچان، ھەرقانداق ئىشتا ساڭا يېقىندىن ياردەملىشىدۇ. ئەتىسى - ئاخشىمى ھال - ئەھۋال سورىشىپ، تاماق سۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. ۋاقىتلىق بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە ئۆي، مال - مۈلكىنى قوشنىلارغا تاپشۇرىدۇ. بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، ئۆزئارا تەكلىپ قىلىدۇ. مۇنداق دوستلۇق ۋە سەمىمىيەتلىك قوشنىلار ئارا تۇغقانغا ئوخشاش مېھىر - رىشتىنى پەيدا قىلغان، شۇڭا ئۇيغۇرلار قوشنىدارچىلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. ھەر خىل زۆرۈرىيەت بىلەن قوشنىلاردا كۆچۈش - يېڭىلىنىش يۈز بەرسە ئۆزئارا خوشلىشىش چېيى ئۆتكۈزۈپ، كۆڭۈل ئېيتىشىدۇ. باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كەتسىمۇ ئىزدىشىپ بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا يېقىن ئۆتكەن قوشنىلار باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋاقىت - پۇرسەت چىقىرىپ، بېرىپ - كېلىپ تۇرىدۇ. يېڭى كەلگەن قوشنا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن كونا قوشنىلار كىرىپ ھاردۇق سورايدۇ ۋە ئۆزئارا تونۇشۇش چېيى ئۆتكۈزىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىكى تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، يۇقىرىقىدەك قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن بولمىسىمۇ، قوشنىلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىش، ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئارقىلىق بالىلىرىمىزغا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «كىشى ياخشىلىققا شېرىن جان بېرۇر، بىر ياخشى ئۈچۈن ئون ياخشىلىق قىلۇر» (2980 - بېيىت) دەپ ئېيتقىنىدەك بۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغانلىقى، باشقىلارغا بىر ھەسسە ياخشىلىق قىلساق باشقىلاردىن ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، بالىلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

**6. قوشنىلار ئارا گۈزەل سۆزلۈك بولۇش، ئۆز ئىناۋىتىنى ساقلاش**

ئىران ۋەزىرى بۇزۇرجۇمھۇر: «ئادەم تىلى بىلەن ئۇلاغدىن ياخشىراق، ئەگەر ناچار سۆزلىسەڭ سەندىن ئۇلاغ ياخشىراق» دېگەن دۇردانە ھېكمەتنى قالدۇرغان. ئەتراپىمىزدىكى بارلىق قوشنىلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. خۇددى «ياخشى قوشنا دەرتكە ھەمدەم، يامان قوشنا باشقا مىڭ غەم»، «يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما»، «ئالدىدا قول قىسىشار، ئارقىدىن تاش ئېتىشار» دېگەندەك ئىنتايىن ئاڭسىز، ئۆسەكچى، مارىلامچى، غەيۋەتخور، تەرسا كىشىلەر بىلەنمۇ قوشنا بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق قوشنىلار كىچىك بالىلار ئارىسىغا كىرىپ ياكى ھەر خىل ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار تۈپەيلى دائىم جېدەل - ماجىرا تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ. قوشنىلار ئارا گەپ - سۆز توشۇپ، قوشنىلار مۇناسىۋىتىگە سوغۇقچىلىق سالىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە قوشنا بولۇشتىن ھەممە ئادەم ھەزەر ئەيلەيدۇ، ئۇنداقلار قانداقلا يەردە بولمىسۇن كىشىلەر بىلەن پېتىشمايدۇ. لېكىن مۇنداقلار ئاز، قوشنىدارچىلىقنى قەدىرلەيدىغانلار يەنىلا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق قوشنىلار ئارا پەقەت سەۋرى - تاقەتلىك، ئەپۇچان، گۈزەل سۆزلۈك بولغاندىلا ئاندىن ئەپ ئۆتكىلى بولىدۇ. دۇنيادا ئەيىپ - نۇقسانسىز ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشىسىز يۈرمە تۈز كىشىلەر ئارا، كىشى ئەيىپى كۆرمە ئۆزۈڭگە قارا» (3505 - بېيىت) دېگەن بولسا، دېمكرات: «ئۆز ئەيىپىڭنى ئۇنتۇشۇڭ نومۇسسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن. شۇڭا بىز ئالدى بىلەن ئۆز ئەيىپ - نۇقسانلىرىمىزنى كۆرىشىمىز. ھەر دائىم ئۆزىمىزنى ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچەپ تۇرىشىمىز كېرەك. چۈنكى پىتنە - پاسات، ئۆسەك سۆزلەر قوشنىلارنى بىر - بىرىدىن بەزدۈرىدۇ ۋە تەزدۈرىدۇ. بىزدە: «ئوتنى چۇقچىلىساڭ ئۆچەر، قوشناڭنى كوچىلىساڭ كۆچەر» دېگەن ماقال بار. شۇڭا بىز پۇقرالار ئەخلاقى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى ئائىلىلەردىن، قوشنىلاردىن باشلاش ئارقىلىق بالىلىرىمىزغا ئىتتىپاق، دوستلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك، كەڭ قورساق، ئەپۇچان، گۈزەل سۆزلۈك بولۇش تەربىيەسى بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى، بىرلىكىنى قوغداشتا تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

---

## پايدىلانمىلار:

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 243 - بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

③ سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمە قىلغان: «ھېكمەتلىك ھايات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىل، 3 - ئاي نەشرى.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىگ» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى تەۋەررۈك ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش — دەۋرنىڭ تەقەززاسى

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ① بۇ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى شەكىللىنىشىنىڭمۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق شانلىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۇيغۇرلار ئالاقە ئىستېمال ئېھتىياج ھالقىلىرىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر خىل يېزىقلارنى قوللانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھما يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، كارۇشتى يېزىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب يېزىقى قاتارلىقلارنى قوللانغانلىقىنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قېزىش جەريانىدا يىغىۋېلىنغان قەدىمكى يازما ھۆججەتلەرى، ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدىغان قەبرە تەزكىرىسى، مەڭگۈ تاش، مېتال ـ تۆمۈر، ياغاچ ـ تارشا پۈتۈك، تېرىگە يېزىلغان، بېغىشلىمىلار، ھەر خىل توقۇلما ـ ماتا، بۆز بۇيۇملىرىغا بېسىلغان، كەشتىلەنگەن يازما يادىكارلىق، خەت ـ چەكلەر، شۇنداقلا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگلار تۇرپان، تەكلىماكان رايونلىرىدىن يوشۇرۇن ئېلىپ كەتكەن 19 تۈرلۈك تىل ـ يېزىقتا يېزىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار ۋە قېپقالغان قالدۇق يازما يادىكارلىقلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دىيارىمىزدىن تۈرلۈك قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بايقالغانلىقى ھەممە ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىكى بىر قىسىم كۆپ خىل تىل ـ يېزىقلىق ئەدىب ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ باشقا تىل ـ يېزىقلاردا ئەسەر يازغانلىقى ، ئىجادىي رەۋىشتە ئەسەر تەرجىمە قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختا شۇ خىل يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئەجدادلىرىمىز سانسكرىت، خەنزۇ، سۈرىيە، ئەرەب، پارس قاتارلىق تىل ـ يېزىقلاردا ئەسەر يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، بۇ يېزىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللانغان ئەمەس.

ئۇنداقتا جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى دېگەن نېمە، ئۇنىڭ دەۋر چېكى قانداق بەلگىلىنىدۇ؟ جۇڭگودىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى دېگەندە، ئۇيغۇرلار يېزىق ئارقىلىق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت ئىشلارنى پۈتۈكلەشتۈرۈپ تېرىگە، قەغەزگە ، ھايۋانات سۆڭەكلىرىگە، ياغاچقا، تاشقا، ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك بۇيۇملارغا ھەرپ شەكلى بىلەن يېزىپ خاتىرىلىگەن يېزىق شەكلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبىيى، كۆچۈشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەدەنىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئاغزاكى يادىكارلىقلار، قىممىتى بولغان بېيىت، قىسسە ـ قوشاق، ئەپسانە، رىۋايەت، تارىخىي قىسسە ـ داستان قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكى، ئۇيغۇرلار يېزىق شەكلى ئارقىلىق 1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ھەر خىل بۇيۇملارغا خاتىرىلەنگەن ياكى كىتاب شەكلىگە كەلگەن ۋە تارقىلىپ يۈرگەن بارلىق قەدىمكى ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا مەملىكىتىمىزدە مەتبەئە ئىشلىتىپ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە تەۋە ئۇيما تامغا مەتبەئەسىدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرى، يازما يادىكارلىقلار ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ۋە گېرمانىيەنىڭ بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن (دەشتى ئاتا) تېپىلغان ئۇيغۇر ياغاچ مەتبەئە ھەرپى، مەتبەئە سايمانلىرى، ئىشلىتىشكە كېسىپ تەييارلانغان چاسا ـ چاسا قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىغا جايلاشقان نۇرغۇن قەدىمىي خارابىلاردىن تېپىلغان مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر، قوللانما ۋە كىتابچە، ۋاراق قالدۇقلىرى بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار مەتبەئەلىك ھەرپ ئارقىلىق مەزمۇنلارنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ ھەر خىل رەڭ ـ سىياھ ئارقىلىق قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرپ تۈركۈملىرىنى تامغا قىلىپ ئويۇۋېلىپ، قايسىسى لازىم بولسا شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ قوللانما ياكى كىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىققان. دۇنخۇاڭ، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىدىن قارىغاندا بۇ جايلاردىكى نوم

كىلاسسىك ئەدەبىيات، كىلاسسىك مۇزىكا

ساقلاش غارلىرىدىن تېپىلغان ئۆز ئەينى بويىچە رەتلىك،
سىپتە ساقلانغان بۇددا دىنى، مانىي دىنى ۋە ھەر خىل مە-
دەنىيەت تۈرىگە ئائىت يادىكارلىقلاردا مەيلى بۇتخانا خارابى-
لىرىنى قازغاندا ياكى بىر نەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىن-
لىقتىكى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن پارچە ـ پارچە
قولىيازما قەغەز پارچىلىرىدا خاتىرىلەنگەن بۇددا دىنى، مانى
دىنى ۋە بۇ دىنىي مەدەنىيەتكە دائىر يادىكارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسىدە ئۇيغۇر، تۈرك، سانسكرىت يېزىقىدا ۋە بەت نومۇرى
خەنزۇچە، ھەرپى سۇرىيە يېزىقىدا، مەتبەئە بىلەن بېسىلغان
ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن يازما ھۆججەتلەرنى ئۇچراتقىلى بو-
لىدۇ.② ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇر-
لىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلى-
نىپ، 14 ـ 15 ـ ئەسىرلەردە ئۇ يەردىن ھالقىپ، بۇددا
دىنى مەزھىپىدىكى قوچو ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا
يېتىپ كېلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۇلاردىكى مەتبەئە باس-
مىچىلىقىنى، مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا
ئۇچراتتى، ساڭرام ـ ئىبادەتخانىلار چېقىلىپ، راھىبلار،
بۇددىستلار ئۆلتۈرۈلدى. دېگەندەك ئەھۋال بولۇپ، بۇددا
مەزمۇنىدىكى كىتابلار يىرتىلىپ، چەيلىنىپ ئوتتا كۆيدۈ-
رۈلدى. مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە سايمانلىرى چېقىپ تاشلان-
دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساس-
دىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ قەدىمى يەتكەن-
لىكى جايغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆزلەشكەچكە، قەدىمكى ئۇي-
غۇر يېزىقىنىڭ رولى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك بولماي، 15 ـ
ئەسىرلەرگە كەلگەندە بارا ـ بارا قوللىنىلىشتىن قالدى.
مۇنداق شارائىتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبەئەنى
يەنە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى قالمىدى.
ئۇيغۇرلار مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگى-
نىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغاندىن باشقا يەنى ئۇنى تەرەققىي
قىلدۇرۇپ خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزدى. لېكىن
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز مەتبەئە تېخ-
نىكىسىنى ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا
مۇۋاپىقلاشتۇرالماي، بۇرۇنقىدەك كىتابنى قولدا كۆچۈر-
دىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، «قۇتادغۇبى-
لىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» لەر
قولدا كۆچۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلاردا كىتاب ئۆرۈش، كىتاب
كۆچۈرۈش ۋە بېسىپ تارقىتىش مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە
مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، كۇچارلىق كوماراجىۋا (344 ـ
413) بۇددا نوملىرىنى سانسكرىتچىدىن خەنزۇچىغا تەر-
جىمە قىلغان. مۇشۇ دەۋرلەردە تۇرپان، كۇچار ۋە خوتەندە
قەغەز ياساش ئۇستىلىرى، ئىشخانىلىرى، مەتبەئە ئۇستى-
لىرى ۋە باسمىخانىلىرى بولغان.③

ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن مەكتەپ،
مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان
قوچو ـ تۇرپان ھېسابلىنىدۇ. قوچو ئەينى زاماندا شەرق ۋە
غەرب مەدەنىيىتى بىر ـ بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇل-
غان مەركىزىي تۈگۈن ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەر-
كىن پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئىبادەتخانىلار قۇرغان،
مەكتەپ ئاچقان، كىتاب باسقان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تا-
رىخىدا بۇددا، مانى دىنى ۋە ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلار ئەڭ
كۆپ يېزىلىپ بېسىلغان، ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ قو-
چو ـ تۇرپان ئىدى. بۇ يەردىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار
تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق. ④ شۇڭا كىشىلەر قوچو ـ تۇر-
پاننى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەر ئاستى كۇتۇپخا-
نىسى دەپ ئاتىغان. ⑤ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە تۇرپاندا ئويما
تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، 300 پارچىدىن
ئارتۇقى تولۇق، ياخشى ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە سانسك-
رىت، توخرى، ساك، براھما، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مانى
يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
ئېلىمىزنىڭ لياۋنىڭ ئۆلكىسى دالييەن شەھىرىنىڭ
لۈيشۈن مۇزېيىدا تېخى رەتلەنمىگەن ئالتا خالتىدا ھەر
خىل يېزىقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ
قالدۇق پارچىلىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلانماقتا ⑥ چەت ئەل
ساياھەتچىلىرى ۋە ھەر خىل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى شىن-
جاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت غەزىنىسى ئىكەنلى-
كىنى بايقىغاندىن كېيىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن
20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە چەت ئەل ھۆكۈمەت-
لىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن نۇقتىلىق ھالدا شىن-
جاڭ رايونىغا كەينى ـ كەينىدىن ساياھەتچىلىرىنى، ئارخې-
ئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى
ئەۋەتىپ، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيە كۆپ قېتىم، ياپونىيە
ئۈچ قېتىم، ئەنگلىيە تۆت قېتىم، گېرمانىيە تۆت قېتىم،
فىرانسىيە ئىككى قېتىم، بۇلاردىن باشقا يەنە ئامېرىكىمۇ
ۋارنېر قاتارلىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا يادىكارلىقلارنى قولغا
چۈشۈرۈۋالغان. چەت ئەللىكلەر قولغا چۈشۈرىۋالغان يادى-
كارلىقلار سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇ-
رىدۇ. مەسىلەن، رۇسىيەدە 27000 پارچىدىن، ئەنگلىيەدە
24000 پارچىدىن ،گېرمانىيەدە 20000 پارچىدىن ، ھىن-
دىستاندا 11000 پارچىدىن، ياپونىيەدە 10000 پارچىدىن،
فىرانسىيەدە 6600 پارچىدىن،كورېيەدە 2300 پارچىدىن،
فىنلاندىيەدە 270 پارچىدىن، ئامېرىكىدا 100 پارچىدىن،
دانىيەدە 14 پارچىدىن جەمئىي 103000 پارچىدىن ئارتۇق
ساقلانماقتا.ئۇنىڭدىن باشقا ،تۈركىيە، قازاقىستان، ئۆز-
بېكىستان ۋە ئېلىمىزنىڭ لۈشۈن مۇزېيى، دۆلەتلىك كۇ-
تۇپخانا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، مەركىزىي
مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى مەدەنىيەت يازما ـ يادىكارلىق-

لىرى ئىدارىلىرى قاتارلىق 13 دۆلەتنىڭ 30 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت تەشكىلات ئورۇنلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. گېرمانىيەنىڭ 2 ـ قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقنى 80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن. نۇسخا سانى 16 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇيغۇرشۇناس گابائىن (1901 ـ 1993 ـ يىل) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيەنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ۋە ئويما تامغا خاتىرىلەر بىلەن تولغان . ⑦

تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە باسما ئەسەرلەردىن قارىغاندا بەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوقۇشقا قۇلايلىق بولۇشى جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن. تۇپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە ئۆرىمە، ئورام، قاتلىما، ئارقاق قاتلىما، كېپىنەك شەكىللىك، جىلدلىق، يىپلىق تۇپلىمە، قاسراق ـ چىگە بىلەن چىگىلگەن قاتارلىق شەكىللەردە بولغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا كىتابەتچىلىكنىڭ يالغۇز كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى سەنئەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42 ـ بابىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار تېخى بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىيەت بويۇمى ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقارغان ئىدى. ھايۋانلارنىڭ موي ـ قىللىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ، پەي قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە قارا كۈيۈگە قويۇپ سىياھ قىلىپ قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنىڭ قوۋزىقىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى.» ⑧ دېگەن بايان بېرىلگەن. مانا بۇ بايانلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا مەتبەئە، قەغەز ياساش، كىتاب تۇپلەش، بېسىش، شىرازلاش تېخنىكىسىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، يېزىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىر ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندىن باشلاپ ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شېرىف» ۋە باشقا دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشقا باشلىدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى پارس ھەرپلىرىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنى غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆگىنىشكە باشلىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى «ئۇيغۇر تىلى» بولسا ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقىدا خاتىرىلىنىپ «ئۇيغۇر تۈركچىسى» ياكى «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجىي «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرمەي، بىر قىسىم ئەجنەبىيلەرگە ئەگىشىپ ئاتىۋالغان ئاتالمىش «چاغاتاي يېزىقى» دېگەن سۆز ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ، ئۇلاردا پەقەت ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي ياكى ئۇيغۇر تۈركچىسى دەپ يېزىلغان. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنى ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا خاتىرىلەپ كەلگەن بۇ يېزىق كېيىنچە ئەل ئىچىدە تەدرىجى «كونا ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر غەربىي رايوندا تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى، ئوردۇ يېزىقى، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان، قولىيازما، تاش باسما، مىخ مەتبەئەدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 15000 پارچىدىن ئارتۇق بار. بۇ قەدىمكى ئەسەرلەر، گوۋۇيۈەن ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە تارقاتقان «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش رەتلەش نەشر قىلىش ھەققىدىكى ھۆججىتى» نىڭ روھى بويىچە 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئىشخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئىختىساسلىق ئادەمنى قۇتقۇزۇش، كىتابنى قۇتقۇزۇش، ئىلىم ـ پەننى قۇتقۇزۇش بويىچە يىغىشنى ئاساس قىلىپ، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 1887 پارچە، ئەرەب يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسىردىن 593 پارچە، پارس يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 858 پارچە، جەمئىي 3400 پارچىغا يېقىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە 1850 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا 415 پارچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 360 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىدا 150 پارچە، شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچى تەتقىقات ئور ـ
نىدا 120 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە ـ
بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە 5 پارچە، ئۈرۈمچى
شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سان ـ
لىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 9 پارچە،
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قە ـ
دىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 180 پارچە، تۇرپان ۋىلايەت ـ
لىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانى ـ
سىدا 325 پارچە، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 52 پارچە، ئاقسۇ ۋىلايەت ـ
لىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانى ـ
سىدا 33 پارچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 1800 پارچە، خوتەن ۋىلا ـ
يەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانى ـ
سىدا 475 پارچە، قاراماي شەھەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ـ
لەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا 9 پارچە، قەشقەر
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا 43 پارچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر تې ـ
بابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى كۇتۇپخانىسىدا 60 پارچە
ئەسەر بار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايون، ئوبلاست،
ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت ـ
لەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلانغاندىن باشقا
يەنە مەرىپەتپەرۋەر، كىتابخۇمار خەلقىمىزنىڭ قولىدا ئە ـ
تىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى
كۆپ. 2004 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاست،
ۋىلايەتنىڭ 17 ناھىيەسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ ئې ـ
نىقلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت،
شەھەر، ناھىيەلىك، ئارخىپ ئىدارىلىرى، مەدەنىيەت يادى ـ
كارلىقلارنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، جامائەت
خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، تاموژنا، مەدەنىيەت يۇرتلىرى،
كۇتۇپخانا، مەسچىت ـ خانىقا قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلى ـ
نىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەر نەچچە ئونمىڭ پارچىدىن ئار ـ
تۇق ئىكەن.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ سانىلا كۆپ بولۇپ قال ـ
ماستىن، بەلكى مەزمۇنىمۇ ناھايىتى مول، تۈرى جىق بو ـ
لۇپ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىساد، سودا، دىن، مەدەنىيەت،
تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، سەنئەت، دېھقانچى ـ
لىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك،
سۇچىلىق ـ كارىزچىلىق، باغۋەنچىلىك، قەغەزچىلىك،
مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكار ـ
لىق ـ مىمارچىلىق، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك قاتارلىق
نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر قە ـ
دىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، كاتالوگىنى ئىش ـ
لەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن
ئېغىر ۋە مۇرەككەپ خىزمەت. شۇنداقلا ئۇيغۇر قەدىمكى
ئەسەرلىرى قېزىشنى كۈتۈپ تۇرغان ناھايىتى چوڭقۇر ھەم
كەڭ كەتكەن خەزىنە.

جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتا ـ
لوگىنى تۈزۈش توغرىسىدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى 1997 ـ يىلى «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قە ـ
دىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» نى تۈزۈش توغ ـ
رىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈردى. 2001 ـ يىلدىن باشلاپ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر
ئىشخانىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق
ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈ ـ
زۈش خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ
قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۇيغۇر
قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈشكە قارىتىلدى.
جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى ئىش ـ
لەشتىن مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېزىپ
قالدۇرغان بارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا ـ
لىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت ـ
لەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مول خەزىنىسىنى نامايان قى ـ
لىپ، بارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى
ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن
ۋە مېدىتسىنا پەنلىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى ھەم تولۇق
بولغان ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش؛ قەدىمكى ئەسەرلەر
خىزمەت ئورۇنلىرى بىلەن قەدىمكى ئەسەرلەرنى ساقلاۋاتقان
ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆز ـ
ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايونلار، تارماقلاردىكى ئۇي ـ
غۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ماتېرىيال بايلىقىدىن ئورتاق
بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ «جۇڭگو قەدىمكى ئە ـ
سەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى» بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، جۇڭ ـ
خۇا مىللەتلىرى يازما ـ يادىكارلىقلىرى ئۈچۈن مۇكەممەل
ماتېرىيال ئامبىرى بەرپا قىلىش؛ جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئېچىپ
پايدىلىنىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال
چېگرا رايونىغا، ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندى ـ
كىگە يەنى قەدىمكى يىپەك يولى تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئۇ ـ
نىڭ ئۈستىگە روسىيە، موڭغۇلىيە ھىندىستان، ئافغانىس ـ
تان، پاكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان
قاتارلىق ئەللەر بىلەن چېگرالىنىدىغان ھەم جۇغراپىيەلىك
ئورنى ئۆزگىچە بولغاچقا مۇقەررەر ھالدا تەبىئىي ۋە ئىج ـ
تىمائىي ياشاش مۇھىتىمۇ ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل
شارائىتنىڭ ئوخشاشماسلىقى قەدىمكى كىتابلارنىڭ مەزمۇ ـ
نى، شەكلى، تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئوخشاش ـ
ماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رە ـ
سىملىك كىتاب، نوتا، ھۆججەت، قولىيازما، توپان دەۋرىگە
ئائىت قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسىي تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي كا ـ
تىگورىيە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مىللەتلەر مۇناسىۋەتلى ـ

رى، يىراق قەدىمكى رىۋايەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر مۆجەس-
سەملەنگەن، يېزىق خاتىرىلەر، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ
ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىلىرى، سۈلھىنامە، تۆھپە خا-
تىرىلىرى، ئەخلاق، ۋەز - نەسىھەتلىرى، نەزىر-چىراغ،
ئۆرپ - ئادەت مۇراسىملىرى، مۇكاپات خاتىرىلىرى، يارلىق
ۋە پەرمانلار خاتىرىلەنگەن ئالتۇن، تاش ئويمىلار، تاش تام-
غىلار، تاش - تاغلارغا ئويۇلغان ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش، تۇرمۇش ئوبرازى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بېغىشلىمىلىق
قىياتاش ۋە ئۆڭكۈر، غار رەسىملىرى بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر
قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى، ژانىر تۈ-
رىنى تۈرگە ئايرىشنى، يىغىپ ساقلاش ئەھۋالىنى، كىتابلار
كاتالوگىنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئالاھى-
دىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكى-
نى چۈشىنىشتە؛ ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى زامانىۋى
ئۇسۇلدا باشقۇرۇشقا قۇلايلىق يارىتىپ، ئۇلاردىن تولۇق
پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رېئال
ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى
يېزىشتا، ئاساسەن، سىياسىي كۆزقارىشى ئېنىق، سۆز-
جۈملىلەردە ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىغا پايدىلىق بولۇش، ھەربىر ۋەسىقە ياكى كىتابقا
تارىخىي، دىيالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ، مې-
غىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈپ، بىر تەرەپلىمىلىك
باھا بېرىشتىن ساقلىنىش؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىر قەدىمكى ئەسەرنى
پەن تۈرگە ئايرىغاندا توغرا ئايرىپ ھۆكۈم چىقىرىش، مەز-
مۇنىنى توغرا، ئوبيېكتىپ بايان قىلىش، پىرىنسىپ جە-
ھەتتە، كىتابقا ئوبزور، تەقرىز، باھا بەرمەسلىك؛ كىتابنىڭ
مەزمۇنىنىڭ تولۇق بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىلاجى
بار ئۇيغۇرلارنىڭ بىرمۇ كىتابىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق،
كاتالوگى ئىشلەنمەي تىزىملىكتىن چۈشۈپ قېلىش ۋە
قايتا تىزىملاشتىن ساقلىنىش؛ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى يې-
زىشتا، ئاددىي، ساۋات تەرىقىسىدە بولۇپ قېلىش خاتالىقى-
دىن ساقلىنىش ئۇچۇن يۇقىرى سەۋىيەدە سۈپەتلىك ئىش-
لەپ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى-
نىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىشلەش
تىزىسى» دا بەلگىلەنگەن تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ،
ئومۇمىي كاتالوگ بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشقا كاپالەتلىك
قىلىپ ئىشلەندى.

بۇ قېتىمقى كاتالوگ ئىشلەش دائىرىسىگە 1949 - يىل
9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن بۇرۇن يېزىق ئارقىلىق خاتى-
رىلەنگەن ياكى كىتاب شەكلىگە كەلگەن ۋە تارقىلىپ يۈر-
گەن بارلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى
كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەد-
ەنىيى، كۆچۈشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار توغرىسى-
دىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي قىسسە، داستان قاتارلىق ۋە-
سىقىلىق قىممىتى بار ھېكايە، چۆچەكلەر، ھۆججەت،
داستانلار؛ تارىختا ساقلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا يې-
زىقتىكى مەڭگۈ تاشلار، ۋەسىقىلەرنىڭ مۇھىم تارىخىي مە-
دەنىيەت قىممىتى بارلىرى؛ مەملىكىتىمىز ئىچىدە تېپى-
لىپ، ھازىرغىچە چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىپ ساقلى-
نىۋاتقان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار، ئەرەب، پارس، ئور-
دۇ، ئۇيغۇر، تۈرك، كارۇشتى، براھما، سوغدى، مانى، رو-
نىك، سۇرىيە، توخرى، كۇسەن، قاراشەھەر، سانسكرىت،
ساك، تۇبۇت قاتارلىق تىل - يېزىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان،ئۇي-
غۇرلار يازغان، تەرجىمە قىلغان ،كۆچۈرگەن،چاپى قىلىن-
غان، مەتبەدە باسقان قەدىمكى ئەسەرلەر؛ مەملىكەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى
ساقلاۋاتقان ئورۇنلار ۋە ساقلىغۇچىلار، كۇتۇپخانىلار، ئار-
خىپخانىلار، مۇزېيلار، مەدەنىيەت سارايلىرى، مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى، مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى،
ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمى-
سى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيى-
تى، جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام ۋە كىلاسسىك ئەدە-
بىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ھەمدە شەخسلەر ساقلاۋاتقان
ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە چەت ئەللەردىكى ھەرقايسى
ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ
ھەممىسى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇ-
مىي كاتالوگى» دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئارخىپتا
ساقلاش ياكى نەشر قىلىش پىلانلاندى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالو-
گىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يېزىشتا «جۇڭگو ئاز سانلىق
مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئا-
ساسىي مەزمۇنى» نى ئىشلەش تىزىسى بويىچە ھەربىر تار-
ماقنى تولدۇرغاندا بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك كارتا
ئىشلىتىلدى. جەدۋەل قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ ئۆلچەم بويى-
چە تولدۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ
بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. كارتىدىكى مەلۇم تۈر-
لەر ئېنىق بولمىغاندا ئاپتورى ياكى «يىل» ئېنىقلانمىغانلار
«ئېنىق ئەمەس» ياكى «نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن XX ئە-
سىرنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا» يېزىلغان دەپ
ئىزاھلاپ يېزىلدى. تەرجىمە ئەسەر بولسا «ئاپتورى» دېگەن
كاتەكچىنىڭ ئاخىرىغا بىر يانتۇ سىزىق سىزىپ قويۇلدى.
ھەر خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر، كىتابلار مەزمۇنىغا قاراپ
پەن تۈرىگە ئايرىلدى. پەن تۈرىدىن ھالقىغان كىتاب، ۋە-
سىقىلەر بولسا قايسى پەنگە تەئەللۇق بولسا شۇ پەن تۈرىدە
تارماق تۈرغۇزۇلۇپ، ئاساسىي مەزمۇنىنى يازغاندا مۇناسى-
ۋەتلىك پەن تۈرىنىڭ مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئوخشاش

بىر قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئىسمى بولسا، ھەر بىرىگە ئايرىم تارماق ئاجرىتىلىپ، ئومۇملاشقان نامى ئاساس قىلىنىپ، قالغانلىرى پايدىلىنىش تارمىقى قىلىنىدى. ئاساس تارماقتا «يەنە بىر نامى......» دەپ ئېنىق يېزىلدى. كىتاب نامى ئوخشاش بولسىمۇ، مەزمۇنىدا پەرق بولغان بولسا ئۇنىڭغا ئايرىم تارماق تۇرغۇزۇلۇپ ئايرىم كارتا ئىشلەندى. نامى بىر، ئەمما نۇسخىلىرى ئوخشاش بولمىغان قەدىمكى ئەسەرلەر بولسا، مەسىلەن، تاش باسما، قولىيازما، مىخ مەتبەئە ياكى تىلى-ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ئۇيغۇر چاغاتاي، قەدىمكى ئۇيغۇر، قەدىمكى تۈرك؛ يېزىقى ئەرەبچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە، چاغاتايچە قاتارلىقلار نۇسخا تۈرى ئوخشاش ئەمەس دەپ قارىلىپ، ئايرىم - ئايرىم تارماق تۇرغۇزۇلۇپ ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى.

ئىككى كىتابنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئوخشاش، لېكىن نۇسخا تۈرى ئوخشاش بولمىسا ئۇنىڭغا بىرلا تارماق تۇرغۇزۇلۇپ، بىرلا كارتا ئىشلىنىپ ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى. بىر خىل قەدىمكى ئەسەر تارقىلىش جەريانىدا قايتىدىن ئۆزگەرتىلگەن، بېسىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن، مەزمۇنىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان ياكى ئۇزارتىلغان-قىسقارتىلغان بولسا، يېڭى نۇسخا دەپ قارىلىپ، يالغۇز تارماق تۇرغۇزۇلدى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى يېزىلدى. مەجمۇئەلەر، چاتما - سېرىيىلىك كىتابلار ئىچىدىكى تارماق كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇستەقىل كىتاب بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلىرىگە، ئايرىم تارماق تۇرغۇزۇلدى، پۈتۈن كىتابقا باشقا تارماق تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن كىتابنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمىنى يازغاندا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يازغاندىن سىرت يەنە ئۇنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى، بىرلىككە كەلگەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرى بولمىغاچقا يېڭىدىن ترانسكرىپسىيە ھەرپلىرىنى تۈزۈپ، كىتاب نامى شۇ ھەرپلەر بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىندى. كىتاب ئىسمىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەنا تەرجىمىسى قىلىندى، پەقەت ئىمكانىيەت بولمىغان ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، مانىچە كىتاب ناملىرى ئاھاڭى بويىچە يېزىلدى، ئىسمى ئېنىق بولمىغان ئەسەرلەرگە كاتالوگنى ئىشلىگۈچى تەرىپىدىن كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەڭ مۇھىمى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ يېڭى نام قويۇلۇپ، يۇلتۇز (*) بەلگىسى سېلىندى.

كارتىنىڭ «ئاساسىي مەزمۇنى» دېگەن كاتەكچىگە ئاساسىي مەزمۇن تولۇق، ئەلتۆكۈس يىغىنچاقلاپ يېزىلدى. ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش، پايدىلىنىشى، ئىزدىنىشتەك كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن ئالاقىدار پەن تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۆز-جۈملىلەر سەرخىل، ئوقۇشلۇق، ئوچۇق، راۋان، گىراماتىكىسى قېلىپلاشقان، لوگىكىسى پۇختا، ھەر خىل تەركىبلىرى ئېنىق يېزىلدى. قەدىمكى ئەسەرنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سۇبيېكتىپ مايىللىق ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ باھا بېرىشتىن ساقلىنىلدى. ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ تېكىستى بايان قىلىنىماقچى بولغان كىتاب، ۋەسىقىنىڭ مۇھىملىقىغا قاراپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىپ، ئالاھىدە چوڭ تارماق 500 خەت ئەتراپىدا، چوڭ تارماق 300 خەت ئەتراپىدا، ئوتتۇرا تارماق 200 خەت ئەتراپىدا، كىچىك تارماق 150 خەت ئەتراپىدا يېزىلدى. بىر قىسىم مەجمۇئەلەر، قىسمىلىق كىتابلار ياكى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا زور تەسىرى بار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئالاھىدە چوڭ تارماق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. مەلۇم پەن تۈرىدىكى مۇھىم كىتاب ۋە ۋەسىقىلەر چوڭ تارماق تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئادەتتىكى كىتاب ۋە ۋەسىقىلەر ئوتتۇرا ۋە كىچىك تارماققا كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسەن 150 - 250 خەت ئەتراپىدا يېزىلدى. دېمەك، ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ پۈتۈن كاتالوگىدا ئاساسەن ئوتتۇرا تارماق ئاساس قىلىنىدى. بەزى كونكرېت تارماقنىڭ دەرىجىسى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تۈزۈش ھەيئىتى تەرىپىدىن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» ئومۇمەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ تۈر خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان يىغىنچاق سۆز؛ كىتاب ۋە ۋەسىقىنىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ۋە يېزىشتىكى مەقسەت؛ كىتاب ۋە ۋەسىقە مەزمۇنىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى؛ ئەسەر ۋە كىتابنىڭ تەتقىقات قىممىتى، ۋەسىقىشۇناسلىقتىكى ئورنى ۋە قىممىتى قاتارلىقلار. «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يازغاندا، ئاساسەن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يېزىش تېزىسىدىكى تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ يېزىلدى. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»، پارسچە «ھەدىس شېرىف» لاردىكى بىر قىسىم سۆز، ئىبارە شۇنداقلا سۆز ئارىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقا تىللاردىكى سۆز - ئاتالغۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە قېلىپلاشقان تىل - يېزىق بىلەن يېزىلدى ياكى ئەسلى يېزىق شەكلى بويىچە ئېلىنىپ تىرناق ئىچىگە قويۇلدى. بارلىق سان - سىفىرلار ئاساسەن ئۇيغۇرچە سان بىلەن ئېلىنىدى.

يىل دەۋرىنى ئىپادىلەشتە: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىر ـ
يىللارنىڭ ئالدىغا «مىلادىيىدىن ئىلگىرى» دەپ يېزىلىدى.
«مەسىلەن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىر»، «مىلادى ـ
يىدىن ئىلگىرىكى 294 ـ يىلى». مىلادىيەدىن كېيىنكى
ئەسىر ـ يىللار بولسا ئادەتتە «مىلادىيە» يېزىلمىدى. مەسى ـ
لەن، «552 ـ، 840 ـ يىللار» ئازراق يىللار (مىلادىيە 100
يىل ئىچىدىكى) بولسا خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
«مىلادىيە» خېتى قوشۇپ يېزىلدى. مەسىلەن، «مىلادىيە
48 ـ يىلى». يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشى
ئارىسىغا تۈز سىزىق (ـ) سىزىلدى. مەسىلەن، (1644 ـ
1840) بىر ئەسىرنىڭ يېرىمىنى «ئالدىنقى يېرىمى»، «كې ـ
يىنكى يېرىمى» دەپ ئېلىندى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى ـ
نىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا. «19 ـ ئە ـ
سىرنىڭ بېشىدا، ئاخىرىدا، ئوتتۇرلىرىدا» دەپ ئېلىندى.
1911 ـ يىلىدىن بۇرۇنقىلىرى بىۋاسىتە سۇلالە نامى ھەم
ئەسىر بويىچە ئاتالدى. 1912 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىل 9 ـ
ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكىلەر «مىنگو
دەۋرى» دەپ ئاتالدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈ ـ
نىدىن كېيىنكىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇل ـ
غاندىن كېيىن» دەپ ئاتالدى. «ئازادلىقتىن بۇرۇن، كې ـ
يىن»، «كونا (يېڭى)»، جۇڭگو، «كونا جەمئىيەت» دېگەن
سۆزلەر ئىشلىتىلمىدى. تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە
1990 ـ يىلى دۆلەتلىك تىل ـ يېزىق كومىتېتى ئاخبارات
مەھكىمىسى بىرلىكتە ئۈزگەرتىپ ئېلان قىلغان «تىنىش
بەلگىلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى» بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتى 1997 ـ يىل
ئېلان قىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى لۇغىتىنى
ئاساس قىلىپ يېزىلدى. ھەربىر سۆز، تىنىش بەلگىلىرى
ئورگىنال قەغەزنىڭ بىر كاتەكچىسىگە چۈشۈرۈلدى. قوش
پەش، قوش تىرناق ۋە باشقا تىرناقلارنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى ـ
نى قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىلدى.
پەش، چېكىت، چېكىتلىك پەش، تىك چېكىت، سوئال بەل ـ
گىسى، ئۈندەش بەلگىسى قاتارلىق بەلگىلەر ئۆلچەم ۋە تە ـ
لەپ بويىچە قۇرنىڭ بېشىغا يېزىشتىن ساقلىنىلدى.

ئاساسىي مەزمۇنىنىڭ تېكىستىگە (بەت ئاستىغا ۋە تې ـ
كىست ئاخىرىغا) ئىزاھات بېرىشتىن ساقلىنىپ، ئىزاھات
خاراكتېرلىك جۈملىلەر تېكىستكە قوشۇۋېتىلدى. ئاسا ـ
سىي مەزمۇننى يازغۇچى كىشى تېكىستىنىڭ ئەڭ ئاخىرى ـ
دىكى قۇرنىڭ ئاستىغا ئۆز ئىسمىنى يېزىش ئۇسۇلى قول ـ
لىنىلدى. ئاساسىي مەزمۇننى يازغۇچى كىشى ئىككى ياكى
ئۈنىڭدىن كۆپ بولسا ئىسىملار ئارىسىغا بىر كاتەكچە بوش
ئورۇن قالدۇرۇلدى ياكى پەش قويۇلدى.

ھەر توم ئىچىدىكى ئىلىم ـ پەنگە باغلىق سۆز ئاتال ـ
غۇلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى
شۇ پەن ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان، ھەممە كىشى
قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. ئومۇميۈزلۈك
قوللىنىلمىغان، ئەسلى ئاپتور تەرىپىدىن مەلۇم مەنىدە قو ـ
يۇلغان ئاتالغۇلارغا ئۆز ئورنىدا چۈشەنچە بېرىلدى. مەلۇم
كەسپى سۆزلەردىن ھەر خىل يېزىلىدىغانلىرى ئامالنىڭ
بارىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، «مۇقەددەس كى ـ
تابلار» ياكى ئاللاھنىڭ ساماۋى كىتابلىرىغا ئىشىنىش،
«ئىمان»، «ئېتىقاد»، «ئىشىنىش» دېگەن سۆزلەر «مۇقەددەس
كىتابلار»، «ئىمان» دەپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىر قەدەر
ئومۇملاشقان، چۈشىنىشلىك سۆز ئىشلىتىلدى. ئادەم
ئىسمىنى يازغاندا ئۆز ئىسمى ياكى ئادەتلەنگەن نامى ئىش ـ
لىتىلدى. قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى يەر ناملىرىنى يېزىشتا بىر
يەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ناملىرى بولسا ياكى نامى ئوخ ـ
شاش يەر ئوخشاش بولمىسا بۈگۈنكى تەۋە جاينىڭ نامى يې ـ
زىلدى. مەسىلەن، قوچو، جانبالىق، ئىدىقۇت، كروران،
پىشامشان دېگەن ناملار. قەدىمكى يەر ناملىرى ھازىرقى يەر
نامىغا ئۆزگەرتىلمەي ئۆز پېتىچە يېزىلدى. مەسىلەن،
كاشغەر، ياركەند، كوچار، كوسەن، ئودۇن، قوچو، يارغول
بۇ ناملار تۇنجى قېتىم ئۇچرىغاندىلا ئىزاھلىنىپ يېزىلدى.
تارماقلاردا ئىشلىتىلگەن ھەرخىل ماتېرىياللار تەكشۈرۈش
سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خاتا يېزىلىپ قېلىشتىن
ساقلىنىلدى. ماتېرىياللارنى تەكشۈرگەندە، سېلىشتۇرغاندا
ئىمكانقەدەر بىرىنچى قول ماتېرىيال ئاساس قىلىندى. كا ـ
تالوگ ئىشلىگۈچى، بېكىتكۈچىگە بىرەر مەسىلىنى ئەس ـ
كەرتمەكچى بولغاندا قېرىنداش قەلەم بىلەن بەلگە قويۇل ـ
دى. پىرىنسىپ جەھەتتە، ھەربىر مىللەتنىڭ قەدىمكى ئە ـ
سەرلىرى كاتالوگى بىر توم ياكى بىر قانچە توم بولۇپ تۈ ـ
زۈلىدىغان بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ بەلكى ئىككى ياكى ئۇ ـ
نىڭدىن كۆپ توم بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. چۈنكى ئۇي ـ
غۇرلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ھەم تارىختا كۆپ خىل يې ـ
زىق قوللانغان مىللەت. شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇڭگو ئۇيغۇر قە ـ
دىمكى ئەسەرلىرى تومى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تومى»
ياكى «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى تومى، ئەرەبچە،
پارسچە، چاغاتايچە يېزىقى تومى» دەپ چىقىرىلىشى مۇم ـ
كىن.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر مىللەتنىڭ بۆلۈنمە توملىرى
ۋەسىقىلىرىنىڭ ژانىر ـ شەكىللىرىگە قاراپ تەرتىپ بو ـ
يىچە تۈزۈلىدىغان يەنى A تۈر ـ قەدىمكى ئەسەرلەر ـ كى ـ
تابلار؛ B تۈر ـ مىس، مەڭگۈ تاش، ياغاچ ئويمىلار؛ C
تۈر ـ ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر؛ D تۈر ـ ئاغزاكى ۋەسىقى ـ
لەر ـ قىسسە ـ قوشاقلار بولغاچقا، ھەربىر تۈرنى تۈزۈش ـ
تە «جۇڭگو كۈتۈپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش

ئۇسۇلى» بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلدى. «جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى»، «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» دىكى تۈرلەرگە ئايرىش تەرتىپى بويىچە ئايرىلدى. لېكىن ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» غا قىسمەن ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلدى. مەسىلەن، A دىن: 1. ئىپتىدائىي دىن؛ 2. بۇددا دىنى؛ 3. تويىن دىنى؛ 4. ئىسلام دىنى؛ 5. خىرىستىيان دىنى؛ 6. باشقا دىنلار؛ B. پەلسەپە؛ 1. پەلسەپە؛ 2. ئىستاتىستىكا؛ 3. پىسخولوگىيە؛ C. ئېتىكا؛ D. سىياسىي، قانۇن: 1. سىياسىي؛ 2. قانۇن؛ E. ھەربىي ئىشلار؛ F. ئىقتىساد؛ G. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە؛ H. تىل - يېزىق: 1. تىل؛ 2. يېزىق؛ I. ئەدەبىيات: 1. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى 2. شېئىر؛ 3. دىراما؛ 4. ھېكايە - رومان؛ 5. ئوچېرىك؛ 6. خەلق ئەدەبىياتى؛ 7. دىنىي ئەدەبىيات (ئەدەبىيات تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ دىنىي مەزمۇنى بارلىرى مۇشۇ تۈرگە كىرگۈزۈلدى؛ ئەدەبىيات مەزمۇنى بار ئەمما نوم كىتاب شەكلىگە مەنسۇپ بولغانلىرى A تۈرگە كىرگۈزۈلدى)؛ J. سەنئەت: 1. سەنئەت نەزەرىيەسى؛ 2. خەتتاتلىق ۋە رەسساملىق؛ 3. مۇزىكا؛ 4. ئۇسۇل؛ K. تارىخ، جۇغراپىيە: 1. تارىخ؛ 2. ئۆرپ - ئادەت؛ 3. جۇغراپىيە؛ 4. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرى؛ P. ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق: 1. ئاسترونومىيە؛ 2. كالېندارچىلىق؛ R. تېبابەت، سەھىيە؛ S. يېزا ئىگىلىك پەنلىرى: 1. يېزا ئىگىلىك؛ 2. ئورمانچىلىق؛ 3. چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق؛ T. سانائەت تېخنىكىسى؛ U. قاتناش تىرانسپورت؛ 2. ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك كىتابلار؛ W. باشقىلار.

بۇخىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى پۈتۈن بىر گەۋدىگە قارىتا ئېيتىلغان. شۇڭا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىچىدە قايسى بىر تۈر بولمىسا شۇ تۈر قىسقارتىلغان ھالەتتە قالدى. لېكىن بەزى تۈرلەر ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىدە بار بولغاچقا بۇ تۈر كىچىك تۈر بويىچە 2 - دەرىجە ياكى 3-دەرىجە دەپ ئايرىلدى. مەسىلەن،A. دىن: ئىپتىدائىي دىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ئېتىقاد قىلغان (1) شامان دىنى؛ (2) مانى دىنى قاتارلىقلاردىن باشقا؛ (3) تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش؛ (4) ھايۋاناتلارغا چوقۇنۇش؛ (5) ئەجدادلارغا چوقۇنۇش، يەنە بەزى سېھىر - جادۇ، يادا تاشچىلىق قاتارلىق تۈرلەر ئىپتىدائىي دىن تۈرى ئىچىدىكى كىچىك تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە تۈرگە ئايرىلدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى» نى تۈزۈشتە ئالدى بىلەن «كىتابلار تۈرى» نى ئىشلىدۇق. كىتابلار تۈرىنى ئىشلىگەندە ھەربىر كىتابقا بىردىن كارتا تولدۇرۇلدى. بىرخىل كىتابنىڭ ئوخشىمىغان باسما نۇسخىسى، ھەر خىل قولیازما نۇسخىسى بولسا مەزمۇنى ئوخشاشلىرى بىر كىتاب ھېسابىدا بىر كارتا تولدۇرۇلدى. مەزمۇنىدا چوڭراق پەرق بولغانلىرى ئوخشىمىغان كىتاب ھېسابىدا ئايرىم كارتا تولدۇرۇلدى. كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «يېزىق تۈرى» ئادەتتىكى ئاتىلىشىچە يېزىلدى. مەسىلەن، ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئۇيغۇر چاغاتايچە، ھەربىر يېزىقنىڭ نامى رەت بويىچە يېزىلىپ، كەينىگە «ئارىلاش» دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلدى. مەسىلەن، ئەرەبچە، چاغاتايچە، پارسچە ئارىلاش.

كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «تۈرى» دېگەن ئورۇن «جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» غا ئاساسەن تولدۇرۇلدى. كارتوچكىنىڭ بېشىدىكى «رەت نومۇرى» كارتىكى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ تولدۇرۇلۇپ، ئادرېس يانتۇ سىزىق بىلەن ئايرىپ قويۇلدى. بۇنىڭدا بىرىنچى بۆلىكى جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىنىڭ ھەرپ نومۇرى، ئىككىنچى بۆلىكى ھەر خىل يېزىق تۈرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كىچىك تۈرگە بۆلۈنۈش نومۇرى، ئۈچىنچى بۆلىكى كىچىك تۈر ئىچىدىكى كارتوچكا نومۇرى. مەسىلەن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەدەبىي تۈر «غېرىب - سەنەم» ئەل ئىچى ئەدەبىياتىنىڭ ئون توققۇزىنچى كارتوچكىسى «I/6/9» دەپ يېزىلدى. كىتاب نامى ياكى ماۋزۇسى ئەسلىي يېزىلىشى بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلدى. بىرلىككە كەلگەن لاتىن ھەرپىگە ئايلاندۇرۇپ يېزىشتا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىپ يېزىش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىپ شۇ بويىچە يېزىلدى. ئەسلى خەنزۇچە نامى بولسا كىتاب ماۋزۇسى ياكى نامى ئۆز ئەينى بويىچە يېزىلدى. ئەسلى خەنزۇچە ماۋزۇسى ياكى نامى يوقلار ئۇيغۇرچىدىن، ئەرەبچىدىن، پارسچىدىن، چاغاتايچىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىن تەرجىمە قىلىندى. بۇنىڭدا ئىمكان بار ئەسلى بار تەرجىمە ئىسمى ئىشلىتىلدى. خەنزۇچە تەرجىمە ئىسمى ھەر خىل بولغانلىرى ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قاراپ رېتى بويىچە يېزىلدى. ئەگەر قىسقارتىلغان نامى كەڭ تارقالغان بولسا ئۇمۇ يېزىلدى. ئەسلى ماۋزۇسىز كىتابلارغا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ماۋزۇ قويۇلدى. قويۇلغان ماۋزۇلار پەقەت خەنزۇچە يېزىلىپ، خەنزۇچە ماۋزۇ كاتىكىگە تولدۇرۇلۇپ، ئالدىغا يۇلتۇز (*) بەلگىسى قويۇلدى. ھەجىم جەھەتتە ئەسلى كىتاب ئىلگىرى توملارغا بۆلۈنگەن بولسا توم سانى يېزىلىپ، قىسىم سانى يېزىلمىدى. تومغا بۆلۈنمىگەنلىرىنىڭ قىسىم سانى يېزىلىپ «توم» كاتىكىگە «تومغا بۆلۈن-

مىگەن» دەپ يېزىلىدۇ. توم سانى ۋە قىسىم سانىنى يېزىشتا ئەرەبچە رەقەم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «5 توم»، «تومغا بۆلۈنمىگەن، 5 قىسىم»، ئەگەر ئەسلى كىتاب كەمتۈك بولسا تولۇق توم سانىلا يېزىلىپ، ھازىرقى ساقلانغان توم سانى يېزىلمىدى. كىتابنىڭ بەت سانى «بەت سانى» كاتەكىگە يېزىلىدۇ.

ئاپتور دېگەن كاتەكچىنى تولدۇرغاندا ئالدى بىلەن سۇلالە ياكى ئەسىر كونا يىل ھېسابى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قوللىنىشقا باشلىغان ھىجرىيە ھېسابى، مىلادىيە يىل ھېسابى تىرناق ئىچىگە ئەرەبچە رەقەم بىلەن، ئاپتورنىڭ يۇرتى، ئىسىم - فامىلىسى، تەرجىمە قىلغان ياكى يازغان دەپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرى، 1721 - يىل، قەشقەرلىك مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، قەشقەردە يازغان» دەپ يېزىلىدۇ. ئەگەر ئادەتلەنگەن ئىسمى بولمىسا ئادەم ئىسمى ئورنىدا مەنسەپ نامى ئىشلىتىلمىدى.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئۆزىنىڭ مۆچەللىك كالېندارىنى ئىشلەتكەچكە بەزى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب - ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگىنى ئىشلىگەندە مۆچەللىك يىل ئەنئەنىسى قوللىنىلىپ، ئۇنىڭ كەينىگە تىرناق ئىچىگە مىلادىيە يىل ھېسابى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىشلەتكەن ھىجرىيە كالېندارىنىڭ كەينىگە مىلادىيە يىل يېزىلىدۇ. يىل ھېسابى بولمىغانلار بىرلا مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە يېزىلىدۇ، كونكرېت يىل ئېنىق بولمىغانلارغا ئەسىرلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «14 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا......»

ئاساسىي مەزمۇننى يازغاندا ئالدى بىلەن كىتابنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان خۇلاسىنى يېزىپ، ئاندىن كېيىن كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە مەقسىتى، بارلىققا كېلىش جەريانى، كىتابنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقاتتىكى ئورنى، قىممىتى يېزىلىدۇ. مەشھۇر، ئۇلۇغ، مۇتەپەككۇر، ئىنتايىن، مۇھىم دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرى ئىشلىتىلمىدى. نۇسخىسى دېگەن كاتەكچىنى تولدۇرغاندا سۇلالە ياكى دەۋرى، كونا يىل ھېسابى، مىلادىيە يىل ھېسابى (تىرناق ئىچىدە)، كىتابنى يازغان، كۆچۈرگەن، ئويغان ئورۇن، ئادەم، كۆچۈرگەن، ئويغان نۇسخا ياكى كۆچۈرمە - قولىيازما دەپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن ياركەندە كۆچۈرگەن قولىيازما. ئەگەر نۇسخا ئېنىق بولمىغانلىرى ئويما نۇسخا، كۆچۈرمە - قولىيازما، كونا كۆچۈرمە ياكى كونا قولىيازما دەپ يېزىلىدۇ. ئاساسەن بۇ كاتەكچە ئاق قالدۇرۇلمىدى. كىتابنىڭ ۋەسىقە ماتېرىيالىنى تىزىملاپ يازغاندا ياغاچ قوزۇق، ياغاچ تاختا، قوي تېرىسى، كالا تېرىسى، بۆز رەخت، سىپتە شايى، يۇمشاق قەغەز، كەندىر قەغەز، خوتەن قەغىزى، سامان قەغەز، كاتان، قاسراق دەپ ئاتالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق، ياغاچ، تاش، تېرە، سامان قەغەز، خوتەن قەغىزى، دەپ تىزىلدى. تۈپلىنىشى دېگەندە ئۆرىمە، ئورام، قاتلىما، ئارقاق قاتلىما، كېپىنەك شەكىللىك، جىلدلىق، يېپىلىق تۈپلىمە، قاسراق بىلەن چىگىلگەن، پارچە - پارچە، بايراق قاتارلىق ئاتالغۇلاردا يېزىلىدۇ. خەت شەكلى - ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بويىچە خەتتە ئىلىق، رۇقئە نۇسخا، سۇلۇس، نەسخ، كوفى، ئىجازەت، تۆزخەت، غوللۇق خەت، رەيھانى، دىۋانى، جېلى دىۋانى قاتارلىق ئاتالغۇلاردا يېزىلىدۇ. سىياھ رەڭگى دېگەندە ئاساسەن قارا سىياھلىق كىتاب، قىزىل سىياھلىق كىتاب، جىگەر رەڭ سىياھلىق كىتاب، ئالتۇن رەڭلىك كىتاب، سۆسۈن رەڭلىك كىتاب، كۈمۈش رەڭلىك كىتاب، قان بىلەن يېزىلغان كىتاب، گۈل - گىياھ ئىزىندىسى بىلەن يېزىلغان دېگەندەك ئاتالغۇلاردا يېزىلىدۇ. بەت يۈزىنى، بويى بىلەن ئېنىنىڭ كۆپەيتمىسى، بىرلىكى سانتىمېتىر (cm) ئەرەبچە سان بىلەن يېزىلىدۇ. كىتابنىڭ بەت يۈزىنى ئۆلچىگەندە ھەممە كىتابنىڭ بويى ۋە ئېنى كىتاب تېكىستىنىڭ بىرىنچى بېتىدىن سانالدى. قىسمەن ۋاراقلىرى كەمتۈك كىتابلارنىڭ ئەڭ تولۇق بىرىنچى بېتىدىن سانالدى ھەم شۇ بەت ئۆلچەندى. پەقەت تىك سىزىقلىق كالونكا تارتىلغان قولىيازمىلاردا تىك سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كىتابنىڭ بويى، ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرەپتىكى تىك سىزىقلارنىڭ ئارىلىقى كىتابنىڭ ئېنى ھېسابلاندى. توغرا سىزىقلىق كالونكا تارتىلغان قولىيازمىلاردا توغرا سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى كىتابنىڭ ئېنى، يۇقىرى، تۆۋەن ئىككى توغرا سىزىقنىڭ ئارىلىقى كىتابنىڭ بويى ھېسابلاندى. يان سىزىقى بار كىتابلارنى يازغاندا، تۆت تەرىپى تاق سىزىقلىق، تۆت تەرىپى قوش سىزىقلىق، ئوڭ، سول تەرىپى قوش سىزىقلىق، قىرغاقلىرى سىزىقسىز دەپ يېزىلىدۇ. كىتابنىڭ خەت قۇرى - تولۇق خەت يېزىلغان بىرىنچى بەتنىڭ قۇر سانى ئەرەب رەقىمى بىلەن تولدۇرۇلدى. ھەر قۇرنىڭ خەت سانى ئوخشىمىغانلارنىڭ خەت سانى ئەڭ ئاز قۇر بىلەن ئەڭ كۆپ قۇرنى ئېلىپ، «...دىن-، غىچە» دەپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، 7 قۇر، 11 دىن 13 كىچە تولۇق يېزىلغان قۇر ئاساس قىلىندى. كىتابنىڭ خەتسىز يۈزى - ئاق، قارا، ئالا دەپ يېزىلىدۇ. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ خەتسىز يۈزى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ بايان قىلىندى. چۈنكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ماۋزۇ، تېكىست، ھاشىيە يەنە بەتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تېكىست، ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەرھىسى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنى بەتنىڭ خەتسىز يۈزىگە ھاشىيە، ئىزاھات بېرىلىدىغان ئەسەر - كىتاب دائىم ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئاللاھىدىلىكلەر يېزىلغاندىن باشقا يەنە پەقەت «بار»

ياكى «يوق» دەپ يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ بار.

كىتابنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرى دېگەندە مۇقاۋا قېپى، تۈرغۇچ، قىستۇرما رەسىم، تەمتەك خاتىرىسى، يان ئىزاھات، هاشىيە دېگەندەك تۈرلەر بولۇپ، بۇلار، كۆن مۇقاۋىلىق، شارۇن مۇقاۋىلىق، تېرە - خۇرۇم مۇقاۋىلىق، مىلىچە نەقىشلىك، تامغىلىق دېگەندەك ئاتالغۇلاردا يېزىلدى. كىتابنىڭ بۇزۇلۇش ھالىتى - بۇزۇلمىغان، پۈرچۈلمىغان، يىرتىلمىغانلىرى «تولۇق، ياخشى ساقلانغان» دەپ يېزىلدى. بۇزۇلغان، پۈرچۈلگەن، يوقالغان بەتلىرى كونكرېت كۆرسىتىلدى. كىتابنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى دېگەندە يىغىپ ساقلاۋاتقان ئورۇن تەپسىلىي يېزىلدى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، دېگەندەك. ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىش، نەشر قىلىنىش ئەھۋالى، قەدىمكى ئەسەرنى قاچان، كىم نەشرگە تەييارلىغان، قايسى ئورۇن نەشر قىلغان، بۇ ھەقتە قانداق، قاچان، قايسى مەتبۇئاتتا تەتقىقات ماقالىسىنى كىم ئېلان قىلغان دېگەن تۈرلەر تەپسىلىي يېزىلدى. تېخى نەشرگە تەييارلانمىغان، بۇ ھەقتە تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارمىغان بولسا تەتقىق ۋە نەشر قىلىنمىغان دەپ يېزىلدى. دېمەك، جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى يېزىش تىزىسىدىكى تەلەپ، پىرىنسىپ، ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئىشلەندى. ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كىتابلار تىزىمىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىدىكى ئۇيغۇر كەسپىي گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن تەكرار تاللاش ۋە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ شاللاش ئارقىلىق 1200 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئەرەبچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرىدىن 135 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى؛ پارسچە 320 پارچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرىنىڭ كاتالوگىنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەردىن 325 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار ئەرەبچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەردىن 260 پارچە، پارسچە 155 پارچە، كونا ئۇيغۇرچە 237 پارچىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەردىن 208 پارچىنىڭ كاتالوگىنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسىردىن 120 پارچىنىڭ كاتالوگىنى ئىشلەپ بولدى. بۇلار ئىچىدىن تاللاش ئارقىلىق جەمئىي 1560 پارچە ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلىنىپ «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى ئۇيغۇرلار تومى» نىڭ 1 - تومى قىلىندى. ئومۇمىي كاتالوگى ئىشلەنگەن 1650 پارچە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسىرىنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرى ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 9 - ئەسىرلەردىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشقان مىلادىيە 11 -، 12 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ كېيىنكى دەۋرلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە تەۋە كىتابلاردۇر.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى ئىشلەنگەن 27 يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشى، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ھەمكارلىشىشى، ھەرقايسى كەسپىي خادىملار ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى سۆيىدىغان، قوللايدىغان، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ھەمكارلىشىشى، جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، قۇتقۇزۇش، كاتالوگىنى تۈزۈش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 20 يىلدىن بۇيان 10 مىڭ پارچىدەك ئەرەب، پارس، ئۇيغۇر، تۈرك، براھما، قاراشەھەر، كۇچار تىل - يېزىقىدىكى قەدىمكى ئەسەر ۋە ۋەسىقە توپلاندى. 70 پارچىدەك ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەر رەتلىنىپ نەشردىن چىقتى. «مايىتىرى سىمىت»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ئىسكەندەرنامە»، «مەلۇماتۇل ئافاق» قاتارلىق 30 پارچە ئەسەر «دۆلەتلىك قىممەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى» گە كىردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۇەن ناھىيەسىدىكى 10 مىڭدەك ئۇيغۇرنىڭ تارىخى، خۇنەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى، كېلىپ چىقىشى، نەسەبىگە ئائىت يازما ھۆججەتلەر، تاش پۈتۈكلەر، قەبرە تەزكىرىلىرى، نەسەبنامىلىرى قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى ئىشلەش خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى بىلەن خۇنەن ئۆلكىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشخانىسى ھەمكارلىشىپ ئىشلەش پىلانلاندى. جۇڭگو

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن سانىنىڭ كۆپ بولۇشى، كىتاب تۈرىنىڭ جىقلىقى، تىلىنىڭ قەدىمىي ۋە مۇرەككەپلىكى قاتارلىق تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كاتالوگ تۈزۈش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا بولدى. لېكىن 10 يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق كاتالوگ تۈزۈش تىزىسى تەلىپىدىكى ئۆلچەم بويىچە پۇختا ھەم ئەستايىدىل ئىشلىنىپ، بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيەدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 2010 - يىلى 5 - ئايدا ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى شۇنداقلا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرى بويىچە مەشھۇر مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، مىرسۇلتان ئوسمان، ئىسرايىل يۇسۇپ، ئارسلان ئابدۇللا، غەيرەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، ۋاھىتجان غوپۇر، ئوسمان ئىسمائىل تارىمى، مۇھەممەت تۇردى مىرزىئەخمەت قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈپ جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىغا نەشرگە يوللاندى. جۇڭگو ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىكى كەسپىي خادىملار، قەدىمكى كىتاب ساقلاۋاتقان ئورۇنلاردىكى خادىملار مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلارنىڭ پائال قاتنىشىشى ۋە تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىلىق «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئومۇمىي كاتالوگى. ئۇيغۇرلار تومى» يۇقىرى سان - سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاندى، پات ئارىدا كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكىسى.

2011 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، مائارىپ مىنىستىرلىقى، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى، سەھىيە مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات باش مەھكىمىسى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو تېبابىتى دورا ماتېرىياللىرى ئىدارىسى قاتارلىق سەككىز مىنىستىرلىق ۋە كومىتېت بىرلىكتە، 2007 - يىلى «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى، 2008 - يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «ئازسانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» ھەمدە 2010 - يىلى 5 - ئايدا ، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ئاچقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتى قوللاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى چۈشۈرۈپ ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش خىزمىتى لايىھەسى» نى تۈزۈپ چىقتى. دېمەك، بۇ خىل شەرق شامىلى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، قۇتقۇزۇش، رېمونت قىلىش، ئاسراش، قوغداش خىزمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق باھار شامىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوغداشنى ئاساس قىلىشقا، قۇتقۇزۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە قارىتىلىدۇ. دېمەك، قوغداش ئاساستۇر!

---

## پايدىلانمىلار

① ماشيەنپىڭ: «تاۋ يۈەن ناھىيىسى مىللەتلەر تارىخى»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تاۋ يۈەن ناھىيەلىك كومىتېتى بىرلىكتە بۈلۈمى، ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئىشخانىسى 2004 - يىل 9 - ئايدا تۈزگەن؛ چېن زۇنۋاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» يۆلۈ نەشرىياتى، 1994 - يىل 7 - ئاي (خەنزۇچە)، نەشرى 17 - بەت؛ شىنجاڭ «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى 2006 - يىل 3 - سان، (خەنزۇچە)، 25 - بەت.

② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى «ماۋ زېدۇڭنىڭ سەيپىدىن ئەزىزىنى پارتىيەگە تونۇشتۇرۇشى» ناملىق ماقالە.

③ ئابدۇقەييۇم خوجا، ئىسرافىل يۈسۈپلەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل 8 - ئاي نەشرى 9 -، 10 -، 23 - بەت.

④⑤ «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، 2003 - يىل 2 - سان؛ ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1982 - يىل قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى باستۇرغان، 39 - بەت؛ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي نەشرى 11 -، 132 - بەت.

⑥⑦ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 23 - بەت.

⑧ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2003 - يىل 1 - سان.

★ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 2003 - يىل باستۇرغان، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىپ قۇتقۇزۇشقا دائىر ھۆججەتلەر توپلىمى.

★ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار، ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەرقايسى نازارەت، كومىتېتلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# تەھرىرلىك خىزمىتىدە چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىمىر غىياس

«چۈشىنىش» بىلەن «تۈزىتىش» (تەھرىرلىك) قارىماققا بىر ئۇقۇمدەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەريانى ۋە نەتىجىسى ئوخشىمايدىغان ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇملاردۇر. باشقىچە ئېيتقاندا ئەسەر ئارگىنالىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تۈزىتىش تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئىككى مۇھىم جەريان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قويۇق دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت بار. چۈشىنىش — بىرىنچى قەدەم، تۈزىتىش — ئىككىنچى قەدەم، چۈشىنىش تۈزىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، تۈزىتىش بولسا چۈشىنىشنىڭ كونكرېت نەتىجىسى. چۈشىنىش توغرا بولمايدىكەن، تۈزىتىشنىڭ توغرا بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. لېكىن تۈزىتىش ھەرگىزمۇ چۈشىنىش ئالدىدىكى پاسسىپ جەريان ئەمەس، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە چۈشىنىشنىڭ دەرىجىسى ۋە سالمىقىنى تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا چۈشىنىشنىڭ توغرىلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى، يەنى چۈشىنىش تۈزىتىشنى بەلگىلىسە، تۈزىتىش چۈشىنىشنى ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ، چۈشىنىش ئىچكى جەريان، تۈزىتىش بولسا كونكرېت نەتىجە. چۈشىنىشتىن خالىي ساپ تۈزىتىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى ۋە قىممىتى بولمىغىنىغا ئوخشاش تۈزىتىش ئارقىلىق ئەكس ئەتمىگەن ساپ چۈشىنىشنىمۇ زادى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ناھايىتى سۈپەتلىك نەشر قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە تۈزىتىش باسقۇچى تېخىمۇ مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئادەتتە، مۇھەررىرنىڭ ئەسەرلەردىن «قۇسۇر ئىزدەش»، تالانت ۋە ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسىمۇ، ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى تۈزىتىش مەسىلىسى ئاخىرقى ھېسابتا مەزمۇن بىلەن شەكىلنى قانداق قىلىپ توغرا بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شەكىلنى قانداق قىلىپ مەزمۇن ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىر لاياقەتلىك مۇھەررىر ئۆزى چۈشەنمىگەن نەرسىگە قارىسىغا قەلەم تەۋرىتىپ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا كۈلكىگە قېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنداقتا، چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە، ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە نامايان قىلىش كېرەك؟

پىكىر دېموكراتىيەسى ۋە تەھرىرلىك ئىستىلى بويىچە قارىغاندا، مېنىڭچە چۈشىنىشنىڭمۇ، تۈزىتىشنىڭمۇ مۇقىم بىر ئۆلچىمى بولمايدۇ ۋە بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ھەر ئىككىلىسىنىڭلا ئۆلچىمى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا، بۇ ئۆلچەم مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ھەقىقەتتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئادەتتە، ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، «ھەقىقەت» دېگەندە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى «چۈشىنىش» بىلەن «تۈزىتىش» نىڭ ئۆلچىمى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتتىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاندا چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى ئورنى ۋە رولى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلىنىشى لازىم.

بىزگە مەلۇم، تەھرىرلىك خىزمىتى ئۇچۇر - ئاخباراتلارنى توپلاش، تېما تاللاش، پىلانلاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، ماقالە قوبۇل قىلىش، ئوقۇپ تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، رەتلەش، لايىھەلەش، زىننەتلەش، كوررېكتورلۇق قىلىش، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، مەتبۇئات تەشۋىقاتىنى بازارغا سېلىش قاتارلىق ئىش تەرتىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۇيغۇر تىلىدا «تەھرىرلىك پىروگراممىسى» دېيىلسە، خەنزۇ تىلىدا 编辑程序، ئىنگلىز تىلىدا بولسا Editor program دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ توغرا مەنىسى تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ تەرتىپى دېگەنلىك بولىدۇ. بىر مۇنەۋۋەر مۇھەررىردىن تەھرىرلىك پىروگراممىسىنى ئۆزىگە تايىنىپ مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇبادا ئۇ تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ بىرەرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىيەلمىسە، باشقا پىروگراممىلارنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپ كېتەلىشى ناتايىن. چۈنكى تەھرىرلىك پىروگراممىسى بىر - بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش تەھرىرلىك خىزمىتىنى تۈيۈق يولغا

باشلايدۇ. ئالايلۇق، ئۇچۇر ـ ئاخباراتلارنى يىغىش تېما تاللاش ۋە ئۇنى پىلانلاشنىڭ ئاساسى، تېما تاللاش بىلەن ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ئۆزئارا بېقىندىلىك مۇناسىۋەتتىكە ئىگە بولغان ئىككى مۇھىم ھالقا، يەنى تېما تاللاش ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇش، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش، تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە تايىنىدۇ، تېما تاللاش ۋە ئۇنى پىلانلاش جەريانى بولمىغان ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش نىشانسىز ئوق ئاتقانلىق بولىدۇ؛ ماقالىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش بارلىق تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى، جۈملىدىن تۈزىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئۇلى، تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئۆتكەلدىن ھالقىپ كەتكەن تۈزىتىش ئۇنۇمسىز ئەمگەككە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئوخشاشلا تۈزىتىش جەريانى بولمىغان نوقۇل ئوقۇپ تەكشۈرۈشمۇ قۇرۇق سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، تۈزىتىش تۇرلۇك خاتالىقلاردىن ساقلىنىش، ماقالە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى؛ رەتلەش، لايىھىلەش ـ زىننەتلەش، كوررېكتورلۇق قىلىش جەريانى بولسا تۈزىتىش جەريانىغا «قان» تولۇقلاش، ماقالىلەرنى ئىستون ۋە سەھىپىلەر بويىچە جايلاشتۇرۇش، ئىستون، سەھىپە ۋە بەت يۈزىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ۋە تۇرلۇك بەلگىلەرنى بىر ـ بىرىگە پار كەلتۈرۈش، جىپسىلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مەتبۇئات سىننى كۆركەملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش شەكلى؛ بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تۈزىتىش، رەتلەش، لايىھەلەش، زىننەتلەش ۋە كوررېكتورلۇق قىلىش باسقۇچلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ماقالىلەرنى ـ خام مەتبۇئاتنى رەسمىي باسما بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ «ئۈندۈرمىسى، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلگەن تۈنجى نۇسخا؛ مەتبۇئات تەشۋىقاتىنى تەۋسىيە قىلىش مۇھەررىرلەرنىڭ نەشردىن چىققان رەسمىي مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشى ۋە كەڭ كۆلەمدە تارقىتىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ بولۇپ پۈتكۈل تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ ئاخىرقى تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. تەھرىرلىك پىروگراممىسى ئىچىدە مېنىڭچە بولغاندا تۈزىتىش جەريانى ئەڭ يادرولۇق ۋە ئەڭ جاپالىق باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بەزىلەر ماقالىلەرنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش جەريانىنى تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ ئاساسى ۋە يادروسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، ئوبيېكتىپ كىلىمات، يەنى ماكان ـ زامان نۇقتىسىدىن قارىغاندا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ماقالىنى ئوقۇپ تەكشۈرۈش جەريانى ھامان ئۇنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا باھا بېرىش، «كېسىم چىقىرىش» ئۆتكىلىدىن ھالىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ماقالىنى ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىككە ياكى ئاپتورنىڭ قايتىدىن تۈزىتىپ بېرىشىگە قايتۇرۇشقا ھۆكۈم قىلىشنىڭلا ئاساسى بولالايدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتىنلا ئىبارەت، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «يادرولۇقلۇقى» پەقەت تۈزىتىش جەريانى ئاساسىدىلا نامايان بولىدۇ. يالغۇز بۇلا ئەمەس، ھەتتا تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ باشقا بارلىق تەرتىپلىرىمۇ تۈزىتىش جەريانى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە «قان» تولۇقلايدۇ. شۇڭا تۈزىتىش جەريانىنى «ئەڭ» ۋە «تېخىمۇ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلاپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ جاپالىق جەريان دېسەك ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ. ئادەتتە، كىشىلەرنىڭ مۇھەررىرلەرنى «نامسىز قەھرىمان»، «بېتون ئارىسىدىكى پولات چىۋىق» دەپ تەرىپلىشىمۇ ئۇنىڭ ئەسەر تۈزىتىش ماھارىتىگە قارىتىلغان، ھەرگىزمۇ تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ باشقا تەرتىپلىرىگە قارىتىلغان ئەمەس.

تۈزىتىش جەريانى تەھرىرلىك پىروگراممىسى ئىچىدە يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ يادرولۇق ۋە تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە باسقۇچكى، بۇ باسقۇچتا ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ـ مەزمۇن جەھەتتىن، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىچكى قاتلاملىرى جەھەتتىن، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى جەھەتتىن، بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە تىل ئىشلىتىش سەۋىيەسى جەھەتتىن، سىستېمىسى ۋە ئىلمىيلىكى جەھەتتىن ئىنچىكە قاراپ چىقىشقا، ئاڭقىرىشقا ۋە تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلىشقا، پەرەزنى پاكىتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. بۇ جەريان قانداقتۇر ماقالە ـ ئەسەرلەرگە مۇنداقلا ئىش قوشۇپ رەتلەپ قويۇش جەريانى ئەمەس، بەلكى مۇھەررىرنىڭ يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئەستايىدىل تەھرىرلىك ماھارىتىنى نامايان قىلىش جەريانىدۇر. مۇھەررىرلەرگە مەلۇمكى، ئادەتتە تەھرىر بۆلۈملىرىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك تۇرلۇك تېمىدىكى ۋە ھەر خىل رەۋىشتىكى ئەسەرلەر كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى، دۆلەت ۋە رايون تەۋەلىكى، ئېتىقاد قىلغان دىن ياكى تەربىيەلىنىش دەرىجىسى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، دۇنيا قارىشى، ئىلىم ـ پەن نۇقتىئىنەزەرى، نەزەرىيە ساۋاتى، كەسپىي بىلىم ئىقتىدارى، بىلىش دائىرىسى، ئىجادىيەت ئىستىلى، مەسىلە ھەل قىلىش پوزىتسىيەسى بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، نۇقتىئىنەزەرى، بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە باشقا تەرەپلىرىمۇ بىردەك بولمايدۇ. ھەتتا

بەزى ئەسەرلەرنىڭ سىستېمىسىدا، قۇرۇلمىسىدا، ئىلمىي-
لىكىدە، توغرىلىق دەرىجىسىدە، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ
ماسلىشىشچانلىقىدا، پاكىت ۋە سان ـ سىپىرلارنىڭ ئەي-
نەنلىكىدە، چىنلىقىدا، يان ماۋزۇ ۋە ئىنچىنىڭ ئىزچىل-
لىقى ۋە بىردەكلىكىدە، تۈرلۈك نام ـ ئاتالغۇلار، خاس ئى-
سىملارنىڭ ئىملاسىدا، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلى-
شىدە خېلى ئېغىر خاتالىقلار سادىر بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق
ھەر تەرەپلىمە خام ئەسەرلەرنى مەسئۇل مۇھەررىر تۈزىتىش
باسقۇچىدا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ھەتتا ئۇلارنى ئىلگىرى
نەشر قىلىنغان ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇ-
رۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېرىنمەي كۆرۈپ، ئاذ-
دىن ئىلمىي ئاساستا ھۆكۈم قىلىپ، قان ـ تەر سىرىپ قى-
لىپ تۈزىتىپ، بولۇپمۇ، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋە كەسپىي
ئاتالغۇلار، كىشى ئىسىملىرى، مىللەت، دۆلەت ۋە يەر نام-
لىرىنىڭ ئىملاسىدىكى خاتالارنى، «كېسەل» جۈملىلەرنى
ئۇيان ـ بۇيان، نېرى ـ بېرى، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تۈزىتىپ،
«داۋالاپ»، ئۇنى تەربىيەۋى رولى، بىلىش رولى، ئېستېتىك
رولى جەھەتتە مەلۇم سەۋىيەت لاياقىتىگە ئىگە بولغان پىش-
شىق مەھسۇلات قىلىپ چىقىرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا مەسئۇل
مۇھەررىر ئەشۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە «ئالدى دەرۋازا» دىن
كىرىپ «ئارقا دەرۋازا» دىن چىققۇچە يەنە نۇرغۇن ئەگرى ـ
توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ھالبۇكى، تەھرىرلىك پى-
روگراممىسىنىڭ باشقا تەرتىپلىرىدە مۇنداق جاپالىق مۇ-
ساپە بولمايدۇ ياكى ئاز بولىدۇ.

بۇ تېمىمىزدا تۈزىتىشنىڭ تەھرىرلىك پىروگراممىسى-
دىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى،
ئەگەر تۈزىتىش جەريانى تەھرىرلىك پىروگراممىسىنىڭ
«تۆرى» گە قويۇلمايدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ھەل
قىلغۇچ رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەيدىكەن؛ ئەگەر ئىشلى-
تىشكە ھۆكۈم قىلىنغان ئەسەرنىڭ تۈزىتىش جەريانىغا
سەل قارىلىدىكەن، ئۇنداقتا بۇنداق ئەسەرنىڭ سۈپىتى ۋە
ئىلمىي قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايلا قالماس-
تىن، بەلكى مۇنداق ئەسەر مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنىپ
كەتكەندىن كېيىن جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىپ،
نەشرىيات ـ مەتبۇئات ۋە ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ
ئىناۋىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايو-
نىمىزدا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان
«شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق ـ
1 ـ سانىدا « ‹ئۇرۇمتاي› ۋە ‹بۇگۇر› نامى ھەققىدە دەسلەپ-
كى ئىزدىنىش» ناملىق بارى ـ يوق ئىككى بەتلا ماقالە
ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە باشتىن ـ ئاياق ساختا نۇقتى-
ئىنەزەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشىغا قارىماي، يەنە مۇ-
ھەررىر بۇنى تۈزەتمىگەن ياكى ئاپتورنىڭ قايتىدىن پىش-
شىقلاپ ئىشلىشىگە سۇنمىغان. كەسكىن پەرەز قىلىشقا
بولىدۇكى، مەسئۇل مۇھەررىر بۇ ماقالىنى بىر قۇر ئوقۇپ
تەكشۈرۈپ قويۇپلا تۈزىتىش باسقۇچىدىن ئوبدان ئۆتكۈزمەي
«خام» پېتىلا ژۇرنالغا بېرىۋەتكەن. مەزكۇر ماقالىنىڭ ما-
قالىنىڭ 1 ـ ئىستونىنىڭ بېشىدىلا ئاپتور: «بۇگۇر خەن
سۇلاسى دەۋرىدە خەنزۇچە ‹轮台› (لۇنتەي)، ‹仑头› (لۇن-
تۇ) دەپ، كېيىنكى چاغلاردا بولسا ‹بۇگۇر›، ‹چاقپېلەك-
تام›، ‹رائۇتا›، قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان» دەپ يېزىپ،
بۇگۇرنىڭ «چاقپېلەكتام» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرىدۇ؛ لېكىن 2 ـ ئىستونىنىڭ ئاخىرىدا بولسا: «ئە-
مەلىيەتتە، قەدىمكى چاغلاردا بۇ جايدا چاقپېلەك ئورنىتى-
لىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەپ يېزىپ باشتىكى پىكىر-
نى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. ئۇيغۇر يەر نامى مەدەنىيىتى تارى-
خىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى
كىلاسسىك ئەسەرلەردە بۇگۇنكى «بۇگۇر» نامىنىڭ مۇندىن
مىڭ يىللاپ ئىلگىرىمۇ «بۇگۇر» تەلەپپۇزىدا ئېيتىلىدىغان-
لىقى، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭمۇ بۇگۇنكى بۇگۇر
ناھىيەسىگە توغرا كېلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇگۇرنىڭ
قانداقتۇر «چاقپېلەكتام» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم ئە-
مەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ماقالىدە «ئۇرۇمتاي» دېگەن
بىر ئىبارە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى
‹轮台› سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئا-
ساسى قىلىنغان. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىلاسسىك
ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا «ئۇرۇمتاي» سۆزى يەر نامى
سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمىغان، ئۇنىڭ ‹轮台› سۆزى بىلەن
قىلچىمۇ ئېتىمولوگىيەلىك باغلىنىشى يوق. بەكمۇ كۈل-
كىلىك يېرى شۇكى، بۇ ماقالىدە ئاپتور مۇنداق بىر جۈمە-
لىنى يازغان: «ساكلار بۇگۇنكى بۇگۇر رايونىغا ‹تاللىق›،
‹ئورمانلىق›، ‹باراقسانلىق› مەنىسىدىكى ‹ئىرۇمچى› دېگەن
نامنى قويغان». ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئازراقمۇ تارىخ ئا-
ساسى يوق ساختا كۆز قاراشتۇر. مۇبادا ئۇيغۇر تىلىنى بى-
لىدىغان بىرەر چەت ئەللىك تارىخ ئالىمى ئاپتورغا: «سىز
بۇ جۈملىنى قايسى مەنبەگە ئاساسلىنىپ يازدىڭىز؟» دەپ
سوراپ قالسا، ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟! ئەمەلىيەتتە،
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاممىسى تا ھازىرغىچە چەت ئەل ۋە
جۇڭگودىكى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى يەر ئاستىدىن قې-
زىۋالدۇق دەپ يۈرگەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ فوتو
نۇسخىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغان
نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇكەممەل تەرجىمىسىنى
كۆرۈپ باققىنىمۇ يوق. ئاپتور ساكلارنىڭ ئەينى دەۋردە
بۇگۇرنى «ئىرۇمچى» دەپ ئاتىغانلىقىنى قايسى پاكىتقا ئا-

ساسلانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، ئاپتور بۇ ماقالىدە يەنە مۇنداق بىر جۈملىنىمۇ يازغان: «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ‹تارىخى رەشىدى› دېگەن كىتابىدا ... ‹ماڭلاي سۈيە ئاپتاپقا باققان زېمىن دېگەن مەنىدە. بۇ جاينىڭ شەرقىي چېگرىسى كۆسەن ۋە تاربۇگار (Tarbugar) ئىدى، دەپ يېزىلغان›». بىلىش كېرەك ئىدىكى، «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ تولۇق ئىسمى «مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان» بولۇپ، ھەرگىزمۇ «مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر» ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە ھەرگىزمۇ «تاربۇگار» (Tarbugar) دېگەن سۆزنى يازمىغان. بۇ پۈتۈنلەي ساختا سۆز. قىسقىسى، «‹ئۆرۈمتاي› ۋە ‹بۇگۇر› نامى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالە باشتىن ـ ئاياغ ئەنە شۇنداق ساختا نۇقتىئىنەزەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، مەسئۇل مۇھەررىر ئۇنى تۈزەتمىگەن، ئۆزىنىڭ «مەسئۇل مۇھەررىر» لىكتىن ئىبارەت بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلمىغان. مانا بۇ پولاتتەك مىسال تۈزىتىشنىڭ تەھرىرلىك پىروگراممىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئەڭ جانلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەتتە، كىتابلاردا، ژۇرناللاردا، گېزىتلەردە ۋە باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىدە زىكىر قىلىنىدىغان «مەسئۇل مۇھەررىر» دېگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسىمۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان ئەسەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، بولۇپمۇ ئىلمىي سەۋىيەسىگە پۈتۈنلەي ئۆزى مەسئۇل بولۇش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھەرقانداق ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەررىر ئۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە پەقەت تۈزىتىش ئۆتكىلى ئارقىلىقلا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، ئوقۇپ چىقىش ۋە ھۆكۈم قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي سۈپىتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. مۇھەررىر پەقەت ئۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەردىن تارتىپ تاكى ئۇنىڭدىكى ھەر بىر جۈملە، ھەر بىر سۆز، ھەر بىر ئىملا، ئەدناسى ھەر بىر تىنىش بەلگىلىرىگىچە «قۇسۇر ئىزدەپ»، ئۇنى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» پىرىنسىپى بويىچە تۈرىنى تۈرىگە، خىلىنى خىلىغا ئايرىپ، پار كەلتۈرۈپ، ماسلاشتۇرۇپ تۈزىتىش ئارقىلىقلا ئۇ ئەسەرنى سۈپەتلىك «تاۋار» غا ئايلاندۇرۇپ چىقالايدۇ.

بىزگە مەلۇم، ھەرقانداق ئەسەر مەزمۇن بىلەن شەكىلگە ئىگە. مەزمۇن بىلەن شەكىل شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ئامىلى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىر جۈپ كاتېگورىيەدۇر. مەزمۇن شەيئىلەرنى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق ئىچكى ئامىللارنىڭ يىغىندىسى، زىددىيىتى ۋە جەريانىنى، شەكىل بولسا شۇ شەيئىلەردىكى زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى، يەنى مەزمۇننىڭ بارلىق ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان قۇرۇلما ياكى مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان شەكىلنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئادەتتە بىر پارچە ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم بىرلىكى ئەمەلگە ئاشقاندا ئۇنى تۈزىتىشنىڭ قىلچىمۇ ئورنى قالمايدۇ. پەقەت شۇ ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە زىددىيەت كۆرۈلگەندىلا، شەكىلنى قانداق قىلىپ مەزمۇن ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندىلا، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت توغرا ئىنكاس قىلىنمىغان ۋە چۈشىنىش ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ خاتا ئىنكاسى سۈپىتىدە ئەكس ئەتكەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنى تۈزىتىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەسەر ئۈستىدىكى تۈزىتىش جەريانى تىل ئامىللىرىدىن پايدىلىنىپ شۇ ئەسەردىكى نۇقسانلارنى، خاتالارنى ئوڭشاپ چىقىپ ئىدىيە ۋە پىكىرنىڭ ساغلام يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. بىز تۈزىتىش جەريانىنى لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ئىستېتىك پائالىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدىمۇ، بۇ جەريان زىددىيەتلىك قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئىبارەت بولىدۇ، باشقىچە ئېيتقىنىمىزدا، ئۇ پىكىر مەزمۇنى بىلەن تىل شەكلىدىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىدۇر. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز ھامان تىل شەكلىدىن پايدىلىنىپ پىكىر مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ بىلىش دەرىجىسى ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئىقتىدارى بەكمۇ چەكلىك بولغانلىقتىن پىكىر مەزمۇنىنى تىل شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەشتە مەسىلە سادىر قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە پىكىر مەزمۇنى بىلەن تىل شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىل مەزمۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شەكىلمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەزمۇنغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، يا ئىلگىرى سۈرۈش، يا چېكىندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، بۇ ئىككىسى ھەم بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولىدۇ؛ پىكىر مەزمۇنى بىلەن تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ئوتتۇرىسىدا بىرى ئۆزىنى ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىش، يەنە بىرى بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن كۆتكەندەك چىقالماسلىق زىددىيىتى مەۋجۇت بولىدۇ؛ تۈزىتىش جەريانى دەل مانا مۇشۇ زىددىيەتنى ئىمكان بار ياخشى ھەل قىلىش ئېھتىياجى يۈزىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ؛ تۈزىتىش جەريانى قانچە ئەستايىدىل،

قانچە ئىنچىكە ئېلىپ بېرىلسا، ئەسەر شۇنچە سۈپەتلىك، شۇنچە نەتىجىلىك چىقىدۇ ـ دە، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بىلەن ئىپادىلىنىشكە تېگىشلىك پىكىر مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلەر تەلتۆكۈس ھەل بولۇشقا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، نەتىجىسىز ياكى مەغلۇبىيەتلىك تۈزىتىش جەريانى بارلىققا كېلىدۇ، ئىدىيە ۋە پىكىر توغرا، مۇكەممەل ئىپادىلەنمەيدۇ. ئادەتتە، تەھرىرلىك خىزمىتىگە قارىتا دېيىلىدىغان «چاپىنىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇش» دېگەن گەپ دەل مۇشۇ ئەھۋالنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

مۇھەررىرلەرگە روشەنكى، تەھرىرلىك خىزمىتى، بولۇپمۇ تۈزىتىش جەريانى ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن «پەردە ئارقىسىدىكى خىزمەت» بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار ئۇنىڭ جەريانى ۋە نەتىجىسىنى بىۋاسىتە كۆرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت «پەردە ئارقىسى» دىن چىقىپ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرگە نۇرلۇق «چىرايى» نى كۆرسەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى يېتەرسىزلىكىنى بايقىيالايدۇ. دەرۋەقە، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەر مۇھەررىرلەرنىڭ بىرەر ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرنى تۈزىتىش جەريانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىۋاسىتە بايقىيالمىغىنى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نامايەندىلىرىنى، كىلاسسىكلار تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش، ئۇنى تەھرىرلەش ۋە ئىزاھلاش جەريانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكىنى بىر قاراپلا سېزىۋالالايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئەسەر ـــ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرى 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك «تارىخى رەشىدى قىزغىنلىقى» قوزغىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرالماي قالدى ۋە بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ـــ 2007 ـ يىل 11 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم، 2008 ـ يىل 3 ـ ئايدا 3 ـ قېتىم نەشر قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ كىتابنىڭ تۇنجى قېتىملىق نەشرى تارقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۈزىتىش ۋە ئىزاھلاش جەريانىدا بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەرمۇ بايقالدى ۋە كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسىنى قوزغىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاسپىرانتى ئىدرىس تۇرنىياز كۆكيار بىلەن ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى باكلاۋۇرى ئىمىر غىياس «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2009 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ««تارىخى رەشىدى، ۋە ئۇنىڭ تارىخ ماتېرىياللىق قىممىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ «تارىخى رەشىدى» نىڭ تۈزىتىش ۋە ئىزاھلاش جەريانىدىكى خاتالارنى بايقاپ دەسلەپكى قەدەمدە ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. مەن بۇ كىتابنى يەنە نەچچە رەت ئوقۇپ مۇتالىئە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇھەررىر تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تۈزىتىش ۋە ئىزاھلاش خىزمىتىدە تېخىمۇ نۇرغۇن خاتالارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى بايقىدىم ۋە بۇ مەسىلىنى تەھرىرلىك پىروگراممىسىدىكى چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلالمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن دەپ قارىدىم:

بىرىنچىدىن، بۇ مۇبارەك ئەسەرنىڭ 1 ـ قىسمىنىڭ باش قىسمىغا بېرىلگەن ئىنگلىزچە، رۇسچە، قازاقچە، پارسچە، تۈركچە نەشرلىرىنىڭ فوتو سۈرىتىدە ئەسەرنىڭ نامى بىردەك ئۆز ئەينى بويىچە «تارىخى رەشىدى» دەپ ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە نەشرىدە «ي» ھەرپى ئارتۇقچە قوشۇلۇپ «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئېلىنغان ۋە زورمۇزور «ي» لاشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ قارىماققا ئاددىي ئىشتەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ئامىل ئىدى. شۇنداق بولغاچقا بۇ نادىر ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچە، رۇسچە، قازاقچە، پارسچە، تۈركچە نۇسخىلىرىنىڭ نامى بىردەك ئەينەن ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ بىزدەك «ي» لاشتۇرۇۋەتمىگەن. مەن 1992 ـ يىل 2 ـ ئايدا مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى ساقلاپ كېلىۋاتقان «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇھەممەد سادىق كاشغەرى تەرىپىدىن پارس تىلىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قول يازما نۇسخىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭدىكى مىللەت ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئىملاسىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە بىرقانچە بەتنى ئەينىئالغۇ كۆپەيتىپ باستۇرۇۋالغانىدىم. مانا مۇشۇ نۇسخىدىمۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىملاسى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تارىخ رشىدى» («تاريخى رەشيدى») دەپ يېزىلغان. شۇنداق ئىكەن، مۇھەررىر كىلاسسىك ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىسىگە ۋە تارىخىي قىممىتىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە بۇ شاھانە ئەسەرنىڭ نامىنى ئىملا جەھەتتىن «تارىخى رەشىدى» دەپ تۈزىتىپ قويۇشى لازىم ئىدى.

ئىككىنچىدىن، «تارىخى رەشىدى» گە يالغۇز «مۇھەررىردىن» دېگەن نام بىلەنلا تەخمىنەن 297 كەلىمە ئىزاھ بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ 200 دىن ئارتۇقراقى مۇكەممەل بېرىلمىگەن، ھەتتا نۇرغۇنى خاتا بېرىلگەن. مەسىلەن، 297 كەلىمە ئىزاھىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «تارىخى رەشىـ

دى» دىكى قىسمەن سۆز ـ كەلىمىلەر، كىشى ئىسىملىرى،
مىللەت ۋە يەر ناملىرىنىڭ تەلەپپۇزىنى، ئىملاسىنى ۋە
جۇغراپىيەلىك ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئاتالغان،
بۇلارنىڭ ئىچىدە 70تىن ئارتۇق ئىزاھ «تارىخى رەشىدى»
دىكى مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر، كىشى ئىسىملىرى،
مىللەت ۋە يەر ناملىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى
تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئاتالغان بو-
لۇپ، ھەممىسىدە ئۇقۇم خاتا ئىپادىلەنگەن، يەنى مۇشۇ 70
نەچچە كەلىمە ئىزاھىنىڭ بىرەرسىمۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە
ئۇيغۇن بولماي قالغان. مەسىلەن، مۇھەررىر «تارىخى رەشى-
دى» نىڭ 45 ـ بېتىدىكى «قارا سۇبۇ» سۆزىنى ئىزاھلى-
غاندا «قارا سۇبۇ ــ خەنزۇچە نەشرىدە ‹قارا ئىسۇن(Isun
Kara)، دېيىلگەن» دەپ چۈشەندۈرگەن (بۇ مۇشۇ تۆردىكى
70 نەچچە كەلىمە خاتا ئىزاھنىڭ تۈنجىسى). بىزگە مەلۇم،
«قارا ئىسۇن» سۆزى خەنزۇچىدا 哈拉伊孙 (خالايىسۇن)
دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە شۇنداق يېزىلىشى (ئەمەلىيەتتە
خەنزۇچە نۇسخىدا 哈剌也孙 يەنى «خالايېسۇن» دېگەن تە-
لەپپۇزدا يېزىلغان) مۇمكىنكى، ھەرگىزمۇ «قارائىسۇن» دەپ
تەلەپپۇز قىلىنالمايدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىدا «ق» فونېمىسى
يوق بولغاندىن سىرت سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ئى» فونې-
مىسىمۇ يوق. شۇنداق ئىكەن، «قارائىسۇن» سۆزى خەنزۇ-
چىدا خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكا ئالاھىدىلىكى بويىچە پەقەت
«خالايىسۇن» دەپلا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا خەنزۇچە تارى-
خىي ئەسەرلەردىكى خاس ئىسىملارنى ــ كىشى ئىسىملى-
رى، مىللەت ۋە يەر ناملىرىنى ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنى-
دىغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئىزاھلاش زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇ-
قۇمنى جەزمەن توغرا ئىپادىلەش كېرەك. يەنە كىتابنىڭ
118 ـ بېتىدە مۇھەررىر «ئارسىلا» سۆزىنى ئىزاھلاپ:
«خەنزۇچە نەشرىدە ‹ئارشال ئاتار›(Arshal Atar) دېيىلگەن»
دەپ يازغان. تولىمۇ ئەپسۇس، «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەن-
زۇچە نەشرىدە بۇ سۆز يوق. پەقەت خەنزۇچە نەشرىنىڭ
206 ـ بېتىدىكى 比耳哈.古里安 دېگەن سۆزگە بېرىلگەن
ئىزاھاتتىلا: «تۈركچە قول يازمىلاردا 阿尔沙勒.阿塔尔
دېيىلگەن» دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ خاتا ئىزاھلانغان
سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ «ئارسىلا» سۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇ-
ناسىۋىتى يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق «ئارسىلا» سۆزى خەنزۇچە
阿尔沙勒.阿塔尔 سۆزىگە ئاساسسىز ھالدا چېتىشتۇرۇپ
قويۇلغان. «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 123
ـ بېتىدىكى «نۇسى» سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىمۇ «نۇ-
سى» سۆزى خەنزۇچە نەشرىنىڭ 208 ـ بېتىدىكى 达坂.
雅吉 دېگەن سۆز بىلەن زورمۇزور باغلاپ قويۇلغان. مەسى-
لەن، مۇھەررىر «نۇسى» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «خەنزۇچە نەش-
رىدە ‹يازى دابان› (Yazi－daban) دەپ ئېلىنغان» دەپ
چۈشەندۈرگەن. ئەپسۇس ، 雅吉.达坂 سۆزى «يازى دابان»
ئەمەس، بەلكى «ياجى دابەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بو-
لۇپ ئۇنىڭ «نۇسى» سۆزى بىلەن قىلچىمۇ ئېتىمولوگى-
يەلىك مۇناسىۋىتى يوق. مۇھەررىر يەنە كىتابنىڭ 59 ـ
بېتىدىكى «جەتە» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «جەتە ــ موغۇلىستان-
نى كۆرسىتىدۇ» دەپ يازغان. بىزگە مەلۇم، «جەتە» تۈرك ـ
موغۇل خەلقىنىڭ ئىچىدىكى كىچىكرەك بىر گۇرۇھ ـ قە-
بىلىنىڭ نامىنى، «موغۇلىستان» بولسا ئومۇمەن تۈرك ـ
موغۇل قوۋملىرى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان جۇغراپىيەنىڭ
نامىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تارىخىي نام
بولۇپ باشقا ـ باشقا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، «جە-
تە» سۆزى خەنزۇچە نەشرىدە 察台 دەپ تەرجىمە قىلى-
نىغان ۋە بۇ سۆز 蒙兀儿斯坦 (مېڭۋۇئېرسىتەن ــ
موغۇلىستان) نى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاھلانغان. بۇ ئەمەلىيەت-
تە خاتا ئىزاھ ئىدى. مۇھەررىر مانا بۇ خاتا ئىزاھنىمۇ «ئە-
قىل پىرى» نىڭ يول كۆرسىتىشىدىن ئۆتكۈزمەيلا «تارىخى
رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە زورمۇزور سۆرەپ ئەكىر-
گەن. بۇ يەردە يەنە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ياتىدىغان مۇنداق
ئىككى مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىم: بىرى، «تارىخى
رەشىدى» 1541 ـ يىلدىن 1546 ـ يىلغىچە بولغان ئارى-
لىقتا كەشمىردە يېزىلغان، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ
ھەر خىل قول يازما نۇسخىلىرى، بولۇپمۇ پارسچە نۇسخى-
لىرى شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ تارقالغان ۋە ساقلىنىپ
قالغان، جۈملىدىن خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ تۈرلۈك
قول يازمىلىرى ۋە تەرجىمە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن.
«تارىخى رەشىدى» نىڭ بۇ قېتىمقى ئۇيغۇرچە نەشرىمۇ مۇ-
ھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ پارس تىلىدىن تۈركى
تىل ــ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا قىلغان تەرجىمە نۇسخىسى
ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغان. مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەب-
دۇلغەفۇرنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قا-
رىغاندا، ئۇ «تارىخى رەشىدى» نى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى «ھۆ-
كۈمەت كۇتۇپخانىسى» دا تاسادىپىي تېپىلىپ قالغان، «بىر
كىشىنىڭ قەلىمى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان، ئوقۇشقا ئو-
ڭاي ۋە باشتىن ـ ئاياق رەتلىك ۋە تولۇق» بولغان پارس تى-
لىدىكى «بىر يېگانە نۇسخا» سى ئاساسىدا تەرجىمە قىلغان-
لىقتىن، بۇ نۇسخىنى ئىملا جەھەتتىن ئەڭ ئىشەنچلىك
نۇسخا دەپ ئېيتىش تامامەن مۇمكىن. مەسىلىنى مۇنداق
تونۇش ۋە چۈشىنىش «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە
نۇسخىسىنىڭ قىممىتى ۋە ئىناۋىتىنى تىكلەشتىمۇ ناھايى-
تى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بىزنىڭ بايا ئېيتقان

«ئوبيېكتىپ ھەقىقەت» دېگىنىمىزمۇ مانا مۇشۇ مەسىلە ئە-
مەسمۇ؟ شۇڭا «تارىخى رەشىدى» دىكى كىشى ئىسىملىرى،
مىللەت ۋە يەر ناملىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسىنى
ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ
ئىشەنچلىك، ئەڭ ئەتىۋارلىق نۇسخىسىنىلا، بولۇپمۇ ئالدى
بىلەن پارسچە نۇسخىسىنى، ئاندىن قالسا تۈركى (ئۇيغۇر)
چە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ كې-
يىنكى زامان نۇسخىلىرىنى تەتبىقلاشقا ۋە ئاساس قىلىشقا
بولمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، كېيىنكى
زامانغا تەئەللۇق نۇسخىلار ئۆزىدىن بۇرۇنقى نۇسخىلار ئا-
ساسىدا مەيدانغا كەلگەچكە بۇنداق نۇسخىدىكى بەزى مۇھىم
سۆزلەر، بولۇپمۇ خاس ئىسىملارنىڭ ئىملاسى قولدىن ـ
قولغا ئۆتۈش ۋە تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈش جەريانىدا كاتىپلار
ياكى تىلماچلارنىڭ بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن خاتا يېزىلىپ
قېلىش ئېھتىمالى بولىدۇ. مەسىلەن، «تارىخى رەشىدى» نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىكى «قارا سۆبۇ» دېگەن كىشى ئىس-
مىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى يوقىرىقى تەلەپپۇ-
زىمۇ ئەنە شۇنداق خاتا ئىملا ئىدى. شۇنداق ئىكەن، «تارىخى
رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىدىكى Kara Isun دېگەن
ئىملانىمۇ، خەنزۇچە نۇسخىسى (151 ـ بەت) دىكى «قارائى-
سۇن» (ئەمەلىيەتتە «خالايىسۇن») دېگەن ئىملانىمۇ «تارىخى
رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئىزاھ سۈپىتىدە كىرگۈ-
زۇش زادى ئاقىلانىلىك ھېسابلانمايدۇ. ئوبيېكتىپ ھەقى-
قەتكە ياتىدىغان مەسىلىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، «تارىخى رە-
شىدى» نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى» تەرىپىدىن
1895 ـ يىلقى ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا
1965 ـ يىلى ئىشلىنىشكە باشلىنىپ، ئارىدا ئاتاقلىق خەن-
زۇ ئالىمى، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس ۋاڭ جىلەي ئەپەندى تەرە-
پىدىن ئۆزۈن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ كوررېكتورلۇق قى-
لىنغان ۋە ئىزاھلانغان، 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنغان. ھال-
بۇكى، «تارىخى رەشىدى» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان
تىلماچلار ئۇنىڭ 1895 ـ يىلقى ئىنگلىزچە تونجى قېتىم-
لىق نەشرىنى «دۇنيادىكى بىردىنبىر نەشر نۇسخىسى» دەپ
قارىغانلىقى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ «تارىخى رەشىدى»
نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى قول يازما نۇسخىلىرىنىڭمۇ
بارلىقىنى ئۇقماسلىقى، بەلكىم ئۇقسىمۇ بۇ نۇسخىلاردىكى
خاس ئىسىملار (كىشى ئىسىملىرى، مىللەت ۋە يەر ناملى-
رى) نىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسىدىن پايدىلىنىشقا
سەل قاراپ مەسىلىلەرنى ئادەتلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بو-
يىچە بىرتەرەپ قىلىش يولىنى تۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن «تارى-
خى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدىكى خاس ئىسىملار-
نىڭ تەرجىمىسىدە خېلى كۆپ نۇقسان ـ خاتالار سادىر
بولغان ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەنزۇ يېزىقى تىپ جەھەتتىن
تەسۋىرىي يېزىق تىپىغا مەنسۇپ يېزىق بولغانلىقتىن ئادەت-
تە بۇ يېزىق بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى خاس ئى-
سىملارنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئىملاسىنى ئەينەن ئىپادىلىگىلى
بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇ يېزىقتا مەيدانغا كەلگەن
كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى باشقا مىللەت تىلىغا دائىر كىشى
ئىسىملىرى، مىللەت ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى
ۋە ئىملاسىنىمۇ ئېلىپبەلىك يېزىق قوللىنىدىغان مىللەت-
لەرنىڭ تىلىدا توغرا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭ
قۇرۇلما ۋە سىن جەھەتتىن زادى قانداق سۆز ئىكەنلىكىنى
بىلگىلى بولمايدۇ، پەقەت قىياسەن ئىپادىلىگىلىلا بولۇشى
مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن «تارىخى رەشىدى» نىڭ خەنزۇچە
نۇسخىسىدىكى خاس ئىسىملارنىڭ تەرجىمىسىدە يۈز بې-
رىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقنىڭ
سادىر بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمىغان. تېخىمۇ مۇھىمى،
بۇ نۇسخا ئۆزىدىن بۇرۇنقى نۇسخا (ئىنگلىزچە نۇسخا) نىڭ
نۇسخىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى خاس ئىسىملارنىڭ
تەلەپپۇز جەھەتتىكى ئەينەنلىكى، توغرىلىقى، چىنلىقى ۋە
تارىخىي قىممىتى «تارىخى رەشىدى» نىڭ مۇھەممەدنىياز
ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسىگە زادىلا تەڭلىشەلمىگەن.
شۇڭا مەزكۇر ئەسەرنى نەشرىگە تەييارلىغۇچى «تارىخى رە-
شىدى» نى نەشرىگە تەييارلاش جەريانىدا ئۇنىڭغا مۇشۇ خىل-
دىكى بىرەرمۇ مەجرۇھ ئىزاھنى كىرگۈزمىگەن. ئەپسۇس-
كى، ئەسەرنىڭ تۈزىتىش جەريانىغا مەسئۇل بولغان مۇھەر-
رىر «تارىخى رەشىدى» دىكى كىشى ئىسىملىرى، مىللەت ۋە
يەر ناملىرىنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى، قۇرۇلمىسى ۋە ئېتىمو-
لوگىيەسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش
رولىنى ئوينىغان؛ «تارىخى رەشىدى» گە ئازراقمۇ «قان» بې-
رەلمىگەن؛ ئەكسىچە «تارىخى رەشىدى» نىڭ «مەغزى» گە
چۈشكەن داغ بولۇپ قالغان. يۇقىرىقى «قارائىسۇن» ئىبارى-
سىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70 نەچچە ئىزاھ مانا شۇنداق
مەجرۇھ ئىزاھ بولۇپ، ئۇلارنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ بۇ
قېتىمقى ئۇيغۇرچە نەشرىگە كىرگۈزمەسلىك كېرەك ئىدى.
ئەگەر مۇھەررىر ئۇلارنى كىرگۈزۈش زۆرۈر دەپ قارىغان
بولسا، ئۇقۇمنى توغرا ئىپادىلەش، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى
ياقلاش، «تارىخى رەشىدى» دىكى خاس ئىسىملارنىڭ ئەسلىي

تەلەپپۇزى، قۇرۇلمىسى ۋە ئېتىمولوگىيەسى جەھەتتىكى ئىناۋىتىنى جۇلالاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا كىرگۈزۈشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە.

مۇھەررىر تەرىپىدىن «تارىخى رەشىدى» گە بېرىلگەن 297 ئىزاھنىڭ قالغان 200 نەچچىسىنىڭمۇ يېرىمى دېگۇدەك خاتا بولۇپ قالغان ۋە «تارىخى رەشىدى» نىڭ مۇبارەك «جامالى» غا داغ چۈشۈرۈش رولىنى ئوينىغان. ئائىلىۋىق، بۇلارنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن، «ماگىلايسۆيە»، «كەشمىر»، «تىبەت» ناملىرى بىھۇدە ئىزاھلانغان. چۈنكى كىتابتا بۇ نامىلارنىڭ مەنىسى، جۇغراپىيەلىك ئورنى، دائىرىسى ۋە چېگرا ـ پاسىللىرى ئىنتايىن ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن، ھەتتا «كەشمىر»، «تىبەت» ناملىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا بىرنەچچە باب ئاجرىتىلغان، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇ نامىلارغا يەنە ئىزاھ بېرىشنىڭ قىلچىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. يەنە بەزى ئىزاھلار، مەسىلەن، «كاسان»، «قاراقۇرۇم»، «بەدەخشان»، «قۇچقار»، «مەرغىنان»، «ئۆرە تۆپە»، «ئۇرسەڭ» قاتارلىق يەر ناملىرى تەكرار ئىزاھلانغاندىن سىرت بۇ ئىزاھلارنىڭ مەنىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقتىن زادى قايسىسىنىڭ توغرىلىقىنى بىلگىلى بولماسلىق مەسىلىسى كېلىپ چىققان. مەسىلەن، مۇھەررىر كىتابنىڭ 49 ـ بېتىدە «كاسان» سۆزىگە «ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قارشىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ» دەپ ئىزاھ بەرگەن بولسا، 533 ـ بېتىدە «ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى نەماگەننىڭ غەربىي شىمالىدا» دەپ ئىزاھ بەرگەن؛ يەنە كېلىپ كىتابتا ھىجرىيە يىلنامىسىنى مىلادىيە يىلنامىسىگە ئايلاندۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە بېغىشلانغان ئىزاھلارنىڭ ئارىسىدىمۇ نۇرغۇنلىرى تەكرار ـ تەكرار بېرىلگەن، ھەتتا بەزىلىرى ئالتە ـ يەتتە يەردە تەكرارلىنىپ قالغان. يەنە بەزى ئىزاھلار، مەسىلەن، «كاسان»، «ئاخسىكەند»، «ئەندىخان» (ئەندجان)، «خوجەند»، «كەش»، «سەمەرقەند»، «سەيھۇن»، «ئوش»، «كابۇل» قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەلىك مەنىسى بەكمۇ ئاددىي ۋە مۇجمەل شەرھلەنگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ نامىلارغا ئۆز دەۋرىنىڭ «پۇرىقى» ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دەۋرنىڭ «پۇرىقى» سىڭدۈرۈپ قويۇلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تارىخىي مەنىسى ۋە تارىخىي قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن. ئەسلىدە بۇ يەر ناملىرىنىڭ بەزىلىرى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ تۈركىي تىل — چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق ۋە تولۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «تارىخى رەشىدى» «بابۇرنامە» بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغانلىقى ۋە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى، يەنە كېلىپ «بابۇرنامە» نىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولغانلىقى ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «تارىخى رەشىدى» دىكى كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ناملىرىنى ئىزاھلاشتا ۋە ئۇلارنىڭ ئىملاسىنى تۈزىتىشتە «بابۇرنامە» ئەينەك ـ دەستۇر قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن يېتەرلىك پايدىلىنىلغان بولسا، مەزمۇن تېخىمۇ كونكرېت ۋە تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولغان بولاتتى. ئۇندىن باشقا يەنە «ئۆزكەند»، «ئاتباشى»، «كەش»، «قارشى»، «كابۇل»، «مەرۋ»، «ھىرات» قاتارلىق بىرمۇنچە يەر ناملىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى دەل ۋە مۇكەممەل ئىزاھلانمىغان، يەنە بىرمۇنچە ئىزاھلارنىڭ مەنىسى ۋە ئۇقۇملىرى گۇڭگا بولۇپ قالغان.

«تارىخى رەشىدى» نى تۈزىتىش، ئىزاھلاش ۋە كوررېكتورلۇق قىلىش جەريانىدىكى مەسىلىلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. «تارىخى رەشىدى» دە بۇ جەھەتتىكى نۇقسان ۋە خاتالارنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى قاتتىق ئويغا سالىدۇ. مەن «تارىخى رەشىدى» نىڭ 1 ـ قېتىملىق نەشرىنى سېتىۋېلىپ تۇنجى قېتىم ئوقۇغان ۋە مۇتالىئە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى تۈزىتىلمىسە بولمايدىغان ئېۋەنلەر ۋە مەسىلىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈرلىرى بويىچە كۆرسىتىپ بەرگەنىدىم. كېيىن بۇ كىتابنى يەنە تەكرار ـ تەكرار ئوقۇدۇم ۋە مۇتالىئە قىلدىم. ئوقۇغانسېرى، مۇتالىئە قىلغانسېرى بۇ كىتابتىكى نۇقسانلار ۋە مەسىلىلەر ئۈزلۈكسىز بايقىلىپ تۇردى. بۇنىڭغا قاراپ كىتابتا بىز بىۋاسىتە كۆرۈپ بايقاشقا مۇيەسسەر بولالمىغان يەنە قانداق مەسىلىلەر باردۇر؟ دېگەن سوئالنىمۇ قويماي تۇرالمىدىم. قىسقىسى، كىتابنىڭ چۈشىنىش ۋە تۈزىتىش جەريانىغا خۇددى ئويۇنغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئاددىي پوزىتسىيە تۇتۇلغانلىقى مېنى بەكمۇ ئېچىندۇردى؛ «تارىخى رەشىدى» ئادەتتىكى ئەسەر بولسىغۇ مەيلى ئىدى، مەن مۇنچىۋالا ئەزۋەيلەپ كەتمەس ئىدىم. لېكىن «تارىخى رەشىدى» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئورقۇن ئابىدىلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دىن كېيىنكى 4 ـ ئەۋلاد گۈلتاجىسى، ئابىدىسى ۋە دەستۇرى، 14 ـ 16 ـ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى تارىخىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە داڭ چىقارغان نادىر ئەسەر تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ «چىرايى» غا داغ چۈشسە، سەپكۈن ۋە سۆگەل چىقىپ قالسا كىمنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشمىسۇن!؟ راستىنى ئېيتقاندا، مەن «تارىخى رەشىدى» نىڭ بۇ قېتىمقى

ئۇيغۇرچە نەشرىنى سېتىۋالغىنىمدىن رازى ئەمەسمەن.

دېمەك، بىز «بۇگۇر» نامى ھەققىدىكى ساختا ماقالە بىلەن مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «تارىخى رەشىدى» نى چۈشىنىش ۋە تۈزىتىش جەريانىدا سادىر بولغان مەسىلىلەرگە دائىر مىساللار ۋە بايانلاردىن تەھرىرلىك خىزمىتىدە چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك پىروگراممىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالدۇق. ئەلۋەتتە، پىكرىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ قويۇق دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشىمىزلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزمۇ بارغانسېرى ئېرىنلىشىپ بارماقتا. تەھرىرلىك خىزمىتىدىكى «چۈشىنىش» شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمكى، ئۇ تۈزىتىشنىڭ پۇختا تەييارلىقى ۋە ئاساسى، چۈشىنىش قانداق بولسا تۈزىتىشمۇ شۇنداق بولىدۇ، بۇ دېگەنلىك چۈشىنىش توغرا بولسا تۈزىتىش توغرا بولىدۇ، چۈشىنىش خاتا بولسا تۈزىتىشمۇ مۇقەررەر ھالدا خاتا بولىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت، تۈزىتىش جەريانىدىكى خاتالىق ماھىيەتتە چۈشىنىشتىكى چولتىلىقنىڭ نەتىجىسى. چۈشىنىش يەنە مۇئەييەن بىر ئەسەر مەزمۇنىنىڭ مۇھەررىر مېڭىسىدىكى قايتىدىن جۇلا قىلىنىشى ۋە ئىنكاس قىلىنىشىدىن ئىبارەت بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مۇھىملىقى دەل مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئۆزى چۈشەنمىگەن نەرسە ئۈچۈن ئالدىراپ قولىغا قەلەم ئالماسلىقى، ئەسەرگە قارىغۇلارچە قەلەم تەگكۈزمەسلىكى لازىم. بولمىسا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويۇش» ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. تەھرىرلىك خىزمىتىدە مۇھەررىر ئۈچۈن «مەسئۇل» دېگەن ئاتاقنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرمەسلىكتىن، توغرا نەرسىنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن، خاتا نەرسىنى بايقىماي خاتا پېتى مەتبۇئات يۈزىدە داۋراڭ سېلىشتىن، بىلەرمەنلىك قىلىپ چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئارتۇق مەسئۇلىيەتسىزلىك بولمايدۇ.

خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش بىر مەسىلە، چۈشەنگەننى توغرا تۈزىتىش، توغرا ئىپادىلەش يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، بەلكى ئۇ تېخىمۇ مۇھىم ۋە تېخىمۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەت. تۈزىتىش ماھىيەتتە تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە تەھرىرلىك ماھارىتىگە تايىنىپ چۈشىنىشنىڭ دەرىجىسىنى ئىنكاس قىلىدىغان جانلىق پائالىيەت بولغىنى ئۈچۈن پوزىتسىيەنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىش كېرەك. پوزىتسىيە بولسا تەلەپچانلىق بىلەن ئەستايىدىللىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىدىكى كۈچلۈك ئىرادىدىن ئىبارەت. ئەگەر تەھرىرلىك خىزمىتىدە مۇنداق ئىرادە بولمايكەن ۋە مۇنداق ئىرادە «ئېۋەن ئىزدەپ قۇسۇر چىقىرىش» يۈكسەكلىكىدە ئىپادىلەنمەيدىكەن، تۈزىتىش جەريانىنىڭ سۈپەتلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئەستايىدىل پوزىتسىيەنى تۈزىتىش جەريانىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنىڭ ئاساسى، «ئېۋەن ئىزدەپ قۇسۇر چىقىرىش» ماھارىتىنى تۈزىتىش جەريانىنىڭ قېنى ۋە جېنى دېسەك قىلچىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. چۈشىنىش جەريانى يەنە بىلمەسلىكتىن بىلىشكە ئۆتۈش، بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىدىن ئەتراپلىق چۈشەنچىگە يېتىش، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشتەك تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت بولغاچقا، توختىماي ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى چۈشىنىش، ئۆزىنى نامايان قىلىش، تۆھپە يارىتىش ئۈچۈن توختىماي ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، چۈشىنىش بىلەن تۈزىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلىپ، تەھرىرلىك خىزمىتىدە ھەقىقىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ.

---


## پايدىلانمىلار:

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② ئىمىر غىياس: «تەھرىرلىك ئۇسلۇبى، تەھرىرلىك ئىستىلى ۋە تەھرىرلىك ماھارىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان.

③ ئوسمان نادىر: «تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1985 ـ يىللىق 9 ـ سان.

④ ۋاڭ جېيىدۇ، سى شىمىڭ: «تەھرىرلىك ئىلمىگە مۇقەددىمە»، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 277 ـ بەت.

⑤ يولۋاس راشىدىن: «ئىستىلىستىكا ساۋادى»، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، 2002 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 6 ـ، 149 ـ بەت.


---


ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە



تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# ژۇرنالچىلىقىمىز ھەققىدە ئۇمىدلىك ئويلار

ئابلىز ئوسمان

ژۇرنال — باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىغا ئوخشاشلا ئىنسانلار مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، بىر جەمئىيەتنىڭ روھىيەت زەنجىرىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇنى ئىلمىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئۇنىڭ مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ژۇرنال ھەققىدە گەپ بولغانىكەن ئۇنىڭغا ئېنىقلىما بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «ژۇرنال» دېگەن ئاتالغۇغا مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: (1) كىتابچە ياكى مەجمۇئە شەكلىدە بەلگىلىك ۋاقىتتا چىقىرىلىدىغان ھەمدە پەن ۋە مەخسۇس ساھە بويىچە خەۋەر، ئىجادىيەت، تەتقىقات ۋە باشقا ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان، تارقىتىدىغان قەرەللىك نەشر بۇيۇمى. مەسىلەن: ئەدەبىي ژۇرنال، تىل - تەرجىمە ژۇرنىلى؛ (2) كۈندىلىك ئىش، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدىغان دەپتەر، خاتىرە. مەسىلەن: سىنىپ ژۇرنىلى؛ (3) ژۇرنال فىلىم، ھەرقايسى سەپلەردىكى ئەھۋاللار، پەن تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى قاتارلىقلارنى ھەقىقىي يوسۇندا كۆرسىتىدىغان، خەۋەر قىلىدىغان فىلىم.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، «ژۇرنال» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىلمىي، بەدىئىي ۋە ئەمەلىي روھنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان.

ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر ئوچۇق ۋە ئىچكى نومۇر بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە ژۇرنال مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ژۇرناللىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن. بىر ئۆمۈر گېزىت - ژۇرنال تەھرىرلىكى بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم مۇھەررىر، ژۇرنالىست مەھەممەت شاۋدۇن ئاكا ئۆزىنىڭ «تەھرىرلىك ئىلمى ۋە تەھرىرلىك سەنئىتى» ناملىق كىتابىدا ئادەمنى قايىل قىلىدىغان ئېنىق، ئىشەنچلىك دەلىللەر ئارقىلىق «مەھمۇد كاشغەرىي مۇھەررىرلەرنىڭ بوۋىسى» دەپ جاكارلاپ، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەردە نەزەرىمىزنى تېخىمۇ يىراقلارغا قارىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەسكەرتتى.

دېمىسىمۇ خەلقىمىزدە خەتتاتلىق، رىسالە-تۇپلام تۈزۈش ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك قوليازمىلىرىنىڭ تارىخنىڭ مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلىرىدىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا سىڭىپ كەتكەن نازۇك، نامسىز ئەجىر- تەھرىرلىك ئىلمى سۈپىتىدە ئەستايىدىللىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈش بىر مەسئۇلىيەتچان كەسىپ ئەھلىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈلمەس چوڭ ئېقىننىڭ ئىچىدە ئۈن-تىنسىز ساقلىنىپ كەلگەن تەھرىرلىك ئىلمى ئازادلىقتىن كېيىن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ھەقىقىي مەنىدە نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. 1951 - يىلى ئانا ژۇرنال «تارىم» نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى ھەم مۇنتىزىم مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

1978 - يىلى باشلانغان ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقىنىمۇ مىسلىسىز گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە دۇنياغا كۆز ئاچقان «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «كۆۋرۈك» (ئەدەبىي تەرجىمىلەر)، «بۇلاق»، «مىراس»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» (جۇڭگو مىللەتلىرى)، «تەڭرىتاغ»، «ئىلى دەرياسى»، «مايبۇلاق»، «تورپان»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «بوستان» (كىروران)، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» (قەشقەر)، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللار ئىسلاھات قەدىمى بىلەن ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى ھەم بازار رىقابىتىگە دادىل يۈزلىنىپ،ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆز خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشتى.

«تارىم» تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئانا ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، پىشىپ - يېتىلگەن مۆتىۋەرلىك سالاپىتىنى نامايان قىلدى. ئۆزىنىڭ ئاز كەم 60 يىللىق مۇساپىسىدە خەل-

قىممىز بىلەن روھداش، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى كەچۈرمىشلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بۇ ژۇرنال «مىڭلىغان ئاپتورلارنىڭ ئەمەلىي پەرۋىشكارى ۋە يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەدەتكارى، ئون مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان زىلال سۇلۇق شىپاكارى، يېڭى ئاڭ، يېڭى تۇيغۇ، يېڭى خاھىش، يېڭى ئىستىلنىڭ تەشەببۇسكارى بولۇشقا ئىنتىلدى. ژۇرنال ۋۇجۇدقا كەلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىنىشىدىن بۇيان، يېڭى ئاپتورلارنىڭ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىسى ۋە ماكانى بولۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە نامدار بولۇپ تونۇلغان ئاپتورلارنىڭ تولىسى ئۆز ۋاقتىدا «تارىم» دا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىققان ياش ئاپتورلاردۇر.» (ئىمىن تۇرسۇن: «تارىم 555 ـ سان، دىن) «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى خەلقىمىز بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سۈپەت جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا كۆلەملەشكەن، مۇنتىزىملاشقان ئەدەبىي تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئويناپ مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. «بۇلاق»، «مىراس» ژۇرناللىرى خەلقىمىزنىڭ مول كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەنىۋى غەزىنىمىزنى بېيىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ كەلدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى توغرا تونۇپ ۋە ئادا قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، كىتابخانلارنىڭ قەلب تۆرىدىكى ژۇرناللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ يېڭى شېئىرىيەت، ئىزلەنمە پىروزا ۋە شەھەر ئەدەبىياتى تېمىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى قىممەتلىك تەجرىبە ۋە يېڭى نەزەرىيە بىلەن تەمىنلىدى.

«جۇڭگو مىللەتلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆز ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ، ژۇرنالچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئاۋانگارت كۈچكە ئايلاندى. ئالدىنقىسى ئاممىباپلىقتا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق كۆڭۈل بۆلگەن قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە يېقىنلاشسا، كېيىنكىسى ئىلمىيلىككە، پەلسەپەۋىيلىككە تېخىمۇ كۆچەپ، غۇۋالاشقان مىللىي روھىيىتىمىزنى سۈزۈلدۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

«تۇرپان»، «قومۇل ئەدەبىياتى»، «كىروران» قاتارلىق ژۇرناللارمۇ سۈپەتكە، ئۆزىنى يېڭىلاشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. كەسكىن بازار رىقابىتىدە ئۇنىۋېرساللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، سەھىپىلىرىنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى.

«ئىلى دەرياسى»، «مايىبۇلاق»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «قەشقەر»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ژۇرناللار ئەسلىدىكى ساپ ئەدەبىي ژۇرناللىق مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئەسىر قوبۇل قىلىشقا يۈزلىنىپ، سۈپەتلىك، نادىرلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئەدەبىيات ئاشنالىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ جەرياندا ھەر قايسى ژۇرناللار ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تۈرلۈك مۇكاپاتلاش، خاتىرىلەش ۋە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئەدەبىيات بىلەن خەلقنى، ژۇرنال بىلەن ئوقۇرمەننى يېقىنلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا پۇختا ئاساس ياراتتى. ژۇرناللارنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ ئۇيۇشۇشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» 17 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، تەسىرى كېڭىيىپ، نوپۇزى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ۋە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ژۇرناللارمۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ تارىخ، ئەدەبىيات، دىن، پەلسەپە جۈملىدىن ئادىمىيەتكە چېتىلىدىغان ھەر قايسى تېمىلاردا بۆسۈش خاراكتېرىدىكى يېڭى ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۈپەتلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ مەنىۋىيەت غەزىنىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن تا ھازىرغىچە، ئېلىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 50 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق پىروزا، شېئىرىيەت، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ئېلىمىز ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ ژۇرنال 2009 ـ يىلى يەنە مۇڭغۇلچە، زاڭزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. بۇ ئۈچ خىل تىلدىكى ژۇرنال پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ۋە غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. زۇڭلى ۋېن جياباۋ بۇ ژۇرنالغا: «مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!» دەپ بې-

غىشلىما يېزىپ بەردى. 2011 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» بېيجىڭدا ئۆزىنىڭ 30 يىللىق كاتتا مەرىكىسىنى ئۆتكۈزدى. ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت، بوخې، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. پائالىيەتتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «‹مىللەتلەر ئەدەبىياتى› ژۇرنىلى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق بىللە تۇرۇش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئورتاق گۈللىنىشىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ژۇرنال. مەن ‹مىللەتلەر ئەدەبىياتى› ژۇرنىلىدىكى يولداشلارنىڭ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاڭلىق ئاتلىنىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكلىشى، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ دەۋرگە، تارىخقا، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تيې نىڭ مۇنداق دېدى: «‹مىللەتلەر ئەدەبىياتى› ژۇرنىلى جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆپ خىللىق، مىللىي ئالاھىدىلىكنى نۇرلاندۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلەش، دۇنياۋى نەزەردە ئىجادىيەت قىلىش، خەلققە رىشتە باغلاشتا چىڭ تۇرغان ژۇرنال. مىللىي روھنىڭ مەدھىيەلىگۈچىسى، ئىناق جۇڭگونىڭ شاھىدى.»

مانا مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر قايسى جايلاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى قوللايدىغان ياخشى يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى ھەم كەلمەكتە. مەسىلەن: ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا، باي، شايار قاتارلىق ناھىيەلىرىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ ژۇرناللار نەشر قىلىنىدى. يەنە بىر قىسىم ناھىيەلەرمۇ بۇ خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرماقتا. ھازىر كۇچا ناھىيىسىدە نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغاۋاتقان «كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

قىسقىسى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 30 يىل ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى تارىخىدىكى ئالتۇن مەزگىل بولدى. ھەرقايسى ژۇرناللار روھىيەت ئاسمىنىمىزدىكى يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ھەرقايسى قاتلام، ئوخشاش بولمىغان سەۋىيەدىكى كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلدى. بۇ خۇددى ئېقىنلار قوشۇلۇپ دەريا بولۇپ دېڭىزغا قوشۇلغاندەك مەنزىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق ـ مۇقىملىقى، مىللىي مەنىۋىيىتىمىزنىڭ تىرەن ـ ساغلاملىقى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقاردى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەسكى، ژۇرنالنىڭ بىر جەمئىيەت بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا تۇتقان ئورنى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، دەۋرنىڭ مۇھەررىرىدىن كۈتىدىغان تەلىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ، تەھرىرلىكنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا يارامىلىق بىر ژۇرنال مۇھەررىرى بولغىلى بولىدۇ؟ مەن 20 يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا مۇھەررىرنىڭ باشقا كەسىپتىكىلەر يولۇقمايدىغان نۇرغۇن نازۇك، قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىراق، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنسىلا ياراملىق ژۇرنال مۇھەررىرى بولالايدۇ.

1. سىياسىي ئۆتكەلنى پۇختا ئىگىلەش تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ يادروسى. بۇ ھەقتە ئۇستاز، ئىمىن تۇرسۇن ئاكا مۇنداق دەيدۇ: «ژۇرنال چىقارماق قارىماققا ئاددىي ئىشتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بەك مۇرەككەپ، جاپالىق، مۇكاپاتىدىن كۆرە جازاسى تولا خىزمەت. ئادەتتە ژۇرنال تەھرىراتى ئۈچ مۇناسىۋەتكە قاتتىق ئېتىبار بەرگەندىلا ئىش ئوڭۇشلۇق ۋە سەمەرىلىك بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەر شۇكى، بىرى، رەھبەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت. بۇ ئاساسەن، رەھبەرلىكنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكى ۋە بۇنى ژۇرنال خىزمىتىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىستىلى مەسىلىسى، شۇنداقلا ژۇرنالنىڭ نىشانىنى كۆزلەپ، رولىنى توغرا تۇتۇش مەسىلىسى...» دېمىسىمۇ مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلىك مۇساپىسى ئاپتوموبىل بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان شوپۇرغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ سەللا بىخەستىلىك قىلسا قاتناش ھادىسىسى سادىر قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇھەررىر ھەر قاچان سەگەك، ھوشيار بولۇپ «ھادىسە» يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشى لازىم. تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئىنتىلىش مۇھەررىر ئۈچۈن ھاۋادەك زۆرۈر. كەسكىن بازار رىقابىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ ئالدى بىلەن مۇھەررىرنىڭ ساپاسىغا باغلىق بولغاچقا، ئۇ ئەڭ ئەقەللىي كەسپىي ئەخلاقىي ساپانى ھازىرلىغاندىن سىرت تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم قۇرۇلمىسىغا، ئۆزى تەۋە رايوننىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاپتور ـ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرىنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆزگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ مۇھەررىردىن تىنىمسىز ئۆگىنىشنى، ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

2. دۇرۇس، كەمتەر، سوغۇققان بولۇپ، ئاپتورلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بىر ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۇنى ئوراپ تۇرغان ئاپتورلاردىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئۆز ئورنىنى ھوقۇق ـ ئىمـ

(ئاخىرى 110 ـ بەتتە)

# كىتاب ۋە مۇھەررىر

مۇنارجان توختاخۇن

كىتاب مۇھەررىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش نەشرىياتچىلىقتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى 50 نەچچە يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. نۇرغۇن پېشقەدەم مۇھەررىرلەرنىڭ ئورنىنى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش مۇھەررىرلەر ئالدى، بۇ تەبىئىي ئەھۋال، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى ئەزەلدىن ئالدىنقىلارنىڭ ئورنىنى كېيىنكىلەر بېسىپ كەلگەن. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك كىتاب نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى. بۇنداق ئېھتىياج جەھەتتىكى تەلەپ ۋە ۋەزىپىلەر ناھايىتى زور ھەم مۇشكۈل بولۇپ، پەقەت يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇھەررىرلەرلا تاماملىيالايدۇ، ئۇلار مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلالايدۇ، ئىلغار كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلالايدۇ، توغرا يۆلىنىشكە قاراپ كىتاب نەشرىياتچىلىق كەسپىدە يېڭى ساھەنى ئېچىپ، كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن كىتاب نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشالايدۇ.

1

كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى ئالىي فورماتسىيە كاتېگورىيىسىگە تەۋە خىزمەت بولغاچقا روشەن سىياسىي خاھىشچانلىققا ئىگە، بۇ قەدىمدىن بۈگۈنگىچىمۇ، ئۆزىمىزدىن چەت ئەللىكلەرگىچە تامامەن شۇنداق. ھەرقانچە ئەركىن دۆلەت بولغان تەقدىردىمۇ شۇ دۆلەتتىكى كىتاب نەشرىياتچىلىقى ئوخشاشلا تۈرلۈك سىياسىي خاھىشلارنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. كىتاب تەھرىرلىكى ۋە كىتاب نەشرىياتچىلىقى سىياسىيدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا سىياسىي ئۆلچەم ئالدىنقى ئورۇنغا قويىلىدۇ. سىياسىي ئۆلچەم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغاچقا كىتاب مۇھەررىرلىرى ھەقىقەتنى تەشۋىق قىلىش، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى جۇغلاش ۋە ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، پەن - تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. پەقەت ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، تەربىيىلەنگەن مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرلا بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، سوتسىيالىزملىق، كوممۇنىزملىق سىياسىي تۇيغۇ بىلەن كىتاب مۇھەررىرلىك خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا پارتىيەنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

سوتسىيالىستىك كىتاب نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە كىتاب مۇھەررىرلىرى باشتىن - ئاخىر بىردەك بولۇپ، ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرۇپ، روشەن سىياسىي خاھىشچانلىقنى ساقلىشى توغرا كېلىدۇ. بۇ كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ساپاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى پېشقەدەم، مۇھەررىر بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ياش مۇھەررىر بولسۇن ۋە ياكى ياش مۇھەررىرلەر بولسۇن، بۇ ئۆلچەم ئۇلار ئۈچۈن تامامەن ئورتاق بولىدۇ. كەسپىي بىلىم جەھەتتە ھەرقانچە كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەنمىسە، توغرا نىشاندىن ئادىشىپ قالىدۇ، ئىلمىي ئىدىيەنى توغرا ئىگىلىگىلى بولمايدۇ، ئويلىغان ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدەك كۆپ مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندا مۇھەررىرلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن پۇختا تەربىيىلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم ھەم زۆرۈر. بۇ جەھەتتە سەللا بوشاڭلىق قىلىدىكەن، مەتبۇئاتتا مەسىلە كۆرۈلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب - مۇھەررىرلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، توغرا دۇنيا قاراشنى تىكلىشى، توغرا مېتودولوگىيىنى ئىگىلىشى، دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتە تەربىيىلىشى توغرا كېلىدۇ. كىتاب مۇھەررىرلىرى ھەرخىل كىتابلارنى تەھرىرلەيدۇ. ئۇلارغا كەسپىي جەھەتتە ھەرخىل تەلەپ قويۇلىدۇ، ئەمما سىياسىي تەلەپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق قويۇلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز خىزمىتىنى پۇختا، توغرا ئىشلەش ئۈچۈن كۈچلۈك سىياسىي نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشى، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىش زۆرۈر.

2

كەسپنى قەدىرلەش بىلەن ئاڭلىق كەسپىي ئەخلاق تۇيغۇسى سوتسىيالىستىك كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. كەسپنى قەدىرلەش روھى ئادەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا كۈچلۈك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى كىتاب - مۇھەررىرلىك كەسپىگە سەرپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كىتاب مۇھەررىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل مۇقەددەس روھ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، زېھنىي قۇدرىتىنى كىتاب مۇھەررىرلىككە بېغىشلاشتا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى

فائىجىن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي روھنى ئۇرغۇتىدىغان، مەزمۇنى ساغلام، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئىلھام بېرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق كەسىپنى قەدىرلەش روھى ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر كەسىپنى قەدىرلەش روھى كۈچلۈك بولمىسا، مۇھەررىرلەر ئاسانلا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىپ، قىلىۋاتقان كەسپىگە مۇھەببەت باغلىماي، كەسىپتىن بىزار بولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشى ئېھتىمالغا يېقىن بولىدۇ، شەرت - شارائىتى ياخشى، كىرىمى يۇقىرى ئورۇننى ئىزدەيدۇ، پۇل - مۇئامىلە بازىرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار تەھرىرلىگەن كىتابلارنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە نام - مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىدۇ - دە، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش زور فائىجىنىدىن ئادىشىپ قالىدۇ، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ نەشرىيات گۈلزارلىقىدىكى رەڭدار گۈللەرنى قۇرۇتىۋېتىدۇ، نەشرىيات گۈلزارلىقىنى زەھەرلىك ئوت - چۆپلەر قاپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناچار ئاقىۋەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىرلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىنى، ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسىپنى مۇقەددەس دەپ بىلىش، قەدىرلەش تەلىپىنى قويۇش؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە نەشرىيات تارماقلىرى مۇھەررىرلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە سىرىقتاللىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك نەشرىيات پىلانىنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىش، بولۇپمۇ كەسىپنى قەدىرلەش، كەسپى ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بىر مۇھەررىرنىڭ پىشىپ - يېتىلىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، تەھرىرلىك بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇش، پىشىپ - يېتىلىش، كەسىپنى پۇختا ئىگىلەش ھالقىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، بۇلارمۇ يەنە كەسپى ئەخلاق بىلەن مېھنەتسىز تۆھپە قوشۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنى قابىل، كەسىپتە پۇختا، كەسپى ئەخلاقتا دۇرۇس ئادەملەر ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. كەسپىي ئەخلاقى ياخشى، دۇرۇس ئادەم — ئۇ ئادەمنىڭ ئەقىل - ھۇشى جايىدا بولسىلا بۇنداق مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

نەشرىيات بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەندىن كېيىن كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ بۇرچى تېخىمۇ مۇقەددەسلەشتى. كىتاب بازىرىنىڭ رىقابىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، بۇنداق ئەھۋالدا كەسپىي ئەخلاقنى تېخىمۇ تەكىتلەش زۆرۈر بولىدۇ، رەھىمسىز بازار رىقابىتىدە ھەممىدە پۇلغا قاراشتەك خاتا ئىدىيە مەۋجۇت بولسا، ياخشى - يامان، ئاق - قارا پەرقلەندۈرۈلمەي، كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا كىتاب مۇھەررىرلىرى توغرا پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فائىجىنىغا ئاڭلىق ئەمەل قىلىپ، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەڭ ئېتىبار بېرىشى، رىقابەت جەريانىدا ئەلالىرىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى شاللىشى زۆرۈر. دېمەك، كىتاب مۇھەررىرلىرىدە كەسپىي ئەخلاق ئېڭى تۇرغۇزۇش ۋە كۈچەيتىش كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ كەسىپنى سۆيۈش روھىنى بېيىتىدۇ. ئۇلارنىڭ تەھرىرلىك ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ، بۇنداق كەسپى ئەخلاقنى قېلىپلاشتۇرۇش كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ كەسىپنى سۆيۈش، قەدىرلەش روھىي كاپالىتى بولىدۇ. كەسپىي ئەخلاق ئېڭىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە يەنە كىتاب تەھرىرلىك كەسىپنى باشقۇرۇشنىمۇ تەكىتلەپ، تەھرىرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش زۆرۈر. ھازىر نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى تېخىمۇ موللاشتى، بۇنداق ياخشى تەجرىبە - ساۋاقلارنى كىتاب مۇھەررىرلىرىنىڭ كەسپى ئەخلاقىغا يانداشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، كەسپى ئەخلاق ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

3

كىتاب مۇھەررىرلىرى بىر خىللا پەننى ئەمەس، كۆپ خىل پەننى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلىك كەسپى جەھەتتىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراشتا ئۇنىڭ بىر كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى ياخشى ئىشلىگەن - ئىشلىمىگەنلىكىگە، يەنى ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىگە قاراشتىن ئايرىلمايدۇ. ئەمما تېخىمۇ مۇھىم بولغان بىر نۇقتا شۇكى، ئۇنىڭ ئىلىم جەھەتتە كۆپ خىل پەنگە يۈزلىنىپ، تەرەققىي قىلىش ئاساسىنىڭ پۇختا ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش ساھەسىدە بىر ئادەمنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا باھا بەرگەندە ئادەتتە خاسلىشىش تەكىتلىنىدۇ، پەقەت بىر خىل پەننى نۇقتىلىق تاللىسىلا ئۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. مەسىلەن، ئەدەبىياتنى مىسالغا ئالساق، ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتنى تاللىسىمۇ، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تاللىسىمۇ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تاللىسىمۇ، چەت ئەل ئەدەبىياتىنى تاللىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. باشقا پەنلەرمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما تەھرىرلىك كەسپىدە ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. كىتاب مۇھەررىرلىرىگە نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەم تەتقىق قىلىش ھەم خاسلىشىش تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خاسلىشىش بىلەن بىللە يەنە تۈرلۈك پەنلەردىن خەۋەردار بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بىر مۇھەررىر ئۇزۇن يىللارغىچە پەقەت مەخسۇس بىر تېمىدىكى ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزمەيدۇ. كىتابنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تۈرلىرى كۆپ، ئىش تەقسىماتى ئىنچىكە بولىدۇ. شۇڭا كىتاب مۇھەررىرى خاسلىشىش ئاساسىدا كۆپ خىل پەن ساھەسىگە يۈرۈش قىلىپ، بىلىم جەھەتتە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بىر مۇھەررىر ھەرخىل تۈردىكى كىتابلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەھرىرلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىيالايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىلىمنىڭ خاسلىقى بىلەن ئۇنىۋېرساللىق جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى، بىلىم جۇغلاش بىلەن بىلىنى ئىشلىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر. كىتاب تەھرىرلىكىدە ھەرقانچە مۇتەخەسسىس بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بىلىم جەھەتتە ئەترابلىق يېتىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ — تەھرىرلىك خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش شەرتلىرىنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە بىلىم قانچە كۆپ جۇغلانسا شۇنچە ياخشى، ئەمما كۆپ جۇغلانغان بىلىم ئىشلىتىلمىسە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. چۈنكى بىلىم بىر - ئىككى كۈندە ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، شۇڭا تەھرىرلىك خىزمىتىدە بىلىمنىڭ قەدرىنى نامايەن قىلىش كېرەك. كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىش مۇقەررەر قائىدە. كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى ئىجادىي ئەمگەك بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا، باشقىلارنىڭ مۇقامىنى قارىغۇلارچە توۋلاشقا، كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، شۇڭا كىتاب مۇھەررىرلىرى بىلىم يېڭىلاپ تۇرۇشقا، خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشقا، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ۋە كەسپىي تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر.

4

ئىلمىي ئىدىيەۋى ئىستىل بىلەن خىزمەت ئىستىلىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. كەسكىن ئىدىيەۋى ئىستىل بىلەن خىزمەت ئىستىلىغا كىتاب مۇھەررىرى بولغان ئادەم ھەر ۋاقىت سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىر كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى زور بولىدۇ، پىرىنسىپ جەھەتتىن زىنھار خاتالىق، سەۋەنلىك كۆرۈلمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسئۇلىيەتچان بىر مۇھەررىر پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، كىتاب - ئورگىنالىنىڭ نەزەرىيە، سىياسەت جەھەتتە، ئىلمىيلىك ۋە سەۋىيەلىك جەھەتتە توغرا بولۇش كىتاب سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىر مۇھىم ئۆلچىمى بولىدۇ. تېخنىكىلىق جەھەتتە گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، لوگىكىلىق جەھەتتىن پەش - چېكىتكىچە سەۋەنلىك كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. بۇنىڭدىن زىنھار شۇبھىلىنىشكە بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، كىتاب مۇھەررىرى ئۆزىگە تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئابزاسىمۇ ئابزاس، جۈملىمۇ جۈملە ئوقۇشى، ھەرگىزمۇ مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويماسلىقى، ئاخىرى پۈتۈن ئەسەرنى باشتىن - ئاخىر ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىشى كېرەك. نۇرغۇن كىتابلاردا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر دەل ئەستايىدىل ئوقۇماي، مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇش سەۋەبىدىن بولغان. ئەستايىدىل ئوقۇغاندا بۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالى بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب - ئەسەرلەرنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلغان.

ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈشكە، سوراشقا ماھىر بولۇش، گۇمانىي نۇقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. كىتاب مۇھەررىرى نۇرغۇن كىتاب ئوقۇشى، ئەترابلىق بىلىم توپلىشى، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ئىمكانقەدەر ئۆگىنىشى كېرەك. ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ھەرقانچە ياخشى ئادەممۇ ھەممىنى ئوقۇغۇچىلار تىئورىما، فورمۇلىلارنى يادقا ئېلىۋالغاندەك يادقا ئېلىۋېلىشى ناتايىن، ئەمما ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە ئۆگەنگەنلىرىنىڭ تەسىرى قالىدۇ. ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسە شۇ ھامان مېڭىسىدە ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. جەزىم قىلالمىغان مەسىلىلەردە تەكشۈرۈشكە، سوراشقا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئەگەر مۇھىم مەسىلىدە خاتالىق كۆرۈلسە كۈلكىگە قالىدۇ، ئوقۇرمەنلەر بۇ مۇھەررىرنىڭ سەۋىيەسى شۇنچىلىككەن دەپ قارايدۇ. بۇنداق مۇھەررىرنىڭ ئىناۋىتى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كىتاب مۇھەررىرلىرى تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا بىرەر ئىشقا يولۇققاندا باشقىلارغا تايىنىۋالماي ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. كىتاب مۇھەررىرلىرى كەمتەر بولۇشى، ئاپتور (تەرجىمان) غا، ئوقۇرمەنلەرگە ئىشىنىشى، ئاپتور، ئوقۇرمەنلەرگە تايىنىشى كېرەك. بۇ مۇھەررىرلەرنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان بۇرچىدۇر. تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ ھەربىر ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە ئەستايىدىل مېڭە ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزى جەزىم قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ئاپتور بىلەن ئورتاقلىشىپ ھەل قىلىشى ياكى قورال كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق توغرا جاۋابقا ئېرىشىشى كېرەك، بۇ ھەم كىتابقا ھەم ئۆزىگە ھەم ئاپتورغا مەسئۇل بولغانلىق بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، كىتاب ئورگىنالىنىڭ يېزىقىنى بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كىتابنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يېزىق ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى كىتاب سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كىتاب مۇھەررىرى گىراماتىكا، ئىستىلىستىكا، لوگىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي يەنە يېزىقچىلىق جەھەتتىكى بىلىملىرىنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك، چۈنكى بارچە ئەسەر پەقەت بىر خىللا ژانىردا يېزىلمايدۇ، شۇڭا كۆپ خىل ژانىرنى ئىگىلەش، ئۇنى تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا جانلىق ئىشلىتىش كېرەك.. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنىمۇ پۇختا ئىگىلەش كېرەك. چۈنكى كىتاب مۇھەررىرى كۆپ خىل مەزمۇن، كۆپ خىل ئۇسلۇب، كۆپ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان كىتاب ئورگىنالىنى تەھرىرلەيدۇ. شۇڭا كىتاب مۇھەررىرى ئوخشاش بولمىغان كىتاب ئورگىنالىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ژانىر، ئۇسلۇبقا سەل قارىماسلىقى، ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈش، تەھرىرلىك خىزمىتىدە سۆز - جۈملىلەرنى ئۆزگەرتىپ قويىدىغان، ئۆچۈرۈپ قويىدىغان، تولۇقلاپ قويىدىغان ئەھۋاللاردىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سالغاندەك كىشىگە ئىزگۇ تۇيغۇ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھەررىر ھەرخىل ژانىر، ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرگە سۆز بېشى، مۇقەددىمە، ئاخىرقى سۆز، خاتىمە يېزىشقا، كىتاب - ئەسەرگە باھا بېرىشكە، پۈتۈن ئە-

(ئاخىرى 106 - بەتتە)



# سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ سەپدىشىنى ئىزدىشى

دىلشات ئابلىز

مىللىي ئىنقىلاب، خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى، بىرىنچى ئەۋلاد دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى، جەنۇبتا مىللىي ئىنقىلابنى قوزغاش، دېموكراتىك سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش، دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ئىنقىلابى پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ قاغىلىققا كۆپ قېتىم كەلگەن. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قاغىلىقتا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ، تارىخ بېتىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قاغىلىق ناھىيەسىگە داجەيچە ناھىيە دەپ نام بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ نامنى بېرىش ئۈچۈن قاغىلىققا رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى كەلمەكچى بولغان ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە ناھىيە بويىچە كادىرلار خەلق كىنوخانىسىغا يىغىلىپ بولغان ئىدى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ناھىيەنىڭ شۇجىسى ئىمىن توختى، ھاكىم مۇسايۇپ مەتنىياز باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر كىنوخانا ئالدىدىكى پەشتاقتا رەتلىك تىزىلىپ، رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييار بولۇشقان ئىدى. ھايال ئۆتمەي، بازارنىڭ شىمالى، يەكەن يولى تەرەپتىن بىر ئالىي قارا پىكاپ غۇيۇلداپ چىقىپ كېلىپ، كىنوخانا ئالدىدا شىپپىدە توختىدى. ناھىيە رەھبەرلىرى ھۆرمەت بىلەن پىكاپ ئەتراپىغا كېلىشتى. پىكاپتىن ئۈچىسىغا ماشىرەڭ ھەربىي فورما، پۇتىغا ئۇزۇن قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، سالاپەتلىك قامەتىدىن جەسۇرلۇق، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن پاراسەت يېغىپ تۇرغان رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى تەمكىنلىك بىلەن چۈشتى. ناھىيە رەھبەرلىرى قىزغىن كۆرۈشۈپ سەيپىدىن ئەزىزىنى ھۆرمەت بىلەن يىغىن زالىغا باشلاپ كىردى. يىغىن زالىدا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. يىغىن تۈگەپ كەچقۇرۇنى رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدىكى پاكىزە ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يېنىدا ھەمراھ بولۇپ خىزمىتىنى قىلىشقا ناھىيەنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسرائىل ئىسكەندەر بەلگىلەنگەن ئىدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەمداستىخان بولغانلار ئۇزاپ، ياتاقتا رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئىسرائىل ئىسكەندەرلا قالدى. مەشتە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ياتاقنىڭ ھاۋاسى ئىللىق ئىدى. شىرەگە ئالما، ئانار، گۈلە، ياڭاق، ئۈزۈم ۋە پىچىلغان قوغۇن ـ تاۋۇزلار تەخسە تەخسىلەرگە تىزىلغان ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزى ئاياغ ـ كىيىملىرىنى سېلىپ، ئىچ كىيىملىرى بىلەن ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ، قاتلاقلىق يوتقانغا يۆلەنگىنىچە قولىنى چېكىسىگە قويۇپ، بىردەم خىيال ئىلكىدە تۇردى ۋە يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان ئىسرائىل ئىسكەندەرگە قاراپ:

— سىلەرنىڭ بۇ ناھىيەڭلەردە چارەكلە دەپ يۇرت بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، چارەكلە دېگەن بىزنىڭ چوپان يېزىسىنىڭ بىر كەنتى، مەن چارەكلە كەنتىدىن — دېدى ئىسرائىل ئىسكەندەر ھۆرمەت بىلەن.

— ئۇنداقتا مەن سىزدىن بىر كىشىنى سوراپ باقاي، چارەكلە كەنتىدە قاۋۇز ھالىم دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سەيپىدىن ئەزىزى.

— بار، قاۋۇز ھالىم بىر كەمبەغەل دېھقان، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن ئەمگەككە ياخشى قاتنىشىدۇ — دېدى ئىسرائىل ئىسكەندەر رەئىسنىڭ سۆزىگە تولۇق جاۋاب بەرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ.

— مەن 1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىنقىلاب ئوتىنى جەنۇبقا تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن قاغىلىققا مەخپىي كەلگەن، ئاتۇشلۇق مۇسابايوفلارنىڭ مويكىچىسى ئابدۇۋەلاخۇن باينىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى قاۋۇز ھالىمنىڭ يول باشلىشىدا سودىگەرچە ياسىنىپ تاشقورغان، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىكى يەرئاستى ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىنقىلاب

قاموسچاق

قوزغاش يوللىرىنى ۋە ئورۇن، ۋاقىتلىرىنى پىلانلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. قايتاشىمدا توپلىغان ماتېرىياللارنى ئاتنىڭ ئۇچىسىغا ياپىدىغان مۆلە ① ئىچىگە يوشۇرۇپ، يېرىم يولغا كەلگەندە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ قىلىپ، ناھىيە تۈرمىسىدە ئون بەش كۈن ياتتىم. قاۋۇز ھالىم ماڭا كۈندە تاماق ئەكىرىپ باقتى. مەن قاۋۇز ھالىمغا ئاتنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ، ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىسىڭىز بىر ئامال قىلىپ مۆلىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ساقلاپ قېلىڭ دېگەن، قاۋۇز ھالىم گۈندىپايلاردىن مۆلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. مەن ئابدۇۋېلاخۇن باينىڭ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە پۇل خەجلەپ تۈرمىدىن قاچۇرۇۋېتىشى بىلەن جەنۇبنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مۇز تاغدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، قاۋۇز ھالىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. بولسا ھازىر بىر كۆرۈشكەن بولسام، — دېدى سەيپىدىن ئەزىزى.

— قاۋۇز ھالىم بىلەن كۆرۈشكىلىرى بولسا ئەكەلدۈرەيلى، مەن ھازىر ئورۇنلاشتۇراي، - دېدى ئىسرائىل ئىسكەندەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ.

— ئەگەر قاۋۇز ھالىمنى ئەكەلدۈرىدىغان ئىش بولسا مەن يەنە بىر ئىشنى تاپىلاي، — دېدى سەيپىدىن ئەزىزى ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغان ئىسرائىل ئىسكەندەرگە ئەسكەرتىپ، — ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا ئامانەت بەرگەن مۆلە ھازىر بار بولغان تەقدىردە ئۇنى بىرگە ئالغاچ كەلسۇن.

— ئۇ مۆلىنى ئامانەت دەپ ساقلىغاندۇ، مەن ھازىرلا چوپاندىكىلەرگە قاۋۇز ھالىم بىلەن مۆلىنى ئېلىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى ئىسرائىل ئىسكەندەر ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئىسرائىل ئىسكەندەر ئىشخانىسىغا كىرىپ چوپان يېزىسىغا تېلېفون ئۇرۇپ ئالدۇردى - دە، رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قاۋۇز ھالىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، قاۋۇز ھالىمنى تاڭ ئېتىش بىلەن تېزدىن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ بولۇشنى تاپىلىدى. يېزىدىكىلەر كېچىدە تىراكتور بىلەن چارەكلە كەنتىگە بېرىپ، ئۇخلاۋاتقان قاۋۇز ھالىمنى ئويغىتىپ رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، ساقلىغان ئامانەت بار بولسا بىرگە ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقانلىقىنى يەتكۈزۈشتى. قاۋۇز ھالىم ھاياجانلىنىپ تەمتىرىگەن ھالدا 30 يىلنىڭ ئالدىدا بېغىدىكى ئۆرۈكنىڭ چاتىقىغا قىستۇرۇپ قويغان مۆلىنى ئەسكە ئېلىپ باغقا يۈگۈردى. ئۇ ئۇنتۇلۇپ، ئۆرۈك چاتىقىدا قىستىلىپ، ماكچىيىپ، چىرىپ كەتكەن مۆلىنى تارتىپ ئالدى - دە، خالتىغا سېلىپ، چاقىرىپ كەلگەنلەر بىلەن يولغا چىقتى. تىراكتور تاڭ كېچە بىلەن چوپان داۋدىنىدىن ھالقىپ، ئەتىگەنلىك چاي مەھەلدە قاغىلىق بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىچىگە كىرىپ توختىدى. بۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئىسرائىل ئىسكەندەر قاۋۇز ھالىمنى ھەربىيچە فورمىسىنى كىيىپ ياتاقتىن چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. 30 يىل ئىلگىرىكى ئىككى سەپداش دوست بىر - بىرى بىلەن ھاياجان ئىچىدە قىزغىن كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال ئېيتىشىپ مۇڭداشتى. قاۋۇز ھالىم خالتا ئىچىدىن مۆلىنى ئېلىپ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئالدىدا قويۇشقا تارتىنىپ تۇرۇپ قالدى. سەيپىدىن ئەزىزى كۈلۈمسىرەپ مۆلىنى قولىغا ئېلىپ يەردە قويدى ۋە يانچۇقىدىن تىغى ۋالىلداپ تۇرغان سەدەپ دەستىلىك قەلەمتۇراچنى ئېلىپ مۆلىنىڭ ئىچ تەرىپىدىكى تەلىكنى (تەگلىكنى) شارتتىدە كېسىپ تىلدى. قاۋۇز ھالىم ۋە ئىسرائىل ئىسكەندەرلەر ھەيران قېلىشتى. مۆلىنىڭ تەلىكى ئىچىدىن ئەينى ۋاقىتتا سەيپىدىن ئەزىزى تاشقورغان ئىنقىلابى قوزغاش ئالدىدا يازغان ماتېرىيال، خەرىتىلەر بىلەن پارقىراپ تۇرغان بەش تال زىخچا ئالتۇن ۋە بىر چاڭگال يۇمىلاق سېرىق ئالتۇن پۇل چىقتى. سەيپىدىن ئەزىزى ئالتۇن پۇللار ئارىسىدىن ساغىرىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن ماتېرىيال، خەرىتىلەرنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى ۋە يېنىدىكىلەرگە:

— بۇ ماتېرىيال، خەرىتىلەر ئەينى ۋاقىتتا بىزگە قارشى ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ قېنى ناھەق تۆكۈلەتتى. تاشقورغان ئىنقىلابىمۇ پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرايتتى. سىزنىڭ بۇ ماتېرىيالنى بىخەتەر ساقلىغىنىڭىز مىللىي ئىنقىلابقا قوشقان زور تۆھپىڭىز، بۇ تۆھپە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ، — دېدى.

— مەن بۇ مۆلىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بارلىقىنى ئۇقماي ئۆيگە ئەپچىقىپ ئۆرۈكنىڭ چاتىقىغا قىستۇرۇپ قويغان. ئون نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆرۈك چاتىقىدا تۇرۇپتۇ، يوقاپ كەتكەن بولسا مەن سىلىگە قانداق جاۋاب بېرەر ئىدىم، — دېدى قاۋۇز ھالىم ھاياجانلانغان ھالدا. سەيپىدىن ئەزىزى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قاۋۇز ھالىمغا:

— ئەڭ قىممەتلىكى مۇشۇ ماتېرىياللار ئىدى. ئالتۇن، ھېچ گەپ ئەمەس، يوقالغان بولسىمۇ سىزگە ھېچ گەپ بولمايتتى، — دېدى. قاۋۇز ھالىمنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈردى. ئىككى كونا سەپداش بىر - بىرىنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە ئائىلە، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سوراپ مۇڭداشتى. بىرگە غىزالاندى. خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى، خوشلىشىش ئالدىدا سەيپىدىن ئەزىزى قاۋۇز ھالىمغا بىر تونلۇق چىپەرقۇت، بىر كىيىملىك ئەتلەس سوۋغا قىلدى. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى قاۋۇز ھالىمغا ئاتاپ بىر تىراكتور ئەۋەتتى. تىراكتورنى قاۋۇز ھالىمنىڭ ئوغلى ھەيدەپ كەنتنىڭ يەرلىرىگە ئىشلىدى. مىللىي ئارمىيەگە قاتناشقانلارغا ھەربىي نەپىقە بېرىش ئىشى يولغا قويۇلغاندا سەيپىدىن ئەزىزى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە خەلق ئىشلار تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قاۋۇز ھالىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىسىنى

مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مىللىي ئارمىيەدىن قايتقان ھەربىيلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەربىي رايون ۋە خەلق ئىشلار تارماقلىرى قاۋۇز ھالىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پىداكارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەربىي سەپتىن قايتقان مىللىي ئارمىيە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ ھەر ئايدا 117 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئالىدىغان كىنىشكا بەردى. بۇنىڭدىن قاۋۇز ھالىم چوڭقۇر مىننەتدار بولدى.

1990 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە غەربىي جەنۇبىي تارىم پوسكام نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. ئۇ چۆللۈككە قىزىل مەرۋايىتتەك ياراشقان بۇ نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ تەرەققىياتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۈستى ئاپئاق قار، باغرى ياپيېشىل قارىغاي، ئارچىلار بىلەن پۈركەنگەن ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرىغا قاراپ شېرىن بىر ئەسلىمىنىڭ قاينىمىغا چۆمدى ـ دە، يېنىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مېڭىۋاتقان غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ باش قوماندانى ۋارىسجان تۇردى (ۋارىس ھۆكۈمەت) غا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— بۇ نېفىتلىك قاغىلىقنىڭ چوپان يېزىسىغا قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ۋارىسجان تۇردى ئېگىز بويىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ قارا قۇرۇم تاغ باغرىدا يايپېشىل كۆرۈنۈپ تۇرغان مۇنبەت دالىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئەنە، چوپان دېگەن ئەشۇ كۆرۈنگەن يېشىل تاغ باغرىدىكى بوستانلىق شۇ. بىز ئۇلار بىلەن يان قوشنا، ئارىلىقىمىزنى ھېچ نەرسە توسۇپ تۇرمايدۇ، يولىمىز داغدام، — دېدى.

— مېنىڭ بۇ يۇرتتا قاۋۇز ھالىم دەپ بىر سەپداش دوستۇم بار ئىدى. بولسا سىز قاتناش چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەن بولسىڭىز، مەن دىدار كۆرۈشۈۋالغان بولسام، — دېدى سەيپىدىن ئەزىزى ئىلتىجالىق بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

— بولىدۇ، سىزنىڭ سۆزىڭىز مەن ھۆكۈمەت ئۈچۈن بۇيرۇق — دېدى ۋارىسجان تۇردى ئۆزىنىڭ مەشھۇر لەقىمىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، — مەن قاۋۇز ھالىمنى چوپاندىن مىنۇت ئىچىدە كەلتۈرۈپ بولاي. نېپىز لىۋى ئۈستىگە قويغان ئىنچىكە بۇرتى سۆلەتلىك ياراشقان سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئاق سۇزۇك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ۋارىسجان تۇردى گېپىدە تۇردى. قاۋۇز ھالىمنى چوپاندىن مىنۇت ئىچىدە ئەپ كېلەلمىسىمۇ سائەت ئىچىدە ئېلىپ كەلدى. سەل كېچىككەن بولسا ئىككى دوست كۆرۈشەلمەيتتى. ئۇزاق كۆرۈشەلمەي بىر ـ بىرىگە تەشنا بولغان ئىككى قەدىناس دوست ھاياجان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككى تەن، ئىككى يۈرەك ھاياجان ئىچىدە تەلپۈنۈپ سوقۇشتى. ئىككى دوستنىڭ شادلىق ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشىدىن ئەتراپتىكى مېھمانلار شادلىققا چۆمۈشتى. قاۋۇز ھالىمنى نېفىت باشقارمىسىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭغا ئۆزلىرى يېڭىدىن ئىشلەپچىقارغان خىمىيەۋى ئوغۇتتىن 10 قاپ ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلدى.

ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە قىيمىغان ھالدا دىدار كۆرۈشكىنىدىن سۆيۈنۈپ خوشلاشتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى شانلىق ئەسلىمە ئۇلارنىڭ ۋە بىلگەنلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ يادنامە بولۇپ قالدى.

---

ئىزاھات : ① مۆلە ـ يۈك ئارتىدىغان ئاتنىڭ ئۈستىگە سالىدىغان باشلىقى يوق ئۈچلىق

---

ئاپتور: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

(بېشى 103 ـ بەتتە)

سەرگە ئەدەبىي تۈس بېرىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

بەشىنچىدىن، كىتاب تەھرىرلىكى ناھايىتى ئېغىر ئەقلىي ئەمگەك. مۇھەررىر ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپلا خىزمەت قىلسا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىشخانىدىن چىقىپ كەڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشى، ساغلام، توغرا ئۇچۇرلارنى توپلىشى، يارامىلىق يازغۇچى، تەرجىمانلارنى بايقىشى، يېزىقچىلىق، تەرجىمىچىلىك سورۇنى ھازىرلاپ بېرىشى، كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىغا قۇلاق سېلىشى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نىشانىنى تېخىمۇ توغرىلىشى، ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. تەھرىرلىكنى ھوقۇق ئەمەس، بىر خىل مەسئۇلىيەت دەپ بىلىپ، ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ، كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# ئۇچۇر ۋە تېما تاللاش

شاكىرجان مۇرات

## 1

ئۇچۇر بىر خىل ئىلمىي نام، ئۇچۇرشۇناسلىق بولسا بىر خىل يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان پەن. ئۇچۇر ئادەتتە بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دەۋاتقان خەۋەر بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، ئۆزگىرىشىنى ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇدۇر. ئۇچۇر مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرقى زامان دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇچۇرشۇناسلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان «يۇمشاق پەن» نى پەيدا قىلدى. شۇڭا ئۇچۇرشۇناسلىق ئۇچۇرنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماتېماتىكا نەزەرىيەۋى بايانلىرى بىلەن ئۆلچەم توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى، ئۇچۇر يەتكۈزۈش، ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئاساس قائىدىلەرنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ھازىر مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا ياكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، ئۇچۇر ئىنتايىن مۇھىم بولماقتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بولماقتا. شۇڭا كىشىلەر ھازىرقى جەمئىيەتنى «ئۇچۇر جەمئىيىتى» دەپ ئاتاشماقتا. ئۇچۇر تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا ئالاھىدە مەناغا، مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. تەبىئىي پەن ئۇچۇرلىرى بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئۇچۇرلىرىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولسىمۇ، بۇلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن رولى ئوخشىمايدۇ.

ئۇچۇر بىلەن كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇچۇرنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئالاھىدە مەزمۇن ۋە رولى بار بولۇپ، بۇنداق ئۇچۇر كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى موھتاج بولغان ئۇچۇر ياكى كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بولىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىدە زور رول ئوينايدىغان ئۇچۇر بولىدۇ. كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇر كەڭ مەنادىكى ئۇچۇر بىلەن تار مەنادىكى ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بىلەن ھەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش دېگۈدەكلا تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئۇچۇرى بولىدۇ. بۇ كەڭ مەنىدىكى ئۇچۇر بولۇپ، بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە بېكىتىلگەن ئۇچۇر بولۇپ، بۇ ئۇچۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلىرى، پائالىيەت يۆنىلىشىنى ۋە كىتاب ئېھتىياجى بولغان ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئۇچۇر كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئالدى بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئۇچۇردۇر؛ ئىككىنچى خىلى بىلىم ساھەسىگە، ئىلىم ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بولۇپ، بۇ ئۇچۇرلار كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، نەشرىيات تارماقلىرىدىكى كەسىپداشلارنىڭ يۆنىلىشىگە ئائىت ئۇچۇرلار بولۇپ، كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىدە بۇ ئۇچۇرلارغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئۇچۇرنى ئىگىلەش كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. شۇڭا كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ دەۋر بۇرچى پەن ـ تېخنىكا، سىياسىي ـ ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى يېڭى نەتىجە، يېڭى بىلىملەرنى كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام بويىچە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولىدۇ.

بىر نەشرىياتنىڭ كىتاب چىقىرىش پىلانى ھەمىشە ئۇچۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، پىلاننى ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش، ھەتتا قايتىدىن پىلان تۈزۈش ئەھۋاللىرى ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇنى نورمال ئەھۋال دەپ بىلىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇچقاندەك كۆپىيىۋاتقان ئۇچۇر ئالدىدا كونا پىلان، رامكىلارغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ ئۇچۇرلاردىن نەشرىياتقا پايدىلىق بولغان ئۇچۇرلارنى تاللىۋالغاندىلا، ئاندىن ئۇنى تەھرىرلىك جەريانىغا سىڭدۈرگىلى، كىتاب تەھرىرلىك پىلانى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگىلى، ياخشى پىلانلاپ تەشكىللەش ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇچۇر مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بازار ئىگىلىكى نەشرىياتلار ئارا رىقابەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەرقايسى نەشرىياتلار دۇچ كېلىدىغان ئوبيېكتىپ ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا نەشرىيات بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن

قامۇسچاچ

ئۇچۇرغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە، ئوخشاش بولمىغان
ماكان ـ زامان شارائىتلىرىنى ئوخشاش بولمىغان ئارقا
كۆرۈنۈشلەر بويىچە ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2

ئۇچۇرنىڭ كىتاب تەھرىرلىك جەريانىدىكى ھەربىر ئىش
تەرتىپى، ھالقىسى ئومۇمەن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك بولىدۇ ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاپتور كىتاب
ئورگىنالىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇ يېرىم
تەييار مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ. مۇھەررىر بۇ ئورگىناللارنى
ئوقۇش، ئىش قوشۇش جەريانىدا يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلە-
گەندىلا ئاندىن كىتابنىڭ سۈپىتىنى ئانالىز قىلالايدۇ ۋە
ئۇنىڭغا باھا بېرەلەيدۇ. كىتابنى نەشر قىلىش، تارقىتىش
ئۇچۇن مەلۇم بىر جەريان كەتكەچكە يەنە ئوبيېكتىپ ئۆز-
گىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. كىتابقا چېتىلىدىغان يېڭى ئۇ-
چۇرلار ھاسىل بولىدۇ. مۇھەررىر ئىگىلىگەن ئۇچۇر بىلەن
ئاپتور ئىگىلىگەن ئۇچۇرلار ئارىسىدا مەلۇم پەرقلەر مەۋ-
جۇت بولىدۇ، بۇنداق ئۇچۇرلار سان، چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك
قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مۇھەررىر ئىگىلىگەن ئۇ-
چۇر ئارقىلىق كىتابنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىل-
غاندا كىتابنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ. مەسىلەن، پەن ـ
تېخنىكىغا ئائىت بىر كىتاب پۈتكەندىن كېيىن، مەزكۇر
كىتابقا ئائىت يېڭى ئۇچۇرلار بايقالسا، مۇھەررىر ئاپتور
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئۇچۇرنى كىتابقا تولۇقلاپ
كىرگۈزسە بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىتابنىڭ مەزمۇنى تې-
خىمۇ بېيىيدۇ. مۇھەررىر بۇنداق ئۇچۇرلارنى ئۆز ۋاقتىدا
چۈشەنمىسە، كىتابنىڭ مەزمۇننى بېيىتالمايدۇ ھەم سۈ-
پىتىنىمۇ ئۆستۈرەلمەيدۇ.

مۇھەررىر كىتابقا ئىش قوشقاندا، يەنى تەھرىرلىگەندە
بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. مەسىلەن،
سانلىق ئاساسلارنى، ماتېرىيال مەنبەسىنى، ئىستاتىستىكا
قىلغان مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇش دېگەندەك بۇنداق چاغدا
مۇھەررىر ئىنتايىن ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەنبە-
لەرنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر بى-
پەرۋالىق قىلسا، كۆلكىلىك مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. شۇ-
ڭا مۇھەررىر ھەر قانچە قىيىن بولسىمۇ، چارە ـ ئاماللارنى
قىلىپ مۇناسىۋەتلىك توغرا ئۇچۇرلارغا ئېرىشكەندىلا ئاندىن
تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.

مەلۇم بىر كىتاب تەھرىرلەش، كوررېكتورلۇق قىلىش،
باسمىغا تاپشۇرۇش قاتارلىق بىر قانچە خىزمەت ھالقىلى-
رىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا
تېگىدۇ. بەزى كىتابلارغا نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنى-
كاسى ناھايىتى تېز بولىدۇ، بۇمۇ بىر مۇھىم ئۇچۇر بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇچۇر نەشرىياتقا يەتكەندىن كېيىن، مۇ-
ھەررىر بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن باش قاتۇرى-
دۇ، ئەدناسى كىتابنى بېشىدىن باشلاپ تۈزىتىپ تولۇقلاي-
دۇ، بولمىسا ئوقۇرمەنلەرگە خاتا ئۇچۇر يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە لايىھەلىگۈچى خادىملارنىڭ كىتابنىڭ
بېزەكچىلىك لايىھەسىنى، يەنە مۇقاۋا، تىتول، بەت قاتار-
لىقلار جەھەتتە يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىشىگە توغرا كېلى-
دۇ. ھەممە كىتابنىڭ بېزەكچىلىك لايىھەسى ئوخشاش بو-
لۇپ قالسا ياكى ئوخشاپ قالسىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ئەسلى-
دىكى ئاساستا ئىجادىي لايىھەلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر
بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇرلار كۆپ بولغاچقا، بۇنداق ئۇچۇرلار-
دىن ئىجادىي پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بىر
رەسىملىك كىتابنى مىسالغا ئالايلى، بۇ كىتاب گەرچە
ھەجمى كىچىك بولغىنى بىلەن ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئۇ-
چۇر ناھايىتى كۆپ بولىدۇ؛ ھېكايە ۋەقەلىكى، پېرسوناژلار
ئوبرازى، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇچ،
ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر قاتارلىقلار. ئەگەر مۇھەررىرنىڭ
بۇ جەھەتتە بولغان قارىشى يېتەرلىك بولمىسا، بۇ ئۇ-
چۇرلارنى تولۇق ئىگىلىمىسە كىتابنى ياخشى تەھرىرلى-
يەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى، مۇھەررىرنىڭ ئۇچۇر ئىگىلىشى كىتاب تەھرىرلەش
جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم. كىتاب تەھرىرلىكىدە مۇناسى-
ۋەتلىك ئۇچۇرنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەي، مەلۇم بىر
ھالقىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرسە
تەھرىرلىك خىزمىتى چالا بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا مۇھەررىر-
نىڭ نۇرغۇن ئەمگىكى بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. شۇ-
ڭا مۇھەررىردىن ئىشنى چالا قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

3

تېما تاللاش نەشرىياتنىڭ ئومۇمنى يېتەكلەيدىغان بىر
تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى شۇنداقلا كىتاب تەھرىرلىكىنىڭ
پۈتۈن جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئۇ
سەرخىللاشتۇرۇشنى، نوپۇزغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلى-
دۇ. تېما تاللاش ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى،
ئىستراتېگىيەگە ئىگە ئۇزۇن مۇددەتلىك تېما تاللاش يىرىك
پىلانى؛ ئىككىنچى، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئوت-
تۇرا مەزگىللىك تېما تاللاش يىرىك پىلانى، بۇ پىلان رو-
شەن يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؛ ئۈ-
چىنچى، قىسقا مۇددەتلىك تېما تاللاش پىلانى بولۇپ، بۇ
پىلان ئادەتتە تېما تاللاش پىلانى، مەخسۇس تېما پىلانى،
يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېما تاللاش پىلانى قاتارلىقلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

تېما تاللاش يىرىك پىلانى ياكى پىلانى بولسۇن دېگۈ-
دەكلا نەشرىياتنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەد-
بىرى بولۇپ، ئۇ مۇھەررىرلەرگە نىسبەتەن كەسپىي پائالى-
يەتنى قانات يايدۇرىدىغان خىزمەت پىروگراممىسى بولى-
دۇ. نەشرىياتنىڭ يىللىق پىلانى نەشرىياتنىڭ شۇ يىللىق
پۈتۈن پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۈملىدىن كىتاب
تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. نەشرىيات مۇشۇ پىلانغا ئاساسەن خىزمەتلىرىنى قانات
يايدۇرىدۇ. بۇ بىر ئادەم ياكى ئىككى ئادەم ئارقىلىقلا ئو-

رۇنلىنىدىغان خىزمەت بولماستىن، نەشرىياتتىكى پۈتۈن خادىملار ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇنداق تېما تاللاش پىلانى يەنە بىر تۇتاش نوپۇزلۇق نىشانغا، بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىدىغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى ئوتتۇرا مۇددەتلىك تېما تاللاش يىرىك پىلانىدا پەرەز ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە تىرىشىش ئارقىلىق توغرا يولغا قويۇلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان كونكرېت تۈزۈلمىسىمۇ، ئەمما ئوخشاشلا ئادەمنى شۇ نىشانغا ئىنتىلدۈرىدۇ. نەشرىياتتىكى بارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ۋەزىيەت ـ ۋەزىپىلەردە ئۆزگىرىش بولغاچقا، پىلاننى دەل ۋاقتىدا تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما زور نىشاندا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، شۇڭا نەشرىياتنىڭ پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

نەشرىياتنىڭ تېما تاللىشى نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى خالىغانچە ئەمەس، ئەستايىدىل ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق نوپۇز ئۇچۇرنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇچۇر ئاساس قىلىنمىسا تېما تاللاش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدۇ. مەيلى قانداق تېما تاللاش پىلانى بولسۇن، تامامەن شۇنداق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تېما تاللاش پىلانى تۈرلۈك ئۇچۇرلارغا مۇھتاج بولىدۇ، بۇ ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى ئامىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۇر تېما تاللاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەمدە پىلاننىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرىدۇ.

ماكان ۋە زامانغا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، تېما تاللاش كۆپ يول ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. زامانغا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ چەكسىز بولىدۇ. چۈنكى تېما تاللاش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ھەمىشە تېما تاللىنىپ يوللىنىپ تۇرىدۇ. ھەربىر مۇھەررىر ھەر زامان ياخشى تېمىلارنى تاللاش ئۈچۈن دىققەت قىلىدۇ. مۇھاكىمە ئارقىلىق تەكلىپ، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېما تاللىنىدۇ؛ تۈرلۈك پەنلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە تېما تاللىنىدۇ؛ تۈرلۈك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ تەتقىقات تۈرلىرىگە ئاساسەن تېما تاللىنىدۇ؛ يازغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق پىلانى ئارقىلىق تېما تاللىنىدۇ؛ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق تېما تاللىنىدۇ؛ نەشرىياتنىڭ فاڭجېن، ۋەزىپىلىرى ئارقىلىق تېما تاللىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇقىرى بىلەن تۆۋەندىن كەلگەن مەسىلىلەرگە، كېرەكلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىش مەسىلىسىگە؛ كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ياكى ئاپتورنىڭ كىتاب چىقىرىش پىلانىغا ئاساسەن كىتاب نەشرى قىلىش مەسىلىسىگە؛ ئاشكارا تېما تاللاش ياكى مەخپىي تېما تاللاش مەسىلىسىگە؛ يۈزەكى قېزىش ياكى تېرەن قېزىش مەسىلىسىگە؛ بىر تۈركۈم تېما تاللاش جەريانىدا ئالدى بىلەن قايسىنى تاللاش ياكى قايسىنى شاللاش مەسىلىسىگە؛ ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە، خېيىم ـ خەتەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تېما تاللاشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ.

## 4

نەشرىياتقا نىسبەتەن تېما تاللاش ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. ئەگەر تېما تاللاش تەدبىرىدە خاتالىق كۆرۈلسە، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتە زور زىيان بولۇپلا قالماي، بەلكى نەشرىياتنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ تەسىر يېتىدۇ. خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ياخشى رول ئوينىيالمايدۇ. تېما تاللاشنىڭ ھەل قىلغۇچلۇق تەدبىرى ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى، سەزگۈ ئارقىلىق تېما تاللاش تەدبىرى بولۇپ، بىۋاسىتە سەزگۈ ئارقىلىق پالانى تېما ياخشىكەن ياكى پۈستانى تېما ناچاركەن دەپ بىۋاسىتە ھالدا تېما تاللىنىدۇ ياكى قالدۇرۇلىدۇ. بۇ تەدبىردە پەن تەتقىقات تېمىلىرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق زۆرۈر تېمىلاردا بۇ ئۇسۇلغا يول قويۇلمايدۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىكى تېمىلاردا كۆرۈلىدۇ. كىتاب مەنىۋى مەھسۇلات بولغاچقا، ئۇنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا بىۋاسىتە سەزگۈنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ؛ ئىككىنچى، تەجرىبە ئارىلىق تېما تاللاش بولۇپ، بۇ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە توپلىغان تەجرىبىلەرگە ئاساسەن تېما تاللىنىدۇ. كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى كۆپ كىشىلەر تەجرىبىلىك كېلىدۇ، ئىشەنچلىك بولىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىپ تاللانغان تېمىمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ، تەجرىبە ئارقىلىق تاللانغان تېما ئىلمىي بولسا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ چەكلىمىلىكى كۈچلۈك بولغاچقا يەنىلا تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ئۈچىنچى، ئىلمىي تېما تاللاش ھەل قىلغۇچ تەدبىر بولۇپ، توغرا، ئىشەنچلىك ئۇچۇر ئىلمىي تېما تاللاشتا ئاساس قىلىنىدۇ. ئىلمىي ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئاخىرى قارار قىلىنىپ، تېما تاللاش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىدۇ، بۇنداق تېما تاللاش پىلانى ئۇچۇردىن ئايرىلالمايدۇ.

تېما تاللاشنى ئىلمىي ئىسپاتلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىزمەت نەشرىياتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلەر بىلەن باشقا ئورۇنلاردىكى كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىم تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ياكى رەددىيە، مۇھاكىمىلىرىنى قويىدۇ، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بۇنىڭ بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چوڭ، مۇھىم تېمىلار تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭدا يەنە خېيىم ـ خەتەر مەسىلىسىنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ بېكىتىلىپ بولغان تېمىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ئورتاق مەسلىھەتلە-

شىپ، پىرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە خادىملار قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا تېما تاللاش پىلانىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، بۇ تېما پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

5

بىز يۇقىرىدا كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئۇچۇرنى ئۆزىگە ۋاستە، ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنداق بولغاچقا، ئۇچۇر مەنبەسى، ئۇچۇر يوللىرى، ئۇچۇر ئوبيېكتلىرىنى ياخشى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇچۇر مەنبەسى دەسلەپكى ئۇچۇر مەنبەسىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇچۇر يولى ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان بارلىق يوللارنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇچۇر ئوبيېكتى توپلىغان ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، خاتىرىگە خاتىرىلەش، كارتوچكىغا يېزىش، مېڭىدە مەھكەم ساقلاش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۈچ مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن ئۇچۇرنى تېما تاللاش مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

كىتاب ئۇچۇرى ئۆزلۈكىدىن نەق تېمىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. ئۇچۇردىن كىتاب تېمىسىغىچە بولغان جەريان سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەررىر نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. كىتاب ئۇچۇرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بىلەن تۇرغۇن ھالىتىنى تولۇق ئىگىلەشكە، يۈزەكى قاتلامدىن چوڭقۇر قاتلامغا ئۆتۈشكە، كۆپ تەرەپلەردىكى ئامىللارنى تولۇق پەرەز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. نۇرغۇن ئۇچۇر مۇھەررىرنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشى ۋە تەكرار - تەكرار تاللىشى، كەسپىي سەزگۈسى ئارقىلىق ئىلمىي ھەم تەييار تېمىغا ئايلىنىدۇ.

دېمەك، ئۇچۇرنى ئىگىلەش، چۈشىنىش، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش - كىتاب تەھرىرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى، شۇڭا نەشرىيات تارماقلىرىنىڭ ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئاپتورى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

(بېشى 100 - بەتتە)

تىياز دەپ قاراپ، ئاپتورلارنى قاقتى - سوقتى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان چاكىنىلاردىن بولماسلىقى كېرەك. مىللىي روھىيەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۇن - تىنسىز تۆھپە قوشۇش ئىدىيەسىنى تىكلىشى زۆرۈر. ئاپتورلار بىلەن غەرەزسىز، سەممىي دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە ياردەم بېرىشى، كۆيۈنۈشى؛ تالانت ئىگىلىرىنى بايقاشقا، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى؛ نەزەرىنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگىلا مەركەزلەشتۈرۈۋالماي، چەت يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاپتورلارنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى؛ يېزا - كەنتلەردە مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىرەر قەلەمكەشنىڭ بولۇشىنىڭ شۇ يەرنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسىگە قانچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىستراتېگىيەلىك تۇيغۇدا تۇرۇپ تونۇشى زۆرۈر. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» بۇ نۇقتىغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، چەت يېزا - قىشلاقلارغا تارالغان خېلى زور ئاپتورلار قوشۇنىنى شەكىللەندۈردى.

3. ئېچىۋېتىش روھىغا باي بولۇپ، يېڭى شەيئىلەرگە ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەك. مۇھەررىر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش روھىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا نامايان قىلىپ، يۇرتۋازلىق، بىكىنمىچىلىك، مەزھەپچىلىكتىن خالىي بولۇشى، ژۇرنالنى شۇ رايوننىڭ ئاپتونوم رايونغا يۈزلەنگەن روھىي كۆزنىكىگە ئايلاندۇرۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئىلەرگە ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ باھاسى ۋە ئىلمىي مۇنازىرىسىگە دېموكراتىك كەيپىيات يارىتىپ بېرىشى زۆرۈر. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» بۇ جەھەتتە بەزى ئەھمىيەتلىك ئىزلارنى قالدۇردى. ئۆز سەھىپىسىدە سىممېترىك (رومبا) شېئىر، ئوبرازلىق شېئىر، مۇۋەششەھ داستان، نەسرىي مۇۋەششەھ قاتارلىق يېڭى شەكىللەردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىي شەكىللەرنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن بىر ئۈلۈش تۆھپە قوشتى.

ئومۇمەن، ژۇرناللارنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى رولىغا، كىشىلەرنى تەربىيەلەش، ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىشتىكى سېھرىي كۈچىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا مۇھەررىرلەر ھەر دائىم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سالماقلىق بىلەن يىراققا نەزەر سېلىپ، دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك.

ئاپتور: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتىمىن

# نورۇز بايرىمى ۋە نورۇز مەدەنىيىتى توغرىسىدا

تۇرغۇن تالىپ

شىنجاڭدا نورۇز بايرىمى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركى تىل سىستېمىسىغا تەۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. نورۇز بايرىمى زور تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى بايراملارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر يىلى مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنلىرى، يەنى شەمسىيە كالېندارى بويىچە كونا يىل ئۆزۈپ، يېڭى يىل باشلىنىدىغان چاغلاردا يېتىپ كېلىدۇ.

نورۇز بايرىمى ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە ھەر خىل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرى ئارقىلىق زىمىستان قىشنى ئۇزىتىپ، يېڭى باھارنى قۇتلۇقلاش، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە يېڭى ھاسىلاتلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قازىنىش، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى، ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تىلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر بىلەن قىزغىن تەنتەنە قىلىنىدۇ.

نورۇز بايرىمىنى خۇشال ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېزا ـ قىشلاقلاردا، شەھەر ـ بازارلاردا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چۆرىدەپ ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلار ئىشلىنىدۇ:

بىرىنچى، كەنت ـ مەھەللىلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئېگىز ـ پەس كاتاڭ بولۇپ كەتكەن يوللارنى تۈزلەيدۇ. بۇزۇلغان كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلىدۇ، بەزى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە مەھەللىدىكىلەر بىرلىشىپ ياكى ساخاۋەتچى كىشىلەر مەبلەغ چىقىرىپ يېڭى كۆۋرۈك سېلىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش چىڭ تۇتۇلۇپ، يېڭىدىن ئورمان قىلىنىدىغان يەرلەر رەتلىنىپ ئورمان قويىلىدۇ، قەلەمچە ئورمان قىلىنىدىغان يەرلەر تەييارلىنىدۇ؛ ئۆرۈك، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، توغاچ قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە كۆز قويۇلۇپ، مېۋە سورتلىرى خىللىنىدۇ؛ كونا باغلارنى رەتلەش، چاتاش، شەكىلگە كەلتۈرۈش، زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر جىددىي ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدىغان ئاق يەرلەرنى ئوغۇتلاش، قۇم قويۇش، ئوسا قىلىش، كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىغا ئوغۇت بېرىش، تىرنىلاش ۋە كانىجىلاش قاتارلىق ئىشلار ئىشلىنىدۇ.

تۆتىنچى، كەڭ كۆلەملىك تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ: مۇھىت تازىلىقى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېغىل ـ قوتان، ھاجەتخانىدىكى قىغ ـ گەندىلەر پاكىزە چىقىرىلىپ، قۇم ـ توپا بىلەن قۇرۇقدىلىدۇ. ھويلا ـ ئارام، ئىشىك ئالدى، يول بويلىرىدىكى دۈۋىلىنىپ قالغان ئوغۇت ـ چىرىندىلەر، شاخ ـ شۇمبىلار، ئەخلەت ـ چاۋالار ئادالىنىپ، پاكىزە، ئازادە مۇھىت بەرپا قىلىنىدۇ. ئائىلە تازىلىقى. كىگىز ـ پالاس، گىلەم ـ شىرداقلار سىرتقا ئەچىقىپ قېقىپ سۈپۈرۈلىدۇ. تام ـ تورۇس، ئىشىك ـ دېرىزىلەر تازىلىنىدۇ. يوتقان ـ كۆرپە، سېلىنچىلار ئاپتاپقا سېلىنىدۇ؛ كىيىم ـ كېچەكلەر يۇيۇپ دەزماللىنىدۇ. بايراملىق كىيىم ـ كېچەكلەر تەييارلىنىدۇ. شەخسىي تازىلىق. ئەرلەر ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى پاكىزە ئالدۇرىدۇ، ئاياللار چاچلىرىنى يۇيۇپ تارايدۇ، كۆيۈمچان ئانىلار قىزلىرىنىڭ چاچلىرىنى يۇيۇپ تاراپ، تال ـ تال بوستان سىكىلەكلەرنى ياسايدۇ. ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن پاك ـ پاكىزە، زوق ـ شوخى بىلەن خۇشال ـ خۇرام نورۇز بايرىمىنى كۈتىۋالىدۇ.

نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ:

بىرىنچى، نورۇز بايرىمى كۈنى ئەل ـ جامائەت سەھەر تۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، سېغىنىشلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ؛ ئەل ـ جامائەت جەم بولۇپ، ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئېقىپ، خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، ئالەمدىن ئۆتكەن جامائەت رەھبەرلىرى، يۇرت چوڭلىرى، ئالىملار، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە چەكسىز ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ئائىلىلەردە ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا

قامۇسچىراغ

چوڭ دەستۇرخان سېلىنىپ، ھەمەك، توقاچ نان، گىردە، سامسا، سامبۇسا، گۆشگىردە، پەرمۇدە، ساڭزا، قۇيماق، پىچىنە ـ پىرەنىكلەر؛ سەيلى، خۇەينى، تورغاچ ئۈرۈك، سەمەت ئۈرۈكى قاتارلىق كەنجى ئۈرۈكلەردىن ۋە يارما شاپتۇل، ئەت شاپتۇل، سېرىق تورغاچ ۋە ئەنجۇرلەردىن پاكىزە قۇرۇتۇلغان گۈلە ـ قاق، پىستە ـ بادام، ياڭاق، چىلان، كىشمىش، ئۈرۈك مېغىزى، قارا ئۈرۈك، يىمىش جىگدە قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەر؛ ئانار، ئالما، ئامۇت، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى لىق تىزىپ، خەلقىمىزنىڭ مەردانە، قولى ئوچۇق، مېھماندوستلۇق خىسلىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، كىشىلەر توپلىشىپ ياكى ئائىلە بويىچە بالىلىرىنى يېتىلىشىپ، چوڭلارنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يوقلاپ پەتىلەيدۇ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ؛ مۆتىۋەرلەرنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلارنى يوقلاپ، ئەل يۇرتنىڭ ھۆرمەت ـ ئىكرامىنى يەتكۈزىدۇ؛ ئاغرىق ـ سىلاق، تۇل ـ خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاجىز ـ مېيىپلاردىن ھال سوراپ، ماددىي ۋە مەنىۋى يار دەملىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تەسەللى بېرىپ، ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ.

تۆتىنچى، كەنت ـ مەھەللە، ئىدارە ـ مەكتەپلەر بىر جامائەت بولۇپ، داشقازان ئېسىلىپ، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ماللار سويۇلۇپ، بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپا، نوقۇت، ماش، پۇرچاق قاتارلىق ھەر خىل زىرائەتلەر دانلىرى، سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپ، شوخلا، يېسىۋىلەك، ئاشكۆكى قاتارلىق ئوتياشلار ۋە گۈلە، قاق، قارا ئۈرۈك سېلىپ ئېتىلگەن ئىناقلىق ـ ئىجىللىك مەناسى مۇجەسسەملەشكەن نورۇز ئېشى تەييارلىنىپ سورۇندىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ھەتتا يولۇچىلارمۇ ئېغىز تېگىدۇ. يېڭى بىر يىلدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە يۇقىرى ھوسۇل، مول نەتىجە ھاسىل قىلىش تىلەكلىرى ئىپادىلىنىدۇ. پىلان ـ تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلىدۇ.

بەشىنچى، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش، ئارقان تارتىش، دارۋازلىق، سارغايدى، ياغاچ ئاياغ، لەگلەك ئۇچۇرۇش، پىلدۇرغۇچ، ئۆلەڭگۈچ، تەپكۈچ ئويناش، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، پۇتبول قاتارلىق ھەر خىل ئويۇنلار ۋە مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىي تۇرمۇشى بېيىتىلىدۇ. ئۇتۇپ چىققانلار جايلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئالتىنچى، مەشھۇر سەيلىگاھ، مەنزىرىلىك جايلار، قەدىمى ئاسارە ـ ئەتىقىلەر، مەشھۇر زاتلارنىڭ مازارلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىگاھى قاتارلىق جايلارغا سەيلى ـ ساياھەت، تاۋاپ قىلىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، يازغۇچى، شائىرلار يېڭىدىن ئىجاد قىلغان نورۇزنامە، شېئىر ـ نەزمىلەرنى ئوقۇيدۇ، ئۇلۇغلارنىڭ شەنىگە مەدھىيەلەر ئېيتىدۇ؛ ئەل ئىچىدىكى داستانچى ـ ھاپىزلار سىيىت نوچى، نوزۇگۇم، سادىر پالۋان قاتارلىق خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ قىسسەلىرىنى تەسىرلىك بايان قىلىدۇ...

ئالتىنچى، ھەر خىل تىپتىكى نورۇز كېچىلىكى، مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مۇقام، ناخشا ـ ئۇسسۇل، قىزىقارلىق ئويۇنلار، نورۇزنامە، مۇھەببەتنامە، شېئىر، نەسر، دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، مەرتلىك، سېخىيلىق، كۆيۈمچانلىق، ئىتتىپاقلىق كۈيلىنىدۇ. ھورۇنلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئوغرۇلۇق، خىيانەتچىلىك، پەسكەشلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەر، ناچار خاھىشلار قامچىلىنىدۇ.

نورۇزلۇق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا نورۇز بوۋاي بولۇپ، كەڭ گىرۋەكلىك ئاق ئەستەرلىك تۇماق، قايتۇرما ياقىلىق ئۇزۇن جۇۋا، قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن، چىرايىدىن باتۇرلۇق، مەردانىلىك يېغىپ تۇرغان، قاۋۇل، بەرجەس، چا ساقال نورۇز بوۋاي، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان كەشتىلىك خورجۇننى يۈدۈپ سورۇنغا كىرىدۇ ۋە سورۇن ئەھلىگە سالام بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ نورۇز بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن «چۆچۈرە قاينام» ئويناۋاتقان بالىلارغا خورجۇندىكى گۈلە ـ قاق، پىستە ـ بادام، چىلان، ياڭاق قاتارلىق يەل ـ يېمىشلاردىن ئۈلەشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ساغلام، ئەدەپلىك، يارامىلىق ئادەم بولۇشىغا ياخشى تىلەكلەر بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر جۈپ يىگىت ـ قىز نورۇز بوۋىنىڭ قىشلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا بەقەسەم تون كىيدۈرۈپ، قىش پەسلىنى ئۇزىتىپ، يېڭى باھارنى ئالقىشلايدۇ. ھەممەيلەن شادىيانىغا چۈشىدۇ.

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت



دوكتور راھىلە داۋۇت تەتقىقات خىزمىتىدىن دوكلات بەرمەكتە



داستانچىلاردىن قۇمۇل ۋەكىللىرى نومۇر كۆرسەتمەكتە





داستانچىلاردىن خوتەن ۋەكىللىرى نومۇر كۆرسەتمەكتە



مەرھۇم داڭلىق داستانچى شاھ مۇھەممەت پاسار داستان ئورۇنلىماقتا



يىغىن ئەھلى داستانچىلارنىڭ ئۆزگىچە نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلانماقتا



نەق مەيدان داستانچىلىق پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى فولكلورگىسى ئاسپىرانتى مۇتەللىپ ئىقبال خەۋىرى ۋە فوتوسى




# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى


دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65_1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137_58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن-كۈمۈش يولى ئاخباراتچىلار سارىيى
8_قەۋەت « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 0991_8552273
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
E_mail : munberim@sina.com
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋا ئۈرۈمچى زۇلقەر ئېلانچىلىق شىركىتىدە لايىھەلەندى
ژۇرنال نامىنى يازغۇچى: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

国内统一刊号：CN65-1147/C
邮发代号：58-137
地址：乌鲁木齐市金银大道新闻大厦
8楼《新疆社科论坛》杂志社
邮政编码：830001
E-mail:munberim@sina.com
电话：(0991)8552273
定价：6.00元
印刷：新疆新华印刷厂

ISSN 1673-1476


# TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG